ئىبراھىم ئالىپ تېكىن ئەسەرلىرى (1)

# مۇھەببەت تەلقىنلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئىبراھىم ئالىپ تېكىن ئەسەرلىرى (1)

# مۇھەببەت تالقانلىرى

(نەسرلەر)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

伊布拉音·阿力甫·特肯作品集/伊布拉音·阿力甫·特肯著. —乌鲁木齐： 新疆人民出版社，2005.3
ISBN 7—228—09343—7

Ⅰ.伊 … Ⅱ. 伊… Ⅲ.文学—作品综合集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I217.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2005）第 020257 号

责任编辑：安尼瓦尔·沙比提
米丽古丽
责任校对：木尼拉·木沙江

**伊布拉音·阿力甫·特肯作品集**（上）（维吾尔文）
伊布拉音·阿力甫·特肯 著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号，邮编 830001）
新疆新华书店发行
新疆宏图印务有限责任公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 13.625 印张 6 插页
2005 年 7 月第 1 版 2005 年 7 月第 1 次印刷
印数：1—3000

ISBN 7—228—09343—7 总定价：60.00 元



ئىبراھىم ئالپ تېكىن

# خەنجەر شولىسى ۋە شەيتان

مۇھەممەتجان ئەمەت يارتېكىن

## (كىرىش سۆز ئورنىدا)

بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئىبراھىم ئالىپ تېكىننىڭ مەزكۇر نەسرلەر توپلىمىنىڭ قول يازمىسىنى كۆرۈپ خېلىغىچە گاراڭلاردەك ئويان - بۇيان مېڭىپ يۈردۈم. بۇ نادانلارچە ساددىلىق ئىچىدىكى مەستخۇشلۇق بولماستىن، بەلكى سەمىمىيەت بىلەن يۇغۇرۇلغان پىكىرلەرنىڭ تاڭ نۇرلىرىغا ئوخشاش تەبىئىي، گۈزەللىكىكە ئىگە قىلىنغانلىقىدىن ئىدى.

ئېھتىمال، چاقناپ تۇرغان گۈزەل يۇلتۇزلاردىمۇ ئادەملەر ياشايدىغاندۇ، بەلكىم ھەممىشە ئۇزلىرىنى تەبىئەت بىلەن بىر جان، بىر تەن بىلىدىغان شائىرلاردۇر. ئۇلار راستتىنلا تەبىئەتنىڭ ئەركە بالىلىرىمۇ؟ بۇ شەك - شۈبھىسىز شۇنداقتۇ ياكى ئۇنداق ئەمەستۇ. مەن تەبىئەتنىڭ باشقا كىشىلەرگە بېرىشكە قىيمىغان

خۇشاللىق ۋە ئازابلارنى شائىرلارغا ئايانماي بەرگىنىــــگە قاراپ شۇنداقمىكىن دەيمەن.

ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ خاتا پىكىرلەرنى قوبۇل قىلماسلىق ھوقۇقى بولىدۇ. مېنىڭ بۇ ئەسەرلەردىكى سەمىمىيەتتىن گۇمان قىلىشقا ھېچقانداق ئاساسىم يوق. ئالىپ تېكىن نەسرلىرىدىكى كىشىلىك ھايات، مۇھەببەت، تەقدىر ـ قىسمەت، ھەقىقەت، پاكلىق ۋە ئۆلۈم مەسىلىلىرى ئۈستىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشلار، ياخشىلىق ۋە ساخاۋەت ھەققىدىكى خىتاپلار، تەپەككۇر چېقىنلىـــرى يۈز ئاچقاندىكى چاقناپ تۇرغان مېھرىبانلىقنىڭ ئالماس شەبنەملىرى ھەرقانداق بىر ئادەمنى ئادەم ۋە ئالەم ھەققىــدە قايتا ـ قايتا ئويلىنىشقا ئۈندەيدۇ. ھاياتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقـــى بىـــزگە بېرىلگەنمۇ؟ بىز قانداقلارچە بۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق؟ ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى نېمە؟ ئاشۇ شانۇ شەۋكەتلىك نام ـ ئاتاقلار، پارقىراپ تۇرغان ئالتۇنلار بىزگە قاچانغىچە ھەمراھ بولىــدۇ؟ ئەپسۇسكى، بىز بۇ ھاياتتىن مەلۇم مەزگىل پايدىلىنىش ھوقۇقىغىلا ئىگە. ئۇ: «باھار قۇشلىرى ئۇچۇپ كەتتى، سېنىڭ كېتىدىغان ۋاقتىڭمۇ بولۇپ قالدى. . . يوپۇرماقلار سارغىيىشقا باشلىغان چاغدا سەن ئاشۇ ئېغىر، ئاپئاق بۇلۇتلارنىڭ باغرىغا قاراپ ئاستاغىنا ئۇچۇپ كەتتىڭ. . . » («ياشلىق جىلۋىسى» دىن) دەپ يازغانىدى. ئۇ يەنە شەربەتتەك تاتلىق سۆيۈشلەر، سەبىرگە تويۇنغان ئۇمىدۋار كۈتۈشلەر ھەمدە تاشلارنىڭ ئېغىر سۈكۈتلىرى ھەققىدە يازغانىدى. ئۇ يەنە قاراڭغۇ ھىــجران ۋە يۇلتۇزلۇق ئاسماندەك تەبەسسۇم قىلىدىغان پارلاق ۋىسال توغرىلىق ئويلانغانىدى. مەن بۇ نەسرلەرنى ئوقۇۋېتىپ بەزىدە ئادەملەرنىڭ ھايات تەلقىنلىرى ئىچىــدىكــى

نىدالىرىنى ئاڭلىسام، بەزىدە يىڭناغۇچلارنىڭ ئىنچىكە قاناتلىرىنى تىترىتىپ پەرۋاز قىلىۋاتقاندىكى ياشاش شادلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم، يەنە بەزىدە شىپالىق بىر قولنىڭ ھاياتنىڭ كونا جاراھەتلىرىگە ئاۋايلاپ مەلھەم بېسىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم. مەن يەنە ھەققانىيەت خەنجىرىنىڭ يارقىن شولىسى ئاستىدا دىر - دىر تىترەۋاتقان ھالسىز شەيتانىنىمۇ خىيال قىلدىم. غالىبلار بىلەن مەغلۇپلارنىڭ قەبرىسى ئوخشاشلا مۇشۇ تۇپراق ئۈستىدە بولىدۇ. تالاي يىللاردىن كېيىن ھەر ئىككىسىنى ئەسلەيدىغان ئادەم قالمايدۇ، شۇڭا بىز بىروۋنىڭ رەسۋالىقى ئۈستىدىن ئۇزاق كۈلۈۋېلىش پۇرسىتىنى كۈتمەسلىكىمىز لازىم. بۇ شۇنچىلىكلا بىر ئالەم، باغقا كىرىش ئىستىكى — مېۋىلەرنىڭ جەزبىدىن بولىدۇ، گۈلزارلىققا قەدەم ئېلىش — گۈزەل رەڭلەر بىلەن خۇشپۇراقلارنىڭ چەكسىز سېھرىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقىدىن، نەسرگە كىرىشىمۇ مەنە ئىزتىراپىدىن بولىدۇ. مەن بۇ نەسرلەرنىڭ بەدىئىي بالاغىتى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئەزىم مەنىلىرى توغرىلىق سۆزلىمەكچى ئىدىم. چۈنكى ھاياتقا بولغان ئوتتەك قىزغىن مۇھەببەت، ئاددىي، دەبدەبىسىز ئىبارىلەر ئارىسىدىن خۇددى گۈزەل تاڭ نۇرىدەك بالقىپ تۇرغان سەمىمىيەت بۇ ئەسەرلەرگە ئالاھىدە جەلپكارلىق ئاتا قىلغان. مەن شۇنداق ئويلايمەن، دۇنيا يالغان - ياۋىداقلار تەرىپىدىن ھاپ ئېتىۋېتىلگەن تەقدىردىمۇ، شائىرنىڭ يۈرىكىدە سەمىمىيەتنىڭ ئاخىرقى تەبەسسۇملىرى يەنىلا جىلۋە قىلىپ تۇرسا كېرەك.

خىيال دېگەن ئايىقى چىقماس سەپەر. ئادەم خىيال ئارقىلىق ھەممىگە ئېرىشەلەيدۇ. تەپەككۇر — جاۋاھىراتلار بىلەن

تولدۇرۇلغان تۈگۈمەس خەزىنە، ھەركىم ئۆنىڭدىن ئۆزى ئىزدىگەن مەنىلەرگە ئېرىشىدۇ. ئەمدى سىز بۇ يېقىملىق كۈيلەرگە قۇلاق سالغايسىز.

2005 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

# مۇندەرىجە


دۇنيا ........................ 1
يۈكسەك ئىنسان ........................ 2
پاكلىق ........................ 4
بۇ يەر ........................ 6
سۆيۈش ........................ 7
خارلاش ........................ 8
ھېسداشلىق ........................ 10
بالىلار ........................ 11
ھايات ........................ 13
بىر كۆنلۈك ئىش ........................ 14
ئانا تىلىم ........................ 16
تاللاش ........................ 19
بۈگۈنگە مۇھەببەت ........................ 21
توختام سۇ ........................ 24
دۇنياغا مەنسۇپ ئادەملەر ........................ 26
ئادەمنىڭ نوپۇزى ........................ 27
توغرا يولدىن ئېزىش ........................ 28
قەيسەرلىك ........................ 29
نېمە ئۈچۈن ........................ 30
ئانىسىنى ئەسلەش ........................ 31
بۈركۈت قانىتى ........................ 32
سوغۇق نۇر ........................ 34
ئۇنتۇلغان دېڭىز ........................ 35

گۈل تۇزانلىرى ........ 36
سېنىڭ تىلىڭ ........ 38
بىز نەگە كېتىۋاتىمىز ........ 42
مۇزىكا تومۇرى ........ 44
نورۇز گۈلى ........ 46
سېغىنىش ........ 48
ساراڭ ........ 49
ئورمان ........ 50
بېشىڭدىكى ئوت ........ 52
گۈزەللىك ناخشىسى ........ 54
شىۋىرغان ........ 56
ھەسەل ھەرىسى ........ 57
شېرىنلىك ........ 59
تۇمارىم ........ 60
ئەللەي ناخشىسى ........ 62
مەن ........ 64
تاش قەسىدىسى ........ 66
تىرىلىش ........ 70
يىغلىتىش ........ 71
تۇنجى شېئىر ........ 73
كەچكى شەپەق ........ 74
يولۇچى ........ 75
ياق ........ 76
مەن كىم ........ 77
ئادىشىش ........ 79
يالغۇزلۇق ........ 81
دېڭىز تامچىسى ........ 83
سەگەكلىك ........ 84

چىۋىن ۋە تاشپاقا ........ 85
تەقدىم ........ 86
قونالغۇ ........ 87
ۋاقىت ........ 88
دوقمۇش ........ 89
نەپەس ........ 91
گۈلچى ........ 93
سۆيگۈ ئىزلىرى ........ 94
بەخت تىلەش ........ 96
دادا، قاچان قايتىپ كېلىسىز ........ 98
باغۋەن ........ 103
تاللاش ........ 105
ئىشەنچ ........ 106
كۆرۈشۈش ........ 107
ياشلىق جىلۋىسى ........ 108
ھۇۋقۇش سايرىغان كېچە ........ 109
شەيتان ........ 111
چىراغ نۇرى ........ 112
مايسا ........ 113
ئىبادەت ........ 114
ئۇۋا ........ 116
قاراش ........ 118
شائىر ........ 119
قېيىق ........ 120
چاقىرىق ........ 122
قۇش ........ 123
بالىلار ئەركىن ئۇچسۇن ........ 124
تۇرمۇش ........ 126

تەشنالىق ............ 127
ئەڭ گۈزەل ئاۋاز ............ 128
تىنچلىق ............ 130
ئالتۇن چەمبىرەك ............ 132
چىراغ ............ 133
ئەگەر مەن ............ 134
دانىشمەن ............ 136
كۈتۈش ............ 137
سەۋر ............ 138
سۆيگۈ چېچەكلىرى ............ 139
قارا كۆزلەر ............ 158
مېنىڭ بىر كۈنۈم ............ 159
مېنى سۆيۈپ قويساڭلارچۇ ............ 161
پەرزەنت سۆيگۈسى ............ 162
ئاي ............ 164
ھايات سۈنتلىرى ............ 166
خارلاش ............ 175
پەيت ............ 176
يىراق ............ 178
بۇ يەردە ............ 179
لەنتى ............ 181
سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ ............ 183
بەخت دەرىخى ............ 186
سۆيگۈ مەكتۇپلىرى ............ 187
بەخت ............ 195
مۇزىكا ............ 196
دادا، ئانامنى ئاسراڭ ............ 197
ئوقۇتقۇچى ۋە مەن ............ 201

تارىم دەرياسى ..... 205
نۇزۇگۇم ..... 206
تاشۋاي ..... 207
سىيىت نوچى ..... 209
ئىنساپ ..... 211
هالاكەتتىن قۇتۇلۇش ..... 213
بالىسى ۋە دادىسى ..... 215
ئوت ..... 217
كەپتەر ۋە كەپتەرۋاز ..... 218
قۇش باققۇچى ..... 219
ئۆلۈم ناخشىسى ..... 220
ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش ..... 221
نېمىشقا ..... 222
خالاستان ..... 224
مىراس ..... 233
خازان ئۆمۈر ..... 235
پاسىق ..... 236
دېھقان يىگىت ..... 237
خۇراپاتلىق ..... 238
ئاقسۇ قىسسىسى ..... 240
دادام ..... 244
ئاق ئەتىرگۈل ..... 246
بىر تۇپ سۆگەت دەرىخى ..... 248
بوۋام ئېيتقان ناخشا ..... 250
قاپاق تېرەك ..... 251
ئورمان ..... 253
يىلتىز ..... 254
يېشىل نۇر ..... 256

چاقماق ناخشىسى ........ 258
بوران ناخشىسى ........ 258
ئانا قەسىدىسى ........ 259
قار ........ 261
گۈل ۋە شۈمبۈيا ........ 262
ساختا تەبەسسۇم ........ 263
قەترىلەر ........ 264
مېنىڭ ئانام — ئاشۇ قەلبى نۇر ........ 274
قېرى دەرەخ ........ 277
شېرىن خىيال ........ 278
ئېھ، يىراقتىكى مەيىن سابا ........ 279
جىمجىت تۈننىڭ سالقىن شامىلى ........ 280
بۇلۇت ........ 281
تەسىرات دېڭىزىدىن ئۈنچىلەر ........ 282
نۇر گۈلدەستىسى ........ 287
مەن شۇ ........ 289
ئوچۇق چىراي ........ 295
پەرق ئېتىش ........ 297
ناتونۇش ........ 299
چېچەك ........ 300
كۆرۈپ تۇرۇش ........ 301
سەۋدا ........ 302
تەڭرى ........ 304
قۇرت ........ 305
چۈمۈلە ........ 306
مەسخىرە ........ 308
ھەيكەلتىراش ۋە شەيتان ........ 309
تەقدىر ........ 311

قەلەندەر ........................ 312
مۇراجىئەت ........................ 314
قىز ۋە دېڭىز ........................ 315
كېچە ........................ 316
مېنىڭ دىلدارىم ........................ 318
كۆتۈش ........................ 320
شاھىنشاھ ........................ 323
پاشا ........................ 327
بوۋاق ........................ 327
گۆھەر ........................ 328
گۈل ........................ 329
چەكسىز ئىنسانپەرۋەرلىك ........................ 330
چايان دېگەن ........................ 332
ئەلۋىدا، يىگىرمە سەككىز ياش ........................ 333
مەن يوق ........................ 336
سەن يوق ........................ 341
شوتا ........................ 345
رەسىم ........................ 347
شائىر ........................ 348
باھار قۇشى ........................ 350
قاناتلىق ئادەم ........................ 365
بالىلار دۇنياسى ........................ 377
سۆيگىنىم سەن قەيەردە ........................ 393
ھايات شۇ قەدەر گۈزەل ........................ 395
ئىنسانىيەت ........................ 396
مەيۈسلەنمىگىن ........................ 397
باھار كېلىدۇ ........................ 398
سۆزلەش ........................ 399

كېسەللىك ........................ 401
يول سوراش ........................ 402
ئىككى خىل ئادەم ........................ 404
بۈيۈك پەلسەپە ........................ 405
سىنىڭدە بىر گۈزەل روھ بار ........................ 406
بىر بالىنىڭ ئىلتىجاسى ........................ 408
ھەقىقىي دوست ........................ 409
دادام ۋە بىز ........................ 410
ئادەمنىڭ باھار پەسلى ........................ 411
ئەگەر سەن ئۆز تۇرمۇشۇڭدىن مەمنۇن بولساڭ ........................ 412
قاراڭغۇ پەيت ........................ 413
ئازغۇنلۇق ........................ 414
مۇقەددەس سەپەر ........................ 415
ئۆكۈنۈش ........................ 416
سۈكۈت مەرسىيىسى ........................ 417
مۇكەممەل ئادەم بولۇش كېرەك ........................ 419

## دۇنيا

بىر دانىشمەن يەنە بىر دانىشمەندىن سورىدى:

— ئەي، ئىنسانلارنىڭ چىرىغى، ئېيتقىنا، «دۇنيا» دېگەن نېمە؟

دانىشمەن جاۋاب قايتۇرغۇچە، زېمىندىن شۇنداق سادا كەلدى:

— دۇنيا دېگەن بىر كۆكسىدىن خۇشاللىق ـ شادلىق، يەنە بىر كۆكسىدىن ئازاب ـ ئوقۇبەت تېمىپ تۇرغان ئانا؛ بىر تېمى قوپۇرۇلۇپ، يەنە بىر تېمى تېخى پۈتمىگەن بىنا؛ بىر بۇلدۇقلىسا سۆيگۈ ـ ۋاپا، ساداقەت، يەنە بىر بۇلدۇقلىسا قەھرى ـ غەزەپ، باغرى تاشلىق ئېتىلىپ چىقىدىغان توختىماس بۇلاق؛ بىر شېخىدا ھەق ـ ئادالەت، چىنلىق، يەنە بىر شېخىدا ساختىلىق، رەزىللىك مەي باغلىغان مېۋىلىك دەرەخ؛ بىر ئۇدارى مۇڭ ـ ھەسرەت، خاپىلىق، بىر ئۇدارى يېقىملىق كۈلكە بىلەن يۇغۇرۇلغان لەرزان مۇزىكا!

كۆكتىن شۇنداق سۆزلەر زاھىر بولدى:

دۇنيانى قانداق تونۇش پەقەت سىزنىڭ قەلبىڭىزنىڭ قانداقلىقى، ئەقىل ـ پاراستىڭىزنىڭ قانچىلىكلىكىگە باغلىقتۇر.

# يۈكسەك ئىنسان

ئايغى چىقماس كۆل سۈيىنىڭ سىرىغىنى سىرىغان. ئۇ جىمجىت ھايات. ئەنە شۇنداق ھاياتلا سىرىشقا لايىق، ھېچكىم ئۇنىڭغا كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرمايدۇ.

روھى مەجرۇھ، ئېتىقادى پۇرلاشقان كىشى دۇنيادىكى بىردىنبىر يارىماس كىشىدۇر. ئۇنداقلارنىڭ روھىي مېيىپلىقى تەقدىرنىڭ مەڭگۈ كاجلىقىنى قوزغايدۇ. تەقدىر ھەدېگەندىلا ئۇلارنى تەستەكلەپ ، دۆشكەلەپ تۇرىدۇ. بۇنداق تەستەكمۇ كار قىلمىسا، ئۇ گويا تىنىق كۆلدەك بارا ـ بارا سىرىپ تۈگەيدۇ، ھەتتا ئالەمدە ئۇنىڭ ئىزناسىمۇ قالمايدۇ.

مەن باتۇر كىشىلەرنى ھۆرمەتلەيمەن، سۆيىمەن، ئۇلارغا دوستلۇق مەكتۇپى يوللايمەن، چۈنكى ئۇلاردا قەيسەر ئىرادە، شىجائەت ھايات مەنزىللىرىدە نۇر بولۇپ يانىدىغان ئۈمىد بار. ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەرقاچان ياخشىلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ؛ ئاجىزلار ئۇنىڭ سايىسىدە پاناھلىنالايدۇ، ئادالەت شەمشىرى ئۇلارنىڭ يېنىدا پارقىراپ، كىشىگە خاتىرجەملىك بەخش ئېتىدۇ. ئۇلار يۈكسەك ئىنسانلاردۇر.

روھى مەجرۇھلار نېمە قىلالىسۇن؟ ئۇلار دەريادا ئېقىپ كېتىۋاتقان سەبىي بالىنى قۇتۇلدۇرۇشقا جۈرئەت قىلالامدۇ؟ دۈشمەنگە شىددەتلىك ئوت ئاچالامدۇ؟ ھاقارەتلەنگەن قەلبنىڭ جاراھىتىگە مەلھەم سۈرتەلەمدۇ؟ ئۇنىڭدا مېھىر ـ مۇھەببەت كۈيىنى ئاڭلىيالايدىغان سەزگۈر قۇلاق، ئاياغ ئاستىدا چەيلەنگەن نازۇك گۈلنى كۆرەلەيدىغان ئۆتكۈر كۆز بارمۇ؟

روھى مەجرۇھلار يارىماسلىقتىن قۇتۇلالمىــــسا، ئۇ تارىخ ئىچىدىكى كۆڭۈلسىز بىر تىنىق خالاس؛ يۇكسەك ئىنسان ھەممىگە تەييار، ئۇ گويا جەڭگە ئاتاپ توقۇپ قويۇلغان تۇلپارغا ئوخشايدۇ.

# پاكلىق

بارلىق روھىي بايلىقلار ئىچىدە ئەڭ ئىپتىخارلىقى پاكلىقتۇر. جىسمى ۋە روھى پاكلىق ئارقىلىقلا بەختكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

پاكلىق — ئىنسانىيەت ھايات يولىنىڭ نۇرلۇق كومپاسى. ئۇ ئارقىلىق بىز يىراقتىكى ئىزنالىرىمىزنى ئىزدەپ تاپالايمىز.

پاكلىق — روھنىڭ يىلتىزى، پاك بولمىغان دەرەخنىڭ مېۋىلىرى قۇرۇتلاپ كەتكەندەك، پاك بولمىغان روھتا بىلىمنىڭ چېچىكى مېۋە بەرمەيدۇ.

پاكلىق — بىزنى ياراتقۇچىغا يېقىن قىلىدۇ، ئەۋلىيالار بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ، پەرىشتىلەرنىڭ ناخشىسىنى تىڭشاتقۇزىدۇ. ئىنسان خىسلىتىنىڭ يارقىن سىماسى، گۈزەل ھاياتنىڭ بەخت غۇنچىسى، ھاياتنىڭ قىممىتى پاكلىق ئىچىدە بولىدۇ.

پاكلىق — بىزنى قىزىلگۈل، ئىپار ئارىلاشتۇرۇلغان ئەڭ گۈزەل ھاۋالاردىن نەپەسلەندۇرىدۇ.

پاكلىق — ياراتقۇچىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ناخشىسى. ئۇ پاك بولغۇچىغا ئەڭ سەمىمىي ۋە ئەڭ يېقىن.

پاكلىق — بەخت، پاكلىق — تەخت، پاكلىق — مۇھەببەت، پاكلىق — مېھنەت.

بىز بۇ ھاياتلىق مۇساپىمىزدە قۇياش نۇرى، تاغ سۇلىرى، يېتىملەر كۆز يېشى، باھار، بۇلۇت، ياز چېچەكلىرى... قاتارلىق نۇرغۇن پاك نەرسىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىمىز. بىز ئۇ نەرسىلەرگە تەلپۈنىمىز ھەم ئىنتىلىمىز. چۈنكى ئىنسانلار پاكلىقنى سۆيىدۇ.

پاكلىق بار يەردە بەرىكەت بولىدۇ. پاكلىق بار يەردە نۇسرەت بولىدۇ.

پاكلىق — سۇ، ئۇ مەينەتنى تازىلايدۇ؛ پاكلىق — ئوت، ئۇ زۇلمەتنى كۆيدۈرىدۇ.

ئەي، بىلىپ - بىلمەي پاكلىقنى ئاياغ ئاستى قىلىۋاتقانلار، شۇنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلاركى، بىزنى شەرەپ سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىدىغىنى پەقەت پاكلىق، خالاس.

## بۇ يەر...

مەن بۇ يەرگە ھەۋەس قىلىمەن، تەلپۈنىمەن. ئۇ يەردىكى كىشىلەر ھەققىدە دائىم خىيال قىلىمەن.

بۇ يەردە، بىزگە چىرايلىرى تونۇش، ۋۇجۇدىدىن مۇھەببەت يانغان، كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان كىشىلەر ياشايدۇ.

بۇ يەردە، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىنى ئۆزىنىڭ ھاياتىدەك ھىمايە قىلغۇچى يۈكسەك كىشىلەر ياشايدۇ.

بۇ يەردە، سەرگەردان باللارنىڭ غەمگۈزارى، نامراتلارنىڭ بۇزرۇكۋارى، يېتىم - يېسىرلارنىڭ باشپاناھلىرى ياشايدۇ.

بۇ يەردە، ئۆزلىرىنىڭ بارلىق بەخت - سائادىتىنى باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن پىدا قىلغان گىگانت كىشىلەر ياشايدۇ.

بۇ يەردە، غۇرۇر سەگەكلىشىدۇ، ۋىجدان ئويغىنىدۇ، ئارزۇ - ئىستەكلەر چېچەكلەپ ئارمىنىغا يېتىدۇ.

بۇ يەردە، ئېتىقادسىز كىشىلەر ئېتىقادىنى، مۇھەببەتسىز يۈرەكلەر مۇھەببەتنى تاپىدۇ.

بۇ يەردە، ئەڭ ئېسىل ئادەملەر تۇغۇلىدۇ.

بۇ يەر — ئاقباش تاغلارنى چوڭ قىلغان، قۇم بارخانلىرىنى چېچەكلەتكەن، بوستانلارنى گۈللەتكەن ئانا يۇرت.

# سۆيۈش

سۆيىمەن سېنى ئەي يېشىل كائىنات، زېمىنغا ئانا مېھرىدەك تۆكۈلگەن ئاپتاپ؛
سۆيىمەن سېنى شېرىن كېچىدىكى يۇلتۇزسىــــــز ئاسمان، شەپەقلەردەك جۇلالىق كۈمۈشرەڭ داۋان؛
سۆيىمەن سېنى سەبىي تىلىدا ناخشا ئېيتقان كىچىك ئېقىن، تاغلارنىڭ كۆكسىنى چەككەن تەتۈر چېقىن؛
سۆيىمەن سېنى پىشقان قىــــزىلگۈل، گۈلەخلەردەك ناخشا ئېيتقان سۇنۇق كۆڭۈل؛
سۆيىمەن سېنى، ئەي، مېنى تۇغقان ئۇلۇغ دەرىخىم، ئانا ماكان!

# خارلاش

سەن ئۆزۈڭگە ئىشەنمەيسەن. سەن ھاياتلىقتا قەدەم قويغىلى شۇنچە ئۇزاق يىللار بولغان بولسىمۇ، تېخى ئۆزۈڭ ھەققىدە بىرەر قېتىم ئەستايىدىل ئويلانغىنىڭ يوق. باسقان ھەربىر قەدىمىڭدە ئۆزۈڭنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭغا گۇمان بىلەن قارايسەن. سەن روھىڭنى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاختۇرىسەن، لېكىن بىردەمنىڭ ئىچىدىلا زېرىكىپ كېتىسەن. سەن «قەلبىمدە ئۈمىد – ئارزۇ يوق» دەپ قارايسەن، شۇڭا ئىزدەنمەيسەن، ئاقىلانە تەپەككۇر قىلمايسەن.

بوستانلارغا قاراپ سەن ئۆزۈڭنى «قۇرۇغان دەرەخ» دېدىڭ؛

دەريا ساھىلىدا ئولتۇرغىنىڭدا ئۆزۈڭنى «سۇسىز دەريا» دېدىڭ؛

ئۆز ھىدى بىلەن ھاۋانى خۇشبۇي قىلغان سەرخىل گۈللەرنى كۆرگىنىڭدە «مەن سولاشقان گۈل» دېدىڭ؛

ئەگرى – بۈگرى يوللارنى ئارقاڭغا قالدۇرۇپ، بىپايان دەشت – باياۋاندا سەپەر قىلغىنىڭدا: «ئەي، گىياھ ئۈنمەس چۆل، يۈرىكىمگە ئوت كەتكەن قاقاسلىق، مېنىڭ ۋۇجۇدىممۇ سەن بىلەن ئوخشاش» دېدىڭ.

ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاسمانغا ئۈنسىز تىكىلىسەن. چەكسىز قىزغىنلىقتا تولغان ئانا – بالا كەپتەرلەر باش ئۈستىڭدىن ئەگىپ ئۆتكەندە، ئۆز – ئۆزۈڭگە: «مېنىڭ قانىتىم يۇلۇپ تاشلانغان» دەپ شىۋىرلايسەن...

سەن ئۆزۈڭگە ئىشەنمەيسەن، سەن بۈگۈنگە قەدەر ئۆزۈڭگە ئىشىنىپ باقمىدىڭ.

كۆڭلۈڭدىكى سىرىڭنى يوشۇرما، ئۆز - ئۆزۈڭنى خارلىما. . . بىلەمسەن، ھاياتلىق پەقەت ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەنلا ئەھمىيەتلىكتۇر.

# ھېسداشلىق

مەن يىقىلىپ كەتتىم. سەن ئارقاڭغا قاراپلا: «ۋاي جېنىم قوزام» دېگىنىڭچە مېنى دەس تۇرغۇزۇپ قويدۇڭ. ئەگەر مەن سېنىڭ بالاڭ بولماي، ئىگە ـ چاقىسىز بىر قەلەندەر بالا بولۇپ ئازراق سەدىقە ئۈچۈن ساڭا قول ئۇزاتسام، سەن ماڭا قاراپ قوياتتىڭمۇ؟ ئەگەر مەن سېنىڭ بالاڭ بولماي، باشقا بىر كىشىنىڭ بالىسى بولۇپ يىقىلىپ كەتكەن بولسام، سەن مېنى ئورنۇمدىن تۇرغۇزۇپ قوياتتىڭمۇ، ئانا؟

باشقىلار مېنى ئۇرۇپ يۈز ـ كۆزۈمنى قانغا مىلىگەندە، يېنىڭغا يىغلاپ كىرسەم سەن ماڭا ھېسداشلىق قىلىپ، مېنى ئۇرغانلارغا غەزەپلەندىڭ، تاش ئېتىپ ئۇلارنى قوغلىدىڭ. ئەگەر مەن سېنىڭ بالاڭ بولماي قالسام، شۇ چاغدا سەن «خوپ بوپتۇ، سەن ئاشۇنداق تاياققا لايىق» دەرمىدىڭ؟ ئەپسۇس، مەن سېنىڭ بالاڭ.

ئانا، مەن لاچىن سوققان ئانا كەپتەرنىڭ يېتىم قالغان باللىرىنى كۆرگەنىدىم. ئۇلارنىڭ بېشىغا ئۆلۈم يېقىنلاشقاندا، باشقا بىر ئانا كەپتەر ئۇلارنى ئۇچۇرما قىلدى. ئۇ ئۆز ئەقىدىسىدىن مەمنۇن بولدى. كەپتەر باللىرىمۇ ئانا كەپتەرگە ئۆز سۆيگۈسىنى بەردى.

ئانا، ئەگەر مەن بىر ئانا بولۇپ قالسام، چوقۇم ئاشۇ ئانا كەپتەردەك بولغان بولاتتىم.

## باللار

**ئادەم گۆشى يېمەيدىغانلار بارمۇ؟ باللارنى قۇتقۇلدۇرۇڭلار.**
**— لۇ شۈن**

باللار — بىزنىڭ باللىرىمىز، بىزنىڭ يۈرەك پارىلىرىمىز، بىزنىڭ بۇگۈنىمىز ۋە ئەتىمىز، بىزنىڭ بەختىمىز ۋە كەلگۈسىمىز.
بىر دانىشمەن بۇ شەھەرگە تۇنجى رەت قەدەم بېسىپ، باللار ئارىسىغا باردى. باللار ئۇنى ئورۇۋالدى. ئۇ، باللارنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «باللارنى سۆيۈش — ۋەتەننى سۆيۈش، ئۇلارنى ئاسراش مۇھىتنى ئاسراش، ئۇلارنى قوغداش زېمىننى قوغداش دېمەكتۇر.
ئەي كىشىلەر، پېشانىسىگە ھەرخىل قىسمەتلەر پۈتۈلگەن بۇ باللار ھەققىدە، باللارنىڭ بەختى، ئىستىقبالى ھەققىدە پاراڭ قىلىڭلار. ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاڭلار، ئۇلارغا ھالال مېھنەت بىلەن ياشاشنى ئۆگىتىپ شەپقەت يەتكۈزۈش — ئۇلار ئۈچۈن بەخت ۋە ئىقبالدۇر. ئۇلارنىڭ قەلبى گويا باھاردىكى يۇمران مايسىغا ئوخشايدۇ. سىلەرنىڭ مېھرىڭلار ئاشۇ يۇمران مايسىغا ھاياتلىق ئاتا قىلىدىغان يىلتىزدۇر.
ئەي ئۇلۇغ كىشىلەر، قەلبىڭلارنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىن يىلىنجاپ تۇرغان ئارمىنىڭلار ئاشۇ باللار ئەمەسمۇ؟ كېچىلىرى يۇلتۇزلارنىڭ ئارىسىدىن ئىزدىگىنىڭلار ئاشۇ باللار ئەمەسمۇ؟ ئۇلار سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا. ئۇلار ناخشا ئېيتقاندا قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار. ئۇلارنىڭ ناخشىسى سىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ، ئۇلارنىڭ ناخشىسى سىلەرنى ئويغىتىدۇ. ئۇلار پېشىڭلارغا

ئېسىلغاندا سىلكىپ تاشلىماڭلار. ئۇلارنىڭ مەسۇمە چىرايىغا قاراپ بېقىڭلار، ئەتراپىڭلاردىكى ھەرقانداق نەرسە ئاشۇ بالىلارنىڭ مېھرىدىن ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس ئەمەس...»

دانىشمەن گېپىنى تۈگىتىپ، گۇگۇم چۈشكەندە بۇ شەھەردىن كەتتى. كىشىلەر ئۇنى يەنە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلدى.

# ھايات

دوستۇم، ھاياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

ھايات — دەل سەن بىلىپ تۇرۇپ قەدىرلىمىگەن ۋاقىت؛ بىلىپ تۇرۇپ سۆيمىگەن ئۆزۈڭ؛ چەكسىز سۆيۈشكە تەشنا مۇھەببىتىڭ، شۇنداقلا سېنىڭ ھازىرىڭ؛ پۇرسەت، خىرىسقا تولغان بۈگۈنۈڭ ھەم ئۆز تەدبىرىڭگە باغلىق بولغان كەلگۈسىڭمۇ ئوخشاشلا ھايات. ھاياتنىڭ سېنى قانچىلىك ئەزىزلىشى سېنىڭ ئۇنى قانچىلىك سۆيۈشۈڭگە باغلىق!

سەن ھاياتلىقنىڭ ئىنئامىغا مۇيەسسەر بولۇشنى ئىزدەمسەن؟ ئۇنداقتا، ھاياتلىققا كۆڭۈلدىكىدەك تۆھپە قوش! ئۇ سېنى ھەربىر تىنىقىدا باخاشلاپ، سۆيۈپ تۇرىدۇ.

# بىر كۆنلۈك ئىش

بىر كۈنلۈك ئىشىمنى باشلىماقچى بولدۇم.

شەرق ئۇپۇقىدىن قۇياش تېخى كۆتۈرۈلمىدى. ئايىغىمنىڭ تىۋىشى سەھەرنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى. دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىكى قۇش ئۇۋىلىرىمۇ روھلۇق ۋە خۇشخۇي ھالدا مىدىرلىدى. قۇش ئۇۋىسىدىكى بەختلىك، تىنىق كۆزلەردىن نۇر تۆكۈلدى. ئۇلار دەرەخ شاخلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ مەستانە كۈيلىرىنى ياڭرىتىشقا باشلىدى. ھەممە ئويغاندى، قۇشلار نەلەرگىدۇر ئۇچۇشۇپ كۆزدىن غايىپ بولۇشتى.

بىر كۈنلۈك ئىشىمنى ئىشەنچ ۋە ئۈمىدكە تولغان ھالدا باشلىۋەتتىم. مەقسىتى ۋە بۈيۈك ئارزۇسىنى يوقاتقانلارنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ قويۇپ قايتىپ كەلدىم؛ تار ئەقىدە، ئەرزىمەس خىياللار قويىنىغا ئەسىر بولۇپ كەتكەنلەرنى ئويغاتتىم؛ ئەقىدە - ئىخلاس يوللىرىدىن ئاداشقان كىشىلەر ئارىسىدىمۇ بولدۇم؛ كۆڭۈلچەك ۋە ئاق كۆڭۈل ئەزىملەرنىڭ سارايلىرىدا بەزمە قىلىۋاتقان بىچارە ئالدامچىلارغا لەنەتتىن ئوق ياغدۇرۇپ، قىلمىشى ھەققىدە ئاگاھلاندۇردۇم؛ پاك يۈرەكلەرنى يېنىش - يېنىشلاپ سىلاپ، تومۇرلىرىغا ئىسسىق، جۇشقۇن قان تەقدىم قىلدىم. مەن ئەتراپىمغا قاراپ شۇنداق خىتاب قىلدىم: «ئەقىللىق ، چېۋەر، قورقۇمسىز ، تىرىشچاق كىشىلەر ئۈچۈن ئالەم چەكسىز سەيلىگاھ، ئۇ ھېچقاچان ھۇرۇن، نادانلارنىڭ نەزىرىدىكىدەك زۇلمەت ئەمەس، تارمۇ ئەمەس. يۈكسەك غايە ئىنسان قەلبىنى نۇرلاندۇرۇپ تۇرسىلا، ئىنسان ئۆز بەختىنى ئۆزى كۆڭۈلدىكىدەك

لايىھىلىنىۋاللايدۇ! »

بىر كۈنۈم چاقماقتەك ئۆتۈپ كەتتى. قىلچە چارچاش، ھارغىنلىق ھېس قىلمىدىم. قانلىرىم ئۇرغۇپ، لەۋلىرىم تەبەسسۇمغا ئاداش بولۇۋاتاتتى. جاننى ھۇزۇرغا ئىرىشتۈرىدىغان ئۆيۈم نەدە قالدىكىنە؟

ھېلىقى قۇشلار بىر ـ بىرلەپ ئۇچۇپ كېلىشتى. بىپايان زېمىندىن ئۆز قامىتىنى تاپقان يېشىل دەرەخلەر قۇشلارنى باخاشلاپ سۆيدى، قوينىغا چىللىدى. . . مەن چەكسىز سۆيۈنۈش ئىچىدە ئۇلۇغ پاناھگاھقا ھۆرمەت بىلدۈردۈم؛ قولۇم دۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىم ئۈستىدە ئىدى.

# ئانا تىلىم

مەن تۇغۇلدۇم، دادام مېنى «ئۇيغۇر يىگىت» دەپ ئاتىدى. مەن دادامنىڭ مۇقەددەس يېرىدە، ئانامنىڭ مېھرىبان قۇچىقىدا بۇ ھاياتنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق بازىرىغا ئاپىرىدە بولدۇم. مەن بۇ بازاردا مىليون خەلقنىڭ مۇھەببەتلىك قەلبىگە سىڭىپ كەتتىم، ئۇلار مېنى قايناق گۈزەل سۆيگۈسى بىلەن پەپىلەپ، بۈيۈك غۇرۇرى بىلەن قاتارغا قوشتى. مەن چوڭ بولۇۋاتىمەن. شۇنداق، ھايات ۋە ماماتلىق ئىچىدە ئۆسۈۋاتىمەن. ئۇلار ماڭا: «ئوغلۇم، ئالدىڭغا قارا، كۆزۈڭنى ئاچ» دەپ گەپ قىلغاندا، مەن مۇگدەك باسقان روھىمغا سوغۇق سۇ چاچىمەن، روھىم مېنى مەڭگۈ ئەركىنلىكنىڭ يېشىل باغچىسىغا باشلاپ بارىدۇ.

كېتىۋاتىمەن. يولدا ئۇچرىغان بۇ كىشىلەر مېنى چۈشىنىدۇ، بىز ئۆزئارا سۆزلىشەلەيمىز، مەن ئۇلارنى چۈشىنىمەن، گەرچە ئۆيىمىز باشقا ـ باشقا بولسىمۇ بىز كۆرۈشەلەيمىز. بىزنى سۆزلەشتۈرگەن، بىزنى كۆرۈشتۈرگەن پەقەت بىزنىڭ ئانا تىلىمىز!

مەن قۇمساڭغۇ تۇپراقنىڭ چىملىق ساھىلىدا «چىم ـ چىم» ئويناۋاتقان سەبىي باللارنى ھەر قېتىم ئۇچراتقىنىمدا چەكسىز سۆيۈنۈپ كېتىمەن. مەن ئۇلار بىلەن ئۇزاقتىن ئۇزاق سۆزلىشىمەن. ئۇلار بوۋىلىرىدىن ئاڭلىغان ئەپسانىۋى ھېكايەتلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇلارنى ئاشۇنداق گۈزەل تىلدا سۆزلەتكەن — مېنىڭ ئانا تىلىم.

جەڭگاھتا يۈز ـ كۆزى قانغا مىلەنگەن سەركەردە قوچىقىمدا جان ئۈزدى. ئۇنىڭ تىنىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىپى ئۈزۈلگىچە سۆزلىگەن سۆزى پەقەت مېنىڭ تىلىم. ئۇ مېنىڭ تىلىمدا مەن بىلەن يورۇق كۈندۈزدىمۇ ئوتلۇق سۆزلىشەلەيدۇ، زۇلمەت كېچىدىمۇ سۆزلىشەلەيدۇ.

ئانا تىلىم — ئانامنىڭ تىلى، ئانا تىلىم — ۋەتەننىڭ تىلى، تۇپراقنىڭ تىلى؛ ئانا تىلىم — دەريا، دېڭىز ـ ئوكيانلىرىنىڭ تىلى؛ ئانا تىلىم — گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلىرىنىڭ تىلى؛ ئانا تىلىم — كۆك ئاسمىنىمنىڭ تىلى، ھەممە ھەممىنىڭ تىلى. . . مەن سۆيگەن ۋەتەن، مەن سۆيگەن قىز، مەن سۆيگەن ھەممە بىر ـ بىرىمىزگە ئۆز تىلىمىزدا مۇھەببەت بېرىمىز، بىر ـ بىرىمىزنى ئۆز تىلىمىز بىلەن سۆيىمىز، بىزنىڭ ئارمانلىرىمىز ئانا تىلىمىزدا بايراق چىقىرىدۇ؛ ئانا تىلىمىز بىزنى يۈكسەكلىككە، ئۇلۇغلۇققا ئېلىپ چىقىدۇ.

كېتىۋاتىمەن. پۈت ـ قولۇمنىڭ مادارى ئانا تىلىمدىن كەلگەن. تار، ئەگرى ـ توقاي يوللار مەن ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس، مېنىڭ باسقان ھەربىر قەدىمىمدە ئانا تىلىم بار. ئۇ مەن ئۈچۈن ئىرادە، ئۇ ماڭا قانات! مەن نەدە ياشاي ئۇ مېنىڭ يۈرىكىمدە…

بوۋاقلىقىم، يۇمران باللىق چاغلىرىم، جۇشقۇن ياشلىقىم، باتۇر قىرانلىقىم، ساغلام قېرىلىقىم. . . بۇ زەنجىرسىمان ھايات يوللىرىدا ئۇ ماڭا ھەمراھ، ئۇ ماڭا باشپاناھ.

مەن ئانا تىلىمنىڭ كارامىتىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمەن، مەن پەقەت باللىق چاغلىرىمدىن باشلاپ ئىگىلىگەن ئانا تىل بىلەنلا ئادەم قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىكى مىللىي غۇرۇر بولىقىنى ئاچالايمەن، ئېسىل پەزىلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇيالايمەن. ئانا تىلىم ئارقىلىق بوۋام ئاپراسىياپتىن تارتىپ ناۋائىگىچە، شۇنداقلا

بۈگۈننىڭ مەشئىلىنى كۆتۈرگۈچى مەردانە ئەزىمەتلەرنىڭ جەڭگىۋار ناخشىلىرىنى داۋام ئېيتىمەن.

ئەي، جاھان سەھنىلىرىدە قۇياشتەك نۇر ـ زىيا تارقىتىۋاتقان ئانا تىلىم، سېنىڭ ئۆمرۈڭ ئۇزاق بولسۇن، سەن بىزنىڭ ئەبەدىي قۇرۇماس يېشىل دەرىخىمىز!

# تاللاش

ئىنسانلار ئوخشاشلا بىر يەردىن كېلىشىدۇ، يەنە ئوخشاشلا بىر يەرگە كېتىشىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ ياشاش ئادەتلىرى، تاللىغان يوللىرى، ئارزۇ ـ غايىلىرى پەرقلىق بولىدۇ.

مەن مىليونېرلارنى بىلىمەن. ئۇلار ھەشەمەتلىك قەسىر، كۆركەم داچىلاردا ئۆز ھاياتىنى باھار گۈللىرىدەك ئۆتكۈزۈشىدۇ؛ كەمبىغەللەرچۇ؟ ئۇلارنىڭمۇ ئاددىي كۆلبىسى بار. مورا بېشىدىكى جىنچىراغمۇ ئۆي ئىچىنى نۇرغا پۈركەپ، ئۇلارنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىگە تەڭكەش بولىدۇ؛

تاغ چوققىسىنى ماكان ئەتكەن گىگانت قارىغاي ئاشۇ بۈيۈك قورامتاشلارنى يېرىپ چىقىپ ئۆز ئۇلۇغلۇقىنى تاپقان؛

قىيا تاشلار يېنىدىكى سۇتلۇك ئوتلارمۇ ئۆز ئارزۇسى ئىچىدە ياشايدۇ. لېكىن، قارىغاي بىلەن سۇتلۇك ئوت ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ. . .

يەنە بىر نەزەر سېلىپ باقايلى:

تۆمۈرچى ئۆز سەندىلىدىن چىققان جاراڭلىق ئاۋازغا ھېرىس؛

مۇزىكانت ئۆز كۈيىنى قۇشلارنىڭ ناۋاسىدىن ئۇستۇن قويىدۇ؛

گۈدەك باللارنىڭ كۆك ئاسماندا لەگلەك پەرۋاز قىلدۇرغان چاغدىكى خۇشاللىقىنى ئۇلارنىڭ قەلب ئاسمىنىدىن ئىزدىسەك تاپالايمىز. . . ئۇلار چەكسىز مۇھەببەت ـ سۆيۈنۈش بىلەن ئاشۇلارنى ئۆزى ئۈچۈن تاللىۋېلىشقان.

دۇنيا، ھاياتلىق ئەنە شۇنداق كۆپ خىل تاللاشلار بىلەن تولغان. ئىنسان ئۆزىنى ئۆزى يارىتىدۇ. ئىنسان ھەربىر قەدىمىدە

يىگىدىن يىگى تاللاشلارغا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل تاللاش ئۇلارنىڭ ماھىيىتى ئىچىدە بولىدۇ: بەزىلەر ھالاللىقنى ، قان ـ تەر تۆكۈشنى مۇقەددەس بىلىدۇ؛ بەزىلەر ئۇن ـ تىنسىز ياشاش، ئەپلەپ ـ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشنى خالايدۇ؛ يەنە بەزىلەر ساختىپەزلىكنى ياشاش نىشانى قىلىپ، رەسۋاچىلىق يولى بىلەن ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرىدۇ. . .

كىشىلىك ھاياتتا ئىنسان چاسا يول دوقمۇشىدا قايسى يولغا مېڭىشنى ئۆزى تاللاپ بەلگىلەيدۇ، بۇ ئۇنىڭ مۇقەددەس ھوقۇقى، دەخلىسىز ئەركى. شۇنداق ئىكەن، تاللاشتا يۈكسەك ئەقىل، قورقۇمسىز يۈرەكنى ئىشقا سېلىشى شەرت؛ تاللاش ئىنساننى مەڭگۈلۈك ھاياتلىق يولىغا باشلىيالىشى كېرەك. قانداقلا بولسا بولسۇن، ھاياتلىق قۇشى ئۇلۇغ تاللاش ئارقىلىقلا ئۆز ۋىسالىنى تاپىدۇ.

## بۇگۈنگە مۇھەببەت

دوستۇم، سەن مەرمەر تەختىگە ئولتۇرۇپ بۇگۈن ئۇچۇن توختىماي سۆزلىدىڭ. ئەتراپىڭدىكى كىشىلەر سېنىڭ بۇگۈن ئۇچۇن توۋلىغان گۈزەل كۈيلىرىڭنى كۆكۈل قويۇپ ئاڭلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، سېنى «ساراڭ» دەپ تىللىدى.

ئۆكۈنمە دوستۇم، «ئۇلار ئۇچۇن سۆزلەپ بىھۇدە ئاۋارە بوپتىمەن» دەپ ئويلاپ قالما. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇلۇغۋار ئىشقا، يۈكسەكلىككە چاقىرىۋاتقان كىشىنى ھامان بىر كۈنى تونۇپ يېتىدۇ. ئۇلار نى ـ نى ناخشىلارنى ئېيتىپ بىغەم قەسىرلەرنىڭ ھەم، ئېتىك ئىشىكلىرىنى چەككەن «جىبسەكچى» نى ھامان تونۇپ يېتىدۇ. دانىشمەن دادام: «قاراڭغۇدا شام تۇتۇپ بىزنى باشلاپ ماڭغانلار — بىزنىڭ باشپاناھىمىز، جەڭگاھلاردا زۇلپىقار كۆتۈرۈپ يول ئاچقانلار — بىزنىڭ سەردارىمىز، بىزنى سۈت ئۇيقۇدىن ئويغاتقانلار بىزنىڭ نىجاتكارىمىز» دېگەنىدى.

دوستۇم، بىر كۈنلەردە ئەقلى كامىل كىشىلەر سېنىڭ گۆھىرى ئېقىپ كەتكەن كۆزلىرىڭگە تۇتىيا سۇرتىدۇ. سېنىڭ ئەل غېمىدە مۇكچەيگەن ۋىجىك قامىتىڭگە مۇھەببەت ھەم سۆيگۈدىن تىكىلگەن يىپەك تونلارنى ياپىدۇ. بىر ئۆمۈر سەگەك ياشىغان ئاجايىپ روھىڭغا مەدھىيە ناخشىسى ياڭراتماي قويمايدۇ.

شۇنداق، ئالتۇن ھامان ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقىتىپ قويمايدۇ. ئۇ قارىغۇلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن تەقدىردىمۇ، بەرىبىر ئۆز قىممىتى بىلەن ئۇلۇغ بولۇۋېرىدۇ.

دوستۇم، سەن گويا كىيىك باغرىدىكى ئىپار، دېگىز

ئاستىدىكى قىممەتلىك بايلىق، مەڭگۈ ھۆرمەتلىك ئادەم.

مەن ئۆيمۇ ئۆي ئىشىك چېكىپ، مەھەللىمۇ مەھەللە قاتراپ يۈرۈپ ساڭا ئەگەشتىم. مۇشەققەتلىك كۈنلەر گەرچە مېنى ئالدىمدا توسۇپ تۇرسىمۇ، مەن كۆلۈمسىرەپ قويۇپ ئۆز يولۇمنى داۋام ئېتىۋاتىمەن. مەن بۇ دۇنيادىكى قۇتلۇق كۈنلەرنىڭ «بۈگۈن» نىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.

شۇنداق، بىز ئىزدىگەن ھەم ئىزدەۋاتقان ھەممە نەرسە بۈگۈننىڭ ئىچىدە. چۈنكى بۇ دۇنيانى چۈشەنگۈچىلەر ھەم سۆيگۈچىلەر ئۆزلىرىنى بۈگۈننىڭ ئىچىدە تاپىدۇ. ئۇلار بۈگۈننىڭ ئىچىدىن يېڭى ئائىلە، يېڭى كەنت، يېڭى شەھەر ۋە يېڭى قىياپەتكە ئېرىشىدۇ.

بىزنىڭ ئارزۇيىمىز، بىزنىڭ بەيگە سورۇنىمىز — بۈگۈن. بۈگۈننىڭ ئۆزى پۇرسەت، رىقابەت، خىرىس ۋە كۈرەش، بۈگۈننىڭ ئۆزى غەلىبە. بىزنىڭ ئېرىشمەكچى بولغىنىمىز: يېڭى بىر دۇنيا. بىز بۇ ئارزۇيىمىزنى بۈگۈننىڭ ئالقىنىدىن ئىزدەيمىز. بۈگۈن — بىزگە ھەممىنى بېرەلەيدۇ، بىپايان دۇنيا بۈگۈننىڭ ئىچىدە پارلاق جامالىنى كۆرسىتىدۇ. بىز چۈشكەن قولۋاق بۈگۈننىڭ ئىچىدە قىرغاققا چىقىدۇ.

دوستۇم، مەن چەكسىز ئۈمىد ۋە يۈكسەك ئىپتىخار بىلەن، ئۆلمەس روھ ۋە تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن بۈگۈننى سۆيىمەن. مەن ھاياتلىق ۋە ماماتلىق ئۈچۈن بۈگۈننى ھەسسىلەپ سۆيىمەن.

نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان ۋە تەلمۈرگەن نەرسىلەرگە ئېرىشتى. ئۇلارغا بۇ بەخت ـ ئامەتنى بەرگىنى پەقەت بۈگۈن. بۈگۈن ھەقىقەتەن ئەتىۋارلىق. چۈنكى ھەممە «بۈگۈن» نىڭ ئىچىدە قۇدرەت تاپىدۇ.

بۈگۈن — تاڭ شەپىقىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇر ئالمىساڭ بىردەمنىڭ ئىچىدە غايىپ بولىدۇ؛ بۈگۈن خۇشاللىق بىلەن تۇپراقنى يېرىپ چىققان، ئۆز ھۆسن ـ

جامالى بىلەن سېنى مەھلىيا ئەتكەن يېشىل گىياھ، پورەك ـ پورەك، غۇچچىدە ئېچىلغان پۇراقلىق ئاق ئەتىرگۈل؛ بۇگۈن — دۇنياغا يېڭىلا ئاپىرىدە بولغان بوۋاق، ئۇ سېنىڭ پەپىلەپ كۆيۈنۈشىڭنى كۈتىدۇ.

بۇگۈن — مۇھەببەتلىك قەلب بىلەن مەڭگۈ سۆيۈشكە ئەرزىيدىغان قىز. ئۇ سېنىڭ سۆيگۈڭگە موھتاج. بۇگۈننىڭ ئېلىپ كېلىدىغىنى: بىز تالاي قېتىم ئارزۇ قىلىپ كۈتكەن ئاق بۇلۇتلۇق كۆك ئاسمان، تولۇن ئاي، پارلاق يۇلتۇز.

دوستۇم، سەن ئاشۇ پايانسىز دۇنيانىڭ كىچىك قولۇقىدا ئولتۇرۇپ ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ توۋلىغان لەرزان ناخشا سادالىرىمنى بەلكىم بىر خىل غېرىبلىق ئىچىدە ئاڭلىدىڭ، قەلبىڭدىكى ئازاب ئىزتىراپلىرىڭنى كۆزلىرىڭ ئاشكارىلاپ تۇرۇپتۇ، ئۆكۈنمە، يىغلىما... بەخت ئۈچۈن، ھاياتنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىزدەنگۈچى ۋە تىرىشقۇچىلار مەڭگۈ يىغلىمايدۇ!

قۇياش پېتىۋاتىدۇ. بىراق، «بۇگۈن» مەڭگۈ تاغ ئارقىسىغا پاتمايدۇ...

«بۇگۈن» بىزنىڭ سۆيۈشىمىزگە، قۇچاقلىشىمىزغا موھتاج!

# توختام سۇ

يېشىل مەخمەلدىن لىباس كىيگەن ساھىل. شاۋقۇنلۇق دەريا چوقان سېلىپ ئاقماقتا. ئۇنىڭ مۇڭلۇق سادالىــــرى، ئېزگۇ ناخشىلىرى، چاقىرىقلىرى قەلبىمنى ئۆزىگە ئەسىر قىلدى. مەن ئۇنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىردىم. مەن ئەزەلدىن سۆيۈپ كېلىۋاتقان ھاياتىم بىر مىسلىسىز گۈزەللىكنى سۆيۈپ قالدى.

دەريا دولقۇنلىماقتا، سادالانماقتا، چوقان كۆتۈرمەكتە.

قەلبىم دولقۇنلىماقتا، سادالانماقتا، ئىسيان كۆتۈرمەكتە. ئۇلار بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتى، قول ئېلىشىپ گىرەلەشتى. . .

دەريا ئاقماقتا، ئۇ ئۆز دۇنياسىنى ئۆز قولىدا مەھكەم تۇتۇپ قىرغاقلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ يىراق جايلارغا ئېقىپ بارالايدۇ. كۆزلىگەن نىشانى ئۈچۈن تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىدۇ، ئارزۇلىرى ئۈچۈن ئۇخلىمايدۇ. ئەنە ئاشۇ دولقۇنلۇق دەريا كۈرەشچان ھاياتنىڭ ئۆزى. كۈرەشچان ھاياتتا جەڭگىۋارلىق بار، غالىبلىق ۋە جاسارەت بار.

كۈرەشچان ھاياتتا جان ۋە قان بار، ساداقەت ۋە ئادىللىق بار مۇھەببەت ۋە ھەقىقەت بار.

كۈرەشچان ھاياتتا تىرىكلىك بار، ئىجتىھات، ئەقىدە، مېھنەت ۋە ئەمگەك بار.

دولقۇنلۇق دەريا — كۈرەشچان ھايات، كۈرەشچان ھايـات دولقۇنلۇق دەريا.

كۆزۈم يېشىل ساھىلنىڭ بىر يېنىدىكــــى لەش ۋە پاقا گۈللىرىنى قۇچاقلاپ ياتقان توختام سۇغا چۈشتى. ئۇ بەدبوي ۋە

سېسىق ئىدى. ئۇنىڭ باغرىدا سۇ قۇرتلىرى بىلەن پاقا قۇمچاقلىرى ياشىماقتا ئىدى.

كۆڭلۈم غەش بولدى. ئۇ يەردە گۈزەل بىر ھايات يوق ئىدى، مۇھەببەت ئۆلگەن، تىرىكلىك يوقالغانىدى.

دەريا بويىدىكى كىچىك چىغىر يول. مەن قەدەملىرىمنى ئۇ يەرگە ئالدىم. مەن بۇ يولدا دولقۇنلۇق دەريا بىلەن توختام سۈنى كۆردۈم.

# دۇنياغا مەنسۇپ ئادەملەر

مېنىڭ يۇرتۇمدا مەشھۇر كىشىلەر بار، مېنىڭ يۇرتۇم دانىشمەنلەرنىڭ ئاپىرىدە گاھى. . .

مەن بۇرۇن بالىلىق قەلبىم بىلەن شۇنداق ساددا سۆزلەردىن پەخىرلىنىپ يۈرەتتىم، ئەمدى ئويلىسام خىجىللىق ھېس قىلماقتىمەن.

ئەقىل ماڭا شۇنداق دېدى: مۇھەببەت پۈتكۈل دۇنيا ۋە ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ بولغىنىدەك، ئالىملار، مۇتەپەككۇرلارمۇ دۇنيا ۋە ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ. مۇھەببەت ھەممىلا ئادەمگە بەخت ئاتا قىلغاندەك ۋە ھاۋا ھەممىلا ئادەمگە ھاياتلىق بەخش ئەتكىنىدەك، ئاشۇ مەشھۇر كىشىلەرمۇ دۇنياغا ۋە ئىنسانىيەتكە نۇر بېرىدۇ.

مېنىڭ يۇرتۇمدا مەشھۇر كىشىلەر بار، مەن ئۇلارنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ئاخىر تونۇپ يەتتىم.

## ئادەمنىڭ نوپۇزى

ئادەم تۇپراقتىن ئاپىرىدە بولۇپ يەنە تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

ئەمما، بۇ تۇپراق ئوخشاش تۇپىدىن ياسالغان، بۇ مەخلۇقاتلارنىڭ يارالمىشى بەش بارماققا ئوخشاپ كېتىدۇ. غايەت زور نوپۇزغا ئىگە ئادەملەر بىلەن ئاددىي ئىنسانلار بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن بەش بارماقنىڭ ئۆزىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى جەڭ مەيدانلىرى، مەرىپەت سورۇنلىرى، قاينام - تاشقىنلىق ئەمگەك جەڭگاھلىرى يارىتىدۇ. تەن ۋە روھ تەربىيىسى جاپا ۋە مۇشەققەت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئاددىي كىشىلەرنىڭ نوپۇزىمۇ بار، لېكىن بۇ نوپۇزنى ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ نوپۇزى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

# توغرا يولدىن ئېزىش

توغرا يول ھەقىقەت يولى. ئەمما بۇ يولداپۇتۇن ۋۇجۇدى بىلەن ماڭىدىغانلار تولىمۇ ئاز. بۇ يولدا ئۆزىنى بېغىشلايدىغانلارنى بارماق بىلەنلا ساناپ بىلىمىز.

شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ھەقىقەت يولىدىن ئېزىش زالالەت چۆللىرىدە سەرسان، سەرگەندان بولۇشتۇر، ئادالەت ۋە مۇھەببەتتىن چەتتە قېلىشتۇر.

سەن توغرا يولنى تاللا، توغرا ئىشنى قىل، توغرا سۆزنى سۆزلە، شۇنداق قىلىشىڭ ئۆزى ھەقىقەت يولىدا مېڭىشتۇر.

# قەيسەرلىك

قەيسەرلىك بۈيۈكلۈكتۇر.

مەن دۇنيادىكى بارلىق قەيسەر ئادەملەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ئىچىدە ياشايمەن. ۋۇجۇد ئىچىزىمغا ئۇنۇپ چىققان بۈيۈك روھ مېنىڭ ھاياتىمنى چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئىچىگە ئېلىپ كىرىدۇ.

مەن ئۆزۈمنى قەيسەر ئادەم دەپ سانايمەن. مېنىڭ قەيسەرلىكىم روھىمدا، ھەرىكەت ۋە ئەمەلىيىتىمدە. مېنىڭ قەيسەرلىكىم بولغاچقا مەن قەپەز سىرتىدا ياشايمەن، تار يوللاردا ئەركىن يۈرىمەن.

مەن قەيسەرلىكىم بىلەن دۇنيانىڭ ئامراق ئادىمى، ھەقىقەتنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى، مۇستەقىل كۆزقاراشتىكى يېگانە شەخسلەرنىڭ مەسلەكدىشى، كۈرەشچان، ئىجتىھات ساھىبلىرىنىڭ سەبدىشى.

# نېمە ئۈچۈن

سەن نېمە ئۈچۈن ياشايسەن؟
بۇ مېنىڭ ئۆز ـ ئۆزۈمگە قويغان سوئالىم، بۇ سوئال رەڭدار شەپەق كەبى كۆز ئالدىمدا جىلۋە قىلىپ تۇرىدۇ، مەندىن ھەقىقىي بىر جاۋاب كۈتىدۇ، ئەمما مەن بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن.
سەن نېمە ئۈچۈن ياشايسەن؟
مېنىڭ ۋۇجۇدۇم ئاخىر جاۋاب تاپتى. مېنىڭ ياشاشتىكى مەقسىتىم ھەقىقەتنى ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتۇرۇش ئۈچۈندۇر، خالاس.
قەلبىمنى ئۆمۈچۈك تورلىرىدەك چىرماپ تۇرغان تۈگۈن يېشىلدى.

# ئانىسىنى ئەسلەش

قارا تۇمان ئەتراپقا پۈتۈنلەي يېيىلغاندا، مەن كۆزۈمنى ئاچتىم. كۆز ئالدىمدا غەپلەت، قاراڭغۇلۇق پەيدا بولدى. مەن ئەتراپىمنى يورۇتۇش ئۈچۈن سەرەڭگە ئىزدىدىم. دادام سەرەڭگىنى نەگە قويۇپ قويغاندۇ؟ مەن خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇنى ئىزدىدىم. بىر دۆۋە ئەخلەتلەر ئارىسىدا تال ـ تال سەرەڭگىلەر قۇم دانچىلىرىدەك چېچىلىپ تۇراتتى. مەن ئۇنى بىر ـ بىرلەپ يىغدىم. مەن بىر تال سەرەڭگىنى يېقىشىمغا ئۇنى بىر ئالۋاستى قويۇن كېلىپ ئۆچۈرۈۋەتتى . يەنە بىر تالنى ياقتىم، ئۇنى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى. يەنە بىرنى ياقتىم، ئۇمۇ ئۆچۈپ قالدى. ئەتراپ تېخىمۇ قاراڭغۇلۇق قوينىغا كىرىپ كەتمەكتە ئىدى. يورۇقلۇق بىراقلا بەكمۇ يىراقلاپ كەتكەن بۇ مىنۇتتا، مەن ئەسەبىيلەشتىم، ساراڭ بولدۇم، كېيىنچە يۇۋاش، ئەزمە كېسەلنى يۇقتۇرۇۋالدىم. مەن شۇ خىل سەۋدايىلىقتا يەنە ھېلىقى ئەخلەت دۆۋىسىگە باردىم. ئۇ يەردىن سەرەڭگە تېلىنى تېپىپ ياندۇرماي ئاغزىمغا سېلىپلا يۇتۇۋەتتىم. ئۇ ئىچىمنى قىزىتتى، بەلكىم ئىچىمگە ئوت تۇتاشقاندۇ. مەن بىرئاز خۇشال بولدۇم، مېنىڭ بۇ خۇشاللىقىم تەشنالىق ئىچىدە كۈتۈۋاتقان ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىم ئىدى.

مەن كېتىۋاتىمەن، كۆمۈردەك قاپقاراڭغۇ كېچىدە سەپەرگە ئاتلاندىم، ئانام ئۆيۈمدە قالدى، ئۇ دۇنيانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ غېرىب كۈلبەمدە ماڭا بەخت، نىجاتلىق تىلەيدۇ. ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە مەڭگۈ يوقىلىپ كەتمەيدىغان «تاش مۇنار» . مەن ھەر قەدىمىمدە ئۇنى سېغىنىمەن، مېنىڭ بارلىق ناخشىلىرىم ئۇنىڭ شەرپىگە تىزىلغان دەستە ـ دەستە قىزىل گۈل.

# بۇركۇت قانىتى

بۇركۇتنىڭ قانىتىنى تۇتۇپ باقمىدىم، بىراق بۇركۇن قانىتىنىڭ قانداقلىقىنى ھېس قىلالايمەن.

بالا چاغلىرىمدا چاپقا① ئېشەك باققىلى باراتتىم. ئۇ يەردە سېرىق قۇچقاچلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. قىسماق ياساپ قۇش تۇتۇش ئادىتىنى ئۆگەنگەن دوستلىرىم ھەش - پەش دېگۇچە بىر نەچچە قۇچقاچ تۇتۇپ كەلدى. مەن ئۇلارنىڭ قانىتىنى بوغۇپ چاپقا قويۇپ بەردىم، ئۇلار ئۇچالمىدى. بىز يەنە باشقا ھەر تۇرلۇك قۇشلارنىمۇ تۇتۇپ قانىتىنى بوغۇپ قويۇپ بەردۇق، بىراق ئۇ قۇشلارمۇ ئۇچالمىدى. بىز ئۇ بىچارە قۇشلارنىڭ يەردە تىپىرلاپ، مۆڭلۇق كۆزلىرى بىلەن بىزدىن شەپقەت تىلەۋاتقان بىچارە ھالىتىدىن ھۇزۇرلاندۇق. قۇشلار ئاخىر جان تالىشىپ ئۆلۇپ قالدى.

بىز يەنە قۇش تۇتماقچى بولدۇق، بىز مال باقىدىغان تاغدا بۇركۇت بار ئىدى، ئۇ تىك قىيا ئۇستىگە ئۇۋا سالاتتى، بىز بۇركۇت ئۇۋىسى يېنىغا تۇزاق ياسىدۇق. ھەر خىل ھىيلە - نەيرەڭلەرنى ئىشلەتتۇق، بىراق بۇركۇت بىزنىڭ دامىمىزغا چۇشمىدى.

ئوۋچىلار بىز تۇرغان يەردىن ئۆتكەندە شۇنداق دېدى: «سىلەر بىچارە، يۇۋاش قۇشلارنىڭ قانىتىنى بوغقىنىڭلار بىلەن بۇركۇتنىڭ قانىتىنى بوغالمايسىلەر».

بالاغەتكە يەتكەن چاغلىرىمدا ھەممىنى ھېس قىلدىم: ئاجىزلار

---

① ئاتۇشتا تاغ باغرىنى چاپ دەپ ئاتايدۇ.

ھامان مەھكۇملۇقنىڭ قارا ئارغامچىسىغا مەھكەم باغلىنىپ ئەرزىمەس ھاياتى بىلەن خوشلىشىدىكەن. قەيسەرلەر ئۆز ئېتىقادى ۋە ئىرادىسى ئىچىدە ھېچ نەرسىگە بويسۇنماي، ئېگىلمەي، ئۆزىنىڭ كۆلكە سادالىرى ئىچىدە پەرۋاز قىلىدىكەن.

## سوغۇق نۇر

بۇگۈنكى مېھىر - شەپقەت، ئەرزىمەس ساخاۋەتلەر ماڭا سايىدەك ئەگەشتى. مەن گەرچە ئۆزۈمنى يوشۇرغان بولساممۇ مېنى پەستىكى ئاشۇ قاراڭغۇ كەپەمدىن تېپىۋالدى. مەن بۇنداق مېنى سەسكەندۈرىدىغان ھاۋادىن جاق تويدۇم. مەن غېرىب ھەم مىسكىن «روھىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ» ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم.

ئاھ! ئۇلۇغ، سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم، مەن سىلەرنى چىن قەلبىمدىن سۆيىمەن. بىراق، سىلەرنىڭ ساخاۋىتىڭلارنى، ماڭا بەرمەكچى بولغان بىر بۇردا نېنىڭلارنى ئەسلا قوبۇل قىلالمايمەن، چۈنكى سىلەرنىڭ شەپقىتىڭلار مېنى ئۆلۈمگە، ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

قۇملار كۆچكەن، تاغلار يۆتكەلگەن، زېمىن يېرىلىپ پۈتكۈل ئالەم سۇ ئىچىدە قالغان قىيامەتلىك كۈنلەردىمۇ شەپقىتىڭلارنى قوبۇل قىلالمايمەن. مەندىكى ئۇلۇغۋار ئىرادە، ۋۇجۇدۇمدىكى جەڭگىۋارلىق مېنىڭ شەپقەتچىم.

مېنىڭ سەسكىنىدىغىنىم، باشقىلارنىڭ سايىسىدا سايىداش، باشقىلارنىڭ يالىقىنى يالاش، ئىپلاسلارچە تەمە قىلىش، بىچارىلەرچە يېلىنىش، پۇرسەت تېپىپ تىلەپ يېيىش.

ئاھ! سوغۇق نۇر، مەن سېنى سۆيىمەن!

# ئۇنتۇلغان دېڭىز

سەن ئۆز دېڭىزىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭ. سەن قولۋاقلىق ئۇستىدە نىشانسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتىسەن. قولۋاقمۇ، سەنمۇ نەگە سەپەر قىلغىنىڭلارنى بىلمەيسىلەر.

سوغۇق تۇمان پەيدا بولدى. قارا بوران چىقىپ قولۋاقىڭنى ئۆرۈۋەتتى. سېنى دېڭىز دولقۇنلىرى قىرغاققا ئاپىرىپ تاشلىدى. سەن ساھىلدا بىر خادا تاشنىڭ دالدىسىدا چىۋىن قورۇپ ئولتۇردۇڭ.

دېڭىز بىر خىل مۇھەببەت بىلەن سەن تەرەپكە داۋالغۇيدۇ، سەن تەرەپكە ئىنتىلىدۇ.

سەن شۇنچە بىغەم ھالدا چىۋىن قورۇۋاتىسەن. سەن ھېلىلار بېشىڭدىن كەچكەن كۈلپەتلىرىڭنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلىسەن.

سەن ئاخىر ھەممىنى ئۇنتۇپ قالدىڭ. سەن ئۆز دېڭىزىڭنىڭ ئۇستىدە باشقا قولۋاقلارنىڭ ئۈزۈپ يۈرگىنىنى كۆرمىدىڭ.

قۇياش قىزىدى. قىرغاققا ئوت تۇتاشتى. سەن ئوت ئىچىدە قالدىڭ، بىراق كۆيمىدىڭ. چۈنكى سەن پۈتۈنلەي «تاش» قا ئايلىنىپ بولغان ئىدىڭ.

ئىھ! ئۇنتۇلغان دېڭىز، سەن مەڭگۈ شور پېشانە ئەمەس!

# گۈل تۇزانلىرى

بىر كۈنلەردىن كېيىن، مېنىڭ گۈزەل تېنىم قۇرۇپ، جىسمىم سوۋۇپ بىر دۆۋە تۇپراققا ئايلىنىدۇ. مەن شۇ چاغدا سىلەر بىلەن مەڭگۈ خوشلاشقان بولىمەن. شۇ چاغدا سىلەر مېنىڭ قۇمدەك توزۇپ كېتىۋاتقان توزانلىرىمنى ئالقىنىڭلارغا ئېلىپ ئۆيۈڭلاردىكى گۈل تەشتىكى ئىچىگە سېلىپ قويۇڭلار. مەن تەشتەكتە تۇرۇپ ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ كالىندار ۋاراقچىلىرىنى ساناپ، مۇھەببەتلىك ھاياتنى ياد ئېتەي.

ئەگەر مېنى قارا بوران ئۆز ئالقانلىرىغا ئېلىپ يىراقلاردىكى نىجاسەت دۆۋىلىرىگە تاشلاپ قويسا، مەن ئەبەدىلئەبەد ئاشۇ مەينەتچىلىك، شۈملۈق چىقىپ تۇرىدىغان يەردە بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئۆتىمەن، بۇ نەقەدەر ئازابلىق ۋە قورقۇنچلۇق ئىش - ھە! ئەگەر مېنى بىر نامرات دېھقان تۇپراققا ئارىلاشتۇرۇپ، يوقسۇللۇق پۇراپ تۇرىدىغان قەسىرنىڭ تاملىرىغا كاكىل قىلىپ سۇۋىۋەتسە، بۇ نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق ئىش بولىدۇ - ھە! ئۇ چاغدا مەن ئاشۇ غۇربەتچىلىك يېغىپ تۇرغان كۈلبىدە دېھقاننىڭ نارەسىدە، بىچارە بالىلىرىنىڭ ئاھ - زارىنى ئاڭلاپ روھىم قورۇنۇپ، نومۇس كۈچىدىن ئۆلگەن بولاتتىم. ئەگەر مەن بايلار ۋە ئاقسۆڭەكلەر قەسىرنىڭ ئۇل تېمىغا قويۇلسامچۇ، ئۇ چاغدا يالغانچىلىق، ئىنساپسىزلىق ئەۋجى ئالغان، پاسكىنىچىلىق قايناپ تۇرغان، مېھىر - مۇھەببەت يوقالغان ئاشۇ ھەشەمەتلىك سارايلاردا تۇرغانلىقىمدىن ئۆزۈمنى چەكسىز نومۇس ھېس قىلاتتىم. سىلەر مېنى ئېلىپ كېتىڭلار، مەن سىلەر بىلەن سۇبھىدە ئۆپۈقنىڭ

پەيزىنى سۈرەي، سىلەرگە ئەگىشىپ پەرىشتىلەرنىڭ تىلىدا ناخشا ئېيتاي.

مەن سىلەرنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇڭلار. ماڭا مېھىر بېرىڭلار، مەن ئاستا ـ ئاستا تىرىلىمەن. تېنىمدىن ھايات چېچىكىدىكەك ئىسسىق ئىپار ھىدى كېلىپ، سىلەرنى جەننەت ئارىلىغا باشلاپ بارىمەن! مېنىڭ ھىدىم سىلەرگە مەڭگۈ گۈزەللىك بېغىشلايدۇ.

مەن سىلەر بىلەن كېتەي، ھاياتىمدىكى گۈزەللىكىم سىلەرگە ئەڭ گۈزەل لىرىكا بەرگەن، ھېلىــــھەم يۇمران تۇزانلىـــرىم شادلىقىڭلارغا جۆر بولالايدۇ.

مېنى ئالغاچ كېتىڭلار، مېنى ھەرگىزمۇ باغلاپ قويماڭلار. بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى كېلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى، بولمىسا مېنىڭ يۈرىكىم پارە ـ پارە بولۇپ كەتمىسۈن يەنە.

# سېنىڭ تىلىڭ. . .

1

سەن جەڭدە ئاپىرىدە بولدۇڭ. ئاناڭ سېنى ئوت ئىچىدە بۇ دۇنياغا سوۋغا قىلدى. سەن قارا تۇتەك چىرماپ كەتكەن، بۇلغانغان ھاۋالاردىن نەپەس ئېلىپ جەڭگاھتا چوڭ بولدۇڭ. سەن ئۇ يەردە قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتقان تالاي قەھرىمان ئاتىلارنى، تالاي سۆيۈملۈك ئانىلارنى، تالاي قىز - ئوغۇللارنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۇڭ. . . ئۆلۈم، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ئىچىدىكى بۇ قانلىق كۆرەش سېنىڭ تىلىڭنى چىقاردى. شۇڭا، ئاشۇ پاجىئەلەرنى ۋە دەھشەتلىك تراگېدىيىلەرنى سېنىڭ تىلىڭ سۆزلىسۇن.

2

سېنىڭ كۆزۈڭ رېئاللىق ئۇستىگە تاشلانمىسۇن. سېنىڭ كۆزۈڭ ھەرگىز نەرسىلەرنىڭ سىرتىنىلا كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ قالمىسۇن. سىرتقى كۆرۈنۈش ھەرگىز ئۇنىڭ ماھىيەت ئاراللىرىدىكى ھەقىقەتنى دەپ بېرەلمەيدۇ. سېنىڭ تىلىڭ ئاشۇ قورام تاشنىڭ يۈرىكىنى سۆزلىيەلىسۇن، ئۇ ئۆز باغرىدا ئاجايىپ ئېسىل بايلىقلارنى يوشۇرۇپ يېتىپتۇ.

## 3

سەن يۈكسەك كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن ماڭ، ئۇلارنىڭ ھەربىر باسقان قەدىمىدىن ھەقىقەت توپىسى توزۇپ تۇرىدۇ. سەن ئاشۇ ھەقىقەت ئىچىدە ۋۇجۇدۇڭنى تاۋلىيسەن، روھىڭنى پاكلايسەن، بۈيۈك ئېتىقاد ۋە ئىشەنچكە مۇيەسسەر بولىسەن.

سەن يۈكسەك كىشىلەرگە ئەگەش، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈرتۋازلىق، گۇرۇھۋازلىق، مەنمەنچىلىك، ھاكاۋۇرلۇق، باشقىلارنى كەمسىتىش، دۇنيا پەرەسلىك، بىچارىلىك، قارا كۆڭۈللۈك يوق، ئۇلار ئەڭ سەممىي ئادەملەر. سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ يىراققا نەزەر سال، شۇ چاغدىلا ھەقىقىي جەمئىيەت، دۆلەت ۋە مىللەت سېنىڭ كۆز ئالدىڭدا نامايان بولىدۇ، سېنىڭ كۆزۈڭ قەلب خانەڭگە پىچىرلاپ، سېنى روھلاندۇرىدۇ. سەن ئاشۇ يۈكسەك كىشىلەر ئارىسىغا بار، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلا، سېنىڭ تىلىڭ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى سۆزلىسۇن.

## 4

سەن شەرقتىكى بىر ئارالدا دۇنياغا كۆز ئاچقىنىڭدا، كۆزۈڭگە تۇنجى رەت كۆرۈنگىنى قۇملۇق ۋە قەدىمىي قەبرىلەر ئىدى. قەبرىلەر ساڭا تاشقا ئايلانغان ئادەم باشلىرىنى بەردى. قۇملۇقلار بولسا ساۋۇت، تۆمۈر قىلىچ ، نەيزە قاتارلىق قوراللارنى ۋە يەنە ياقۇت ـ كەھرىۋا، زۇمرەت ۋە ئالماسلارنى بەردى. سەن ئاشۇ بايلىقلار بىلەن ئۆزۈڭنىڭ يالىڭاچ يېرىڭنى ياپتىڭ.

سەن قۇملۇق ئۈستىدىكى ئادەم، قۇملار ساڭا پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنى، قەھرىمانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى، ئەۋلىيالار ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ. سەن ئۇ تارىخلارنى قەلبىڭگە پۈتۈپ قوي. قۇملۇقنىڭ تىلى سېنىڭ تىلىڭ،

قەبرىلەرنىڭ تىلى سېنىڭ تىلىڭ. تۈنۈگۈنكى مومىيالار سۆزلىگەننى سەن ئۇلارنىڭ تىلىدا مەردانە سۆزلىسەڭ، ھەقىقەتنى سۆزلىگەن بولىسەن.

5

سەن ھاياتىڭنىڭ كۆپرەك ۋاقتىنى تىقما ـ تىقما شەھەرلەردە ئۆتكۈزۈۋەتتىڭ، سەھرالاردا كىملەرنىڭ ياشاۋاتقانلىقىنى بىلمەيسەن. كەچ كۈزنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇ يەرگە بېرىپ كۆرۈپ كەل.

يۇر مەن سېنى دەريا بويىغا باشلاپ باراي. ئۇ يەردىكى بېلىقچىلار بىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىمىز ھەم يولدىشىمىز. ئۇلارنىڭ يۈركى مۇھەببەت بىلەن تولغان. ئۇلارنىڭ يۈركى سۇمرۇغ قانىتىدەك بۈيۈك ھەم چەكسىز، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى تەبىئەتتەك گۈزەل ۋە سۈبھىدەك سۈزۈك، ئۇ مۇھەببەت سېنى قۇش قانىتىدەك كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرىدۇ.

ئۇلار ساڭا ھېچقانداق كۈچ ۋە ھېچقانداق مەبۇد ئاتا قىلمىغان سۆيگۈنى، ۋۇجۇدنى ۋە ئاق كۆڭۈللۈكنى بېرىدۇ. دەريالاردىن ھاياتلىق ئىزدەۋاتقان بۇ كىشىلەردىن نېمىنى سورىساڭ، ئۇلار شۇنى ساڭا ئايىمايلا بېرىدۇ. ئۇلار غېرىب يۈرىكىنىڭ ئەڭ تىرەن جايلىرىدا ئۇخلاۋاتقان سۆزلىرىنى، ئاشۇ تىنىمسىز ئېقىۋاتقان دەريانىڭ قاتلىمىدىكى ئارمانلىرىنى دەپ بېرىدۇ. سېنىڭ تىلىڭ ئاشۇ ئارمانلارنى سۆزلىسۇن.

6

بۇ ھاياتلىق ئالىمىگە نەزەر كۆزۈڭنى تىك. ئەتراپىڭدا كۆزى تۇرۇپ كۆرەلمەيدىغانلار، پۇتى ساق تۇرۇپ ماڭالمايدىغانلار، تىلى

بىجىرىم تۈرۈپ سۆزلىيەلمەيدىغانلار، قولى ساق تۈرۈپ ئىشلەتمەيدىغانلار ياشاۋاتىدۇ. ئۇلار نېمە دېگەن بىچارە ـ ھە!

ئەي ئانا يەرنىڭ تىلى، چوققىلارنىڭ مېھرى، ئۆۋىلارنىڭ تىنىقى، سىلەر ئەڭ بۈيۈك سۆزلىگۈچىسىلەر.

# بىز نەگە كېتىۋاتىمىز

بىز قەيەرگە كېتىۋاتقاندىمىز؟ ئەي سادىر مىنگەن ئارغىماق، بىزنى قەيەرگە ئېلىپ كېتىۋاتىسەن؟ تۆمۈر تۇياقلىرىڭدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزانلار ئاسمانغا تاراپ كەتتى. توزانلار ئىچىدە قالغان پەسىل قۇشلىرى ئاللاقاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ كۆزدىن غايىپ بولدى. سەن سەھرا يوللىرىدىن ئۆتكىنىڭدە يېشىل ھايات باغرىدىكى سەھرا ئانىلىرىنىڭ دەردلىك كۈيلىرى تەبىئەتنىڭ گۈزەل ئېتەكلىرىگە گويا ھاۋادەك تاراپ كەتتى.

ئەي چىنتۆمۈر بوۋامنىڭ سەردار تۇلپارى، بىز قەيەرگە كېتىۋاتقاندىمىز، سەن بىزنى ئۆز روھىڭغا باغلاپ قويۇپ قەيەرگە ئېلىپ ماڭدىڭ؟ ئۇچقاندەك چېپىشلىرىڭدىن قارىغاندا، جەننەتنىڭ ئىشىكىگە ئاز قالغان ئوخشىمامدۇق؟ يۈگۈر تۇلپىرىم، قاناتلىرىڭنى كەڭ يېيىپ ئۇچ.

سەن قۇم دېڭىزىغا ئاياغ باستىڭ، دۆۋە ـ دۆۋە قۇم بارخانلىرىنىڭ يۇمشاق باغرىدا ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىسەن. بارخانلار باغرىدا ئۇۋۇا ياسىغان كەسلەنچۈكلەر دۈپۈرلىگەن دەھشىتىڭدىن قورقۇپ، ئۇۋۇلىرىنى تاشلاپ قېچىشتى. قۇرۇپ ھالىدىن كەتكەن قېرى توغراق شاخلىرى ئۈستىدىكى ياۋا قۇشلار ساڭا قاراپ جىملا تۇردى.

سېنىڭ تۇياق ئىزلىرىڭ بۆرە ئىزلىرىنى كۆمۈپ تاشلىدى، قۇشلارنىڭ ئىزىنى كۆككە سورىدى . كۆز ئالدىمىزدا دەريا زاھىر بولدى. ئانا تۇپراقنىڭ بۇ كۆك تومۇرىدىن چاڭقىغان يۈرىكىڭنى قاندۇردۇڭ ـ دە، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي، يەنە يولۇڭنى داۋام

ئەتتىڭ. . .

بىز نەگە كېتىۋاتقاندىمىز؟ ئەي ئوغۇزخاننىڭ قاشقىر ئېتى، بىز قەدىمىي ئەسىرنىڭ نامراتلار مەھەللىسىدىن كېسىپ ئۆتتۇق. سەن ئۇ يەردىكى بالىلارنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ قەدىمىڭنى ئاستىلاتتىڭ. بىرنېمە دېمەكچى بولدۇڭيۇ، گەپ قىلالماي يولۇڭنى داۋاملاشتۇردۇڭ. ئەي باغرى سۇنۇق ئارغىماق، ئۇ بالىلارغا بېرىدىغان سوۋغىتىڭ يوقمۇ؟. . .

بىز بەئەينى ئۇرۇشتا بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچراپ ۋەيران بولۇپ كەتكەن شەھەرلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ئىپتىدائىي، ۋەيرانە خارابىلىقتىن چىقىپ كەتتۇق.

بىز نەگە كېتىۋاتىمىز، ئەي مېنىڭ سۆيۈملۈك تۇلپارىم، بىز زادى نەگە كېتىۋاتقاندىمىز!؟

## مۇزىكا تومۇرى

دېرىزەڭدىن كىرگەن مەيىن شامال نېپىز شايى يېپىنچاڭنى قايرىۋەتتى. سېنىڭ قاردەك پاك، باھار سۆيگەن سەرۋە قامىتىڭ تار، ئەمما چىرايلىق ۋۇجۇدۇڭدا ئىللىق تەبەسسۇم قىلدى. ئۆيۇڭدىكى بارلىق مال ـ بىساتىڭ سېنىڭ بۇنداق كېلىشكەن يالىڭاچ ھالىتىڭنى زىنھار كۆرۈپ باقمىغاندەك ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا تۇرۇپ قېلىشتى.

سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، غىدىقىڭ بىلەن تولغان كۆكسىڭنى يوشۇردۇڭ. دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ تېنىدا تىكىلگەن رەختلەر بىلەن چىرايلىق بەدىنىڭنى ياپتىڭ. دېرىزە سىرتىدىكى دەرەخ شاخلىرىغا قونۇپ، ساڭا سىنچىلاپ قاراۋاتقان قارلار سېنى چاقىرىۋاتىدۇ.

سەن دېرىزە يېنىغا كېلىپ، ئۇلارغا سالام بەردىڭ. ئۇلار سەندىن ئامانلىق سورىدى. ئەنە شۇ چاغدا قاياقتىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن قۇشلار قارلارنى يەرگە غۇلىتىۋەتتى. سەن قارلارغا قاراپ كۇلۇپ قويدۇڭ، پەقەت كۇلۇپلا قويدۇڭ.

قۇشلار دېرىزەڭنىڭ رامكىلىرىغا قونۇپ، ئۆيۇڭگە كىرىشكە تەمشىلىپ كىرەلمىدى. سەن ئۇلارنىڭ كىرىشىگە ، سېنىڭ جىمجىتلىقىڭغا ئارىلىشىپ ئارامىڭنى بۇزۇشقا يول قويمايتتىڭ. چۈنكى سەن قۇشلارنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتىڭ.

ئۆي جىمجىت ئىدى. سەن مۇشۇ جىمجىتلىق ئىچىدە بەختكە، گۈزەل تۇرمۇشقا نائىل ئىدىڭ.

سەن تالادىكى قارلارنىڭ يېقىملىق ناخشىسىنى ئاڭلاۋاتىسەن.

قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان ئوت ـ چۆپلەر ئۈستىدىكى يۇمران قار دانچىلىرى بىر خىل مۇزىكا ئىچىدە ئاجىز قۇياش نۇرىنى دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن ئىزدىمەكتە.

باللار دالىلارغا چانىلىرىنى ئېلىپ چىقتى. ئۇلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چانا سۆرۈشۈپ چۇقۇرۇشۇپ ئوينىماقتا ئىدى.

سەن يەنە دېرىزەڭ يېنىغا كەلدىڭ. سەن ئەركىن دۇنيانىڭ ئۇماق باللىرىغا قاراپ سۆيۈندۈڭ بولغاي، كىرپىكىڭدە تۇرۇپ قالغان ياشلىرىڭنى قولۇڭنىڭ ئالقىنى بىلەن سۈرتىۋەتتىڭ. سەن بۇ يەردە ئۇزاق تۇردۇڭ.

باللار تەبىئەتنىڭ مېھرىگە چىلانغان گۈللەردەك شۇنچە شاد ـ خۇرام ئوينىماقتا ئىدى.

سەن باللارغا قاراپ: «سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار بىردىن مۇزىكا» دەپ ئۈنسىز شىۋىرلىدىڭ.

باللار، زېمىن، دەل ـ دەرەخ ۋە قۇشلارنىڭ تومۇرلىرىدىن بىر خىل مۇزىكا كېلەتتى. ئۇ مۇزىكا ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە چىڭ باغلانغانىدى.

سەن دەرەخ شاخلىرىدىن غۇلاپ چۈشۈپ كەتكەن ھېلىقى قارلارنى يەنە ئەسلەپ قالدىڭ.

# نورۇز گۈلى

يېزىدىكى داچىمىزنىڭ كەينىدىكى ئېكىنزارلىق ھەممە كىشى قىزىقىدىغان، مەنزىرىسى كۆركەم، قۇشلارنىڭ ناۋاسى ئەۋج ئۇرۇپ تۇرىدىغان گۈزەل يەر ئىدى. ھەر يىلى باھار يېتىپ كېلىشى بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرى بۇ جەننەت ئېتىكىگە جەم بولاتتۇق. نورۇزنىڭ تۇنجى ھەپتىسى قىلىدىغان ئىشىمىز نورۇز گۈلى تىكىش ئىدى. دادام نورۇز گۈلىنى ئىنتايىن سۆيەتتى، ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئېلىشنى مۇزىكا ھەتتا مۇھەببەتلىك ھاياتنىڭ ھۇزۇرىدىنمۇ چوڭ بىلەتتى. بىز دادامنىڭ رايى ئۈچۈن نورۇز گۈلىنى ياخشى پەرۋىش قىلىپ تاكى ئۇ ئېچىلغۇچە شۇنىڭ كويىدا بولاتتۇق.

بۇ يىلمۇ بىز باھاردا يەنە شۇ داچىمىزغا بېرىپ، نورۇز گۈلى تىكتۇق ۋە ئۇنى ئاينىتتۇق، نورۇز گۈلى پورەكلەپ ئېچىلىدىغان چاغدا دادامنىڭ ئاستا خاراكتېرلىك يۈرەك كېسەلى قوزغىلىپ شەھەردىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردۇق. بىراق، دادامنىڭ ھايات دەرىخى بۇ كېسەللەر دۇنياسىدا غۇلاپ چۈشتى. ئۇ تىنىقىنىڭ ئاخىرىغىچە: «نورۇز گۈلى، نورۇز گۈلى...» دەپ، نورۇز گۈلىگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى.

بىز دادامنى نورۇز گۈللىرى ھۆپپىدە ئېچىلغان، دېھقانىنىڭ كۆڭلىدەك ئاشۇ ساپ ۋە پاكىز يېزىمىزغا، ئاشۇ نورۇز گۈللۈك بېغىمىزغا دەپنە قىلدۇق. دادام ئۇ يەردە مەڭگۈلۈك ئارام ئالغانىدى. نورۇز گۈللىرىنىڭ يىلتىزى دادامنىڭ يۈرىكىدە، دادامنىڭ يۈرىكى نورۇز گۈلىنىڭ باغرىدا ئەمىن تاپتى.

بىز بۇ يەرگە يەنە نورۇز گۈلى تىكمىسەكمۇ، باھارنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەنلا نورۇز گۈللىرى تەبىئەتنىڭ خاسىيىتىدە ئۆزى ئۈنۈپ، ئۆزى ئېچىلىدىغان بولدى. بىز گۈللەرنى سەيلە قىلغىنىمىزدا دادامنىڭ قەبرە تېشى ئۈستىدە توختىماي ۋىچىرلاۋاتقان قۇشلارنىڭ: «بۇ گۈللەرنى سىلەرنىڭ داداڭلار تېرىپ ئەھلىيا قىلدى» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلايمىز. ئەنە شۇ چاغدا بىز دادامنىڭ ئۆلۈپ كەتمىگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

قۇشلار دادامغا ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى، نورۇز گۈللىرى لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشەتتى.

# سېغىنىش

يالغۇز ئۆي، تەنھا ئورۇندۇق، مەن ۋە شام، ھەممىمىز كۆيۈۋاتىمىز.

ئىشىك چېكىلدى. مەن ئىشىك تۈۋىگە يۈگۈرۈپ باردىم. ئىشىكنى چەككەن يامغۇر تامچىلىرى ئىدى. مەن قايتىپ ئورۇندۇقۇمدا يەنە ئىشىككە قاراپ ئولتۇردۇم. خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئىشىك يەنە چېكىلدى. مەن ئىشىكنى ئاچتىم. ئوتتۇنچىلار ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىكى چىغىر يول بىلەن يىراقلارغا ماڭغانىدى. ئىشىكىمنى چەككىنى ئۇلارنىڭ ناخشىسى ئىدى.

زارىقىپ كەتتىم. سۈكۈتكە چۆمگەن ئاددىي ئۆيۈمنىڭ ھەممىلا يېرى زارىقىپ كەتكەنىدى.

تاڭ سۈزۈلەي دەپ قالغاندا بىزگە ھارغىنلىق يەتتى. مەن ئورۇندۇقۇمدا ئۇخلاپ قالدىم.

شام كۆيۈپ ئۆي ئىچىنى بەتبۇي پۇراق قاپلىدى. مەن مەينەت ھاۋادىن نەپەسلىنىپ ئۇيقۇغا ئەسىر بولدۇم. كۈننىڭ نۇرى قېلىن ئەينەكلەردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ مېنىڭ پېشانەمنى سىلىغان چاغدا مەن كۆزۈمنى ئاچتىم. ئۆي جىمجىت ۋە مېھمىرسىز، ئىشىكمۇ ئۆز ئورنىدىن مىدىرلىمىغانىدى.

ئىشىكنى ئاچتىم. بوسۇغا تۈۋىگە تاشلاپ قويۇلغان مېۋە شۆپۈكلىرىنى قولۇمغا ئالدىم، ئۇلارمۇ ماڭا ھېچنەرسە بېرەلمىدى.

مەن بوسۇغا يېنىدا خېلى ئۇزاق تۇرغان بولساممۇ پوچتالىيون كەلمىدى.

كۈتۈۋاتىمەن، چەكسىز سېغىنىش ئىچىدە دىلدارىمنى

كۈتۈۋاتىمەن.

يول بويىدىكى دەرەخ شېخىغا قونۇپ سايراۋاتقان قۇشلاردىن: «سىلەر نەدىن ئۇچۇپ كەلدىڭلار» دەپ سورىدىم. ئۇلار ئۇزاق سايرىغاندىن كېيىن، گەپ قىلماي ئۇچۇپ كەتتى.

## ساراڭ

ئۇنى ئېگىز سېپىل تام دۇنيادىن ئايرىپ تۇرغانىدى. ئۇ ئاشۇ تامنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ گەپ قىلىدۇ، كۆكتىكى يۇلتۇزلار بىلەن مۇڭلۇق سۆزلىشىدۇ، مۇقەددەس تىلەكلىرىنى ئىزهار ئەيلەيدۇ. ئۇ دۇنيادىكى پاكلىق ھەققىدە، ئۆز قەلبىنىڭ پاكلىقى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. يۇلتۇزلار تارقاپ قۇياش كۆلگەندە، ئۇ مۇزدەك سوغۇق تۆمۈر رېشاتكىلارنى مەھكەم قۇچاقلاپ، يىراقتا قالغان تاغ ـ دالا، دەريا ـ ئېقىنلارنى تۇۋلايدۇ. ئۇنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئېگىز، قېلىن تاملاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كائىناتنىڭ يۈرەك پارىسىنى تىترىتىدۇ. ئۇنى باشقىلار «ساراڭ» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ راستىنلا «ساراڭ» بولۇپ قالغانىدى.

# ئورمان

بىز ئورمانلىققا باردۇق. ئورمانلىق بىزنى قۇشلارنىڭ يېقىملىق ناخشىلىرى بىلەن قارشى ئالدى، قىزلارنىڭ چېھرىدەك ئىللىق تەبەسسۇمى بىلەن كۇتتۇۋالدى. بىز ئۇ يەردە ئارام تاپتۇق.

سەن دەرەخ ئارقىسىغا ئۆتتۇۋالدىڭ. دەرەخ سېنى بىر مېھرىبان ئانىدەك ئۆز سايىسىغا ئالغانىدى.

سەن قەيەردە؟ سەن قۇشلارنىڭ ئاۋازىغا جۆر بولۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدىڭ. مەن سېنىڭ تاغ سۇلىرىدەك لىرىكىلىق ناخشاڭنىلا ئاڭلىيالىدىم، بىراق سېنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىڭنى بىلمەيمەن.

مەن ئورنۇمدىن تۇرغاندا گۇگۇم يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى، لېكىن قۇشلارنىڭ ناخشىسى بىلەن سېنىڭ كۇيلىرىڭ تېخى سەھەردىلا قۇلاق تۇۋۇمدە ياڭرىغانىدى . مەن سەن مۆكۇنگەن دەرەخنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتۇم. ئۇ يەردە سېنىڭ كۆلەڭگەڭمۇ يوق ئىدى. پايانسىز كەتكەن بۇ ئىپتىدائىي ئورمانلىق مېنى ئۆزىنىڭ ئىسسىق باغرىغا ئالغانىدى.

مەن كېتىۋاتىمەن. سېنىڭ ناخشا ئاۋازىڭغا ئەگىشىپ كېتىۋاتىمەن. سەن مېنى قەيەرگىمۇ باشلاپ بارارسەن؟ مەن گۇل بەرگىلىرىنى چاڭ ـ توزان ئورىغان، ياپراقلىرىنىڭ كۆز يېشى قۇرۇغان ئاشۇ چىغىر يولدا كېتىۋاتىمەن.

قاراڭغۇ چۈشتى، سېنىڭ ناخشاڭمۇ توختاپ قالدى. سەن بىر قۇرۇپ قالغان دەرەخنىڭ شېخىدا نۇر بولۇپ كۆرۈندۇڭ. مەن سېنى ئاۋايلاپ ئۈزۈۋالدىم. سەن يېگانە بىر مېۋىگە ئايلىنىپ

كەتكەنىدىلىڭ. دەرەخ يوپۇرماقلىرىدىكى شەبنەم تامچىسى قۇياشقا ئوخشاش پارلاپ نۇر چېچىشنى ئارزۇ قىلغاندەك، سەنمۇ ئۆزۈڭنى مېنىڭ يېپىشىمنى ئارزۇ قىلدىڭ. مەن قىلچە ئىككىلەنمىدىم، سېنى چىشلەپ قويدۇم، سەن شۇ چاغدا ئۆز ئارامىڭغا چۈشتۈڭ.

بىز ئورمانلىقتا ئېزىپ قالدۇق، سەن: «ئارقىمىزغا يانايلى، كەلگەن يولىمىز بىلەن قايتىپ كېتەيلى» دېدىڭ. سەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە خۇددى گۈل بەرگىدەك تىترەپ كەتتىڭ. مەن سېنى باغرىمغا باستىم. ئۇ چاغ يېرىم كېچە ئىدى، ئاسماندا يۇلتۇزلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. مەن سېنىڭ چاچلىرىڭنى سىلاپ تۇرۇپ: «ياق پەرىشتەم ئارقىمىزغا يانمايلى، ئالدىمىزدىكى مۇشۇ ئۇپۇققا، قاراڭغۇلۇققا تۇتۇشۇپ كەتكەن ئورمانلىقتىن يول تاپايلى، بىز چوقۇم تاڭغا ئۇلىشىمىز» دېدىم. ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ماڭا ئەگەشتى. بىز چىغىر يول بىلەن ئالدىمىزغا قاراپ ماڭدۇق. كېچىنىڭ ۋەھىمىسىنى پەرۋايىمىزغا ئالماي، مەردانىلەرچە ئالدىمىزغا قاراپ ماڭدۇق. ھېرىپ ھالىمىزدىن كەتتۇق، شۇنداقتىمۇ ئىرادىمىزدىن بوشاپ قالمىدۇق.

كېچىمۇ ئۆتۈپ كەتتى، چۈشمۇ ئۆتۈپ كەتتى. تاڭ سەھەردە بىز ئورمانلىقتىن چىقتۇق. قۇشلار ئۆز ئۇۋىلىرىدىن چىققاندا بىز بۇ يەردىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنىدۇق.

# بېشىڭدىكى ئوت

ھەممىمىزنىڭ بېشىدا ئوت كۆيۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئوت بىزنى ئارامسىزلىق ۋە ئارامسىزلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرگۈزۈۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئوت بولمىغاندىچۇ، تۇرمۇش دېگەن نېمە؟ ھايات قانداق نەرسە؟ بىز ئۇنىڭغا مۇكەممەل بىر جاۋاب بېرەلمەي قالاتتۇق.

كەچ كۈزنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىر كېچىسى ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى چېكىلدى. مەن سىرتقا چىقىپ قارىسام ماڭا ناتونۇش ئۈچ كىشى بوسۇغا تۈۋىدە قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى: «ئەپەندىم، بىزنى بىر كېچە پاناھىڭىزغا ئېلىپ، ئۆيىڭىزنىڭ ئىسسىق باغرىدىن ئورۇن ئاتا قىلغان بولسىڭىز» دېدى. مەن بۇ ناتونۇش، يوچۇن كىشىلەرنى گۇمانلىق ھېس قىلغان بولساممۇ، ئۇلارنىڭ نىمكەش كىيىم ـ كېچىكى، سولغۇن چىرايى ۋە غەمكىن تۇرقىغا قاراپ، ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىنى چوڭ ئاچتىم. ئوچاقتىكى ئوت ئۇلارنىڭ مۇزلاپ كەتكەن يۈرىكىنى ئىللىتتى، ئاندىن ھۇجرام ئۇلارنىڭ قەلبىگە باھار ئاتا قىلدى. مەن ئۇلارنىڭ نېمە ئادەملەر ئىكەنلىكىنى سورىمىدىم، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى چۈشەندۈرمىدى، شۇنداقتىمۇ مەن ئۇلارنىڭ بېشىدىكى ئوتنى كۆرۈپ ھەممىنى چۈشەندىم.

تۈن يېرىم بولغاندا، ئۇلارنىڭ بىرسى ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنىڭ بېشىدىكى ئوت ھەدەپ ئۇلغىيىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنى ئوچاق بېشىدا يالغۇز تاشلاپ قويۇپ خاس ھۇجرامغا چىقىپ كېتىپ، تاڭ سۈزۈلگۈچە كىرپىك قاقماي ئولتۇردۇم. خوراز چىللىغان چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقتىم. ئۇلارنىڭ سايىسىمۇ يوق ئىدى. ئوچاق

بېشىغا قويۇپ قويغان قەغەزدىكى پوچۇركىنى ئوقۇدۇم. ئۇنىڭدا: «بىز زېمىننى ئايلىنىپ يۈرگەن پەرىشتىلەر، تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىزلىقلارنى يېڭەي دېسىڭىز ۋەدىڭىزدە تۇرۇڭ، يالغان گەپ قىلماڭ، خەقنى ئالدىماڭ، مۇھەببەت ۋە سۆيگۈگە ھۆرمەت قىلىڭ، ئاسىيلىق قىلماڭ، دوستىڭىزنى ساتماڭ، ئاتا - ئانىڭىزنى گۆرۋگە قويماڭ» دېيىلىپتۇ. خىياللىرىم قېيىققا ئايلاندى. مەن ئېگىز - پەس بۇ ھايات يولىدا بىر ئۆرلەپ، بىر چۆكۈپ كېتىپ بارىمەن. بېشىمدىكى ئوت مېنى ھاياتنى قەدىرلەشكە ئۈندەۋاتىدۇ، مېنى مۇھەببەتكە چاقىرىۋاتىدۇ.

## گۈزەللىك ناخشىسى

مەن — مەبۇد. مەن مىليونلىغان ئاشىق ـ مەشۇقلار ئىتائەت قىلىدىغان، بويسۇنىدىغان مەبۇد. خۇدا مېنى ھاۋا ئانىنىڭ گۈزەل سىياقىدا ئاپىرىدە قىلغان.

مەن — خۇدانىڭ ناخشىسى. خۇدا جىمجىت قەسىردە مېنى ناخشا قىلىپ ئېيتىدۇ. پەرىشتىلەر ناخشىنىڭ تۇزاندىلىرىنى ئىنسانلار ئارىسىغا ئېلىپ كېلىپ، قار دۆۋىلىرىنىڭ ئۈستىگە، گۈل بەرگىلىرىگە، قىزلارنىڭ لېۋىگە، بۇلۇتلارنىڭ چېھرىگە، دەريا ئېقىنلىرىغا، زۇمرەت ساھىللارغا، ھەقىقەتنى سۆيگۈچى، ئادالەتنى ياقلىغۇچى، ھۆرلۈك ئۈچۈن جان بېغىشلىغۇچى ئىنسانلارنىڭ قەلب دۇنياسىغا چېچىۋەتتى.

مەن — لىرىك كۈي. سۆيگۈ يۈرەكلەر ئاتاشتەك قەلب قەسىرىدىن مېنى ياڭرىتىدۇ، مەن تۇزان بولۇپ ئادەملەرنىڭ قۇلاقلىرىغا قونىمەن.

مەن — تەبىئەتنىڭ غەزىلى. تەبىئەت مېنى تۇۋۇلغاندا زېمىن تىترەيدۇ، تاغلار يېرىلىپ، دەريا ـ دېڭىز چايقىلىدۇ. مەن ھاۋانىڭ يۈرىكىدە ئېقىپ يۈرۈپ يېشىل ياپراقلارنىڭ بەرگىگە قونىمەن، گۈللەرنىڭ لېۋىنى سۆيىمەن، مەشۇقلارنىڭ كۆزىنى جىلۋە قىلىمەن، مېنى ئۇلار ئۆز ئىلكىدە ئاسرايدۇ.

مەن — زىلەيخان مەپتۇن قىلغان يۇسۇپنىڭ جامالى. مەن شېرىننى ئېزىقتۇرغان پەرھاتنىڭ رۇخسارى. مەن دۇنيادىكى ئاشىق ـ مەشۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرۈنمەس پەردە، ئۇلار مېنىڭ شۇ پەردەمنى قۇچاقلىشىدۇ.

مەن — ھەقىقەتنىڭ قەلب بۇلىقىدىن ئېتىلىپ چىققان سۆز. ھەقىقەتچىلەر مېنى قورقماي سۆزلەيدۇ، چۈنكى مەن ھەقىقەتچىنىڭ ئېتىزىدا تېخىمۇ چىرايلىق، تېخىمۇ كۆركەم بولۇپ ئېچىلىمەن.

مەن — بىپايان دالا. ئاشىق ـ مەشۇقلار مېنىڭ ئىسسىق قوينۇمدا مۇھەببەت پەيزىنى سۇرىدۇ.

مەن — باھارنىڭ تىنىقى. مەن باھارنىڭ يۈرىكىدىن ئۇخچۇپ چىققاندا، زېمىن بەخت ئىچىگە كىرىدۇ، ھەممە يەر يېشىللىق دۇنياسىغا چۆمىدۇ. مەن قۇشلارنىڭ تىلسىز ئېيتقان سۆزى، قۇشلار مېنى ئەرشتە پەرۋاز قىلىۋاتقاندا، دەرەخ شاخلىرىغا قونغاندا، ئېتىز بويلىرىدا يۈرگەندە سۆزلەيدۇ.

مەن — كەچكى شەپەق. مەن بۇلۇتلارنىڭ ئېتىكىنى، ياپراقلارنىڭ ئۈستىنى، زۇمرەت زېمىننى ئوت رەڭگىدە سۆيىمەن. بۇ سۆيۈش مۇھەببەتلىك سۆيۈشتۇر، بۇ سۆيۈش ئەڭ يۈكسەك سۆيۈشتۇر.

مەن — قۇللارنى قۇتۇلدۇرغۇچى ، نامراتلارغا روھ ئاتا قىلغۇچى.

# شىۋىرغان

شىۋىرغان، سەن قىشنىڭ ناخشىسى، قىش سېنى ئۆزىنىڭ ئىسسىق يۈرىكىدىن ئاپىرىدە قىلغان. سېنىڭ ئاۋازىڭ مۇز قاتلاملىرى تەكتىدىكى بېلىقنىڭ چۈشلىرىنى، قورام تاشلار باغرىدىكى يۇمران قۇرتلارنىڭ تاتلىق ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋېتىدۇ. سەن ئۇشقىرىتىپ زېمىننىڭ كۆكسىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ دېڭىزغا بېرىپ توختايسەن، دېڭىز ساڭا ئىسسىق مېھرىنى بېرىدۇ، سەن ئۇ يەردە يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشىسەن.

مەن سېنىڭ سوغۇق ئەپتىڭنى كۆرىمەن. سەن كېچە قاراڭغۇلۇقىدا چەكسىز تۇزلەڭلىككە تاپ بېسىپ كېتىۋاتىسەن.

مەن سېنىڭ ئارقاڭدىن ئۇن ـ تىنسىزلا قاراپ قالدىم. ناۋادا سېنىڭ قەدىمىڭ توختىسا ئىدى، سەن بىلەن ئۇزاق ـ ئۇزاق سۆزلەشكەن بولاتتىم.

سەن قىشنىڭ غەزىپى. دۇنيادا غەزەپ بولمىسا مۇھەببەت بولمايدۇ.

بۈگۈن تاڭ سەھەردە سەن يەنە بۇ يەردىن ئۆتتۈڭ، ئۆزىنىڭ شوخ ناۋالىرى بىلەن سېنى ئۇزىتىپ قويغان جىلغا ئاپپاق ئېچىلغان قارا گۈللىرىنىڭ جۇلاسى ئىچىدە ئەڭ سۆيۈملۈك ئانىدەك سېنىڭ ئارقاڭدىن قاراپ قالدى.

سەن ئۇزاپ كېتىۋاتىسەن، مەن سېنى ئاجىز ناخشام بىلەن چاقىردىم. سەن ئارقاڭغا قاراپ قويۇپ يەنە كېتىپ قالدىڭ.

مەن سېنى كۈتىۋاتىمەن. يۈرىكىمنى قولۇمغا ئېلىپ سېنىڭ كېلىشىڭنى كۈتۈۋاتىمەن، سېنىڭ مېنى يىراقلارغا ئېلىپ كېتىشىڭنى كۈتۈۋاتىمەن.

# ھەسەل ھەرىسى

ھەسەل ھەرىسىدىن ئىبارەت بۇ كىچىككىنە جانىۋارنىڭ ھاياتلىق ئالىمىدە ئاجايىپ خىزمەتلەرنى ئۆتەۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايان.

بوۋاي تاڭ سەھەردە كۆنەكلەرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قويۇپ، قۇرۇپ قالغان قىچا شاخلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. ھەرىلەر بوۋاينىڭ ئەتراپىنى ئەگىپ ئۆتۈپ، قىچىزارلىقنىڭ بىپايان قوينىغا سىڭىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى قۇلاققا بىر خىل لىرىك ناخشا بېغىشلىغاندەك ئەتراپنى گۈزەللىككە پۈركىگەنىدى.

بوۋاي بۇ بۈيۈك ھاياتلىققا پات ـ پاتلا قاراپ قويۇپ، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى. ھەرىلەر گۇللەرگە كۆڭۈل ئىزھارلايتتى، گۇللەر ئۇلارغا ئەڭ شېرىن مۇھەببەتتىن لەززەت بېرەتتى.

ئاجايىپ قىسمەتلەرگە باي بۇ تۇرمۇش بوۋاينىڭ ھايات سەھنىسىگە گۈزەل كۆرۈنۈشلەرنى ئاتا قىلدى. ئۇ دائىم ئۆز ـ ئۆزىگە: «بىر مىنۇت بولسىمۇ ئەجىر قىلىپ، بۈيۈك ئىشلار ئۈچۈن ياشاش كېرەك» دەيتتى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بوۋاينىڭ ھاياتى ئاخىرقى چەككە يېتىپ قالدى. ئۇ گۈلزارلىققا ئاستا مېڭىپ چىقتى. ھەرىلەر ئەركىن دۇنيادا ئىنسانلار ئۈچۈن بەخت يارىتىۋاتاتتى. ئۇ ھەرىلەرنىڭ ھەرىكەتچان قەلبىگە ئۇزاق قارىدى ـ دە، شۇ يەردە مەڭگۈ كۆز يۇمدى. بىر ئۆمۈر ئۆزلىرىگە شەپقەت ھەمشىرىسى بولغان بۇ ئۇلۇغ ئادەمنى ئۇلار شۇ قىچىزارلىقنىڭ يېنىغا دەپنە قىلدى.

ھەرىلەر: «سەن بىزنىڭ يۈرىكىمىزنى ئېلىپ كەتتىڭ» دەپ ئىنتايىن قايغۇردى. ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ياشىمايدۇ ھەم ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۆلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىر باسقان قەدىمىدە ھەقىقەت ۋە مۇھەببەت بار، ئۇنىڭ ھەربىر تىنىقىدا بەخت ۋە ئەمگەك بار، ئۇلار جاپالىق مېھنەت ئىچىدە ئۆز مۇنارلىرىنى تىكلەيدۇ. مەن ھەسەل ھەرىسىنى مەدھىيىلەيمەن.

# شىرىنلىك

مەن ئۇ يەرنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن چاغدا، ئۇ خىلۋەتتىكى بىر تاقىر ساي ئىدى. خېلى يىللاردىن كېيىن بۇ جىلغا پاكار ئۆسكەن قومۇشلۇققا ئايلىنىپتۇ. ئېگىز تۆپىلىككە تۇتاشقان بۇ زۇمرەت يەر مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سۆيۈملۈك يېرىم. مېنىڭ ھايات، مۇھەببەت ھەققىدىكى ئەڭ مۇڭلۇق كۈيلىرىم ئاشۇ جىلغا بىلەن باھار قاپلىغان ئېگىز تۆپىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پايانسىز گۈزەل دالىدا ئېيتىلىدۇ. دەل شۇ چاغدا جىلغىدىنمۇ يېقىملىق بىر ناخشا ئېيتىلىپ مېنىڭ قەلب تومۇرلىرىمدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، يۈرەك ياپرىقىمنى تىترىتىدۇ، مەن نارگىس يوپۇرماقلىرىدەك ھوشسىزلىنىپ قالىمەن. ئۇ كۈي دالىدا ساماۋى چۈشلەرنىڭ نازۇك پەردىلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ جەننەت ئىشىكىنى قاقىدۇ. مەن ئۆزۈمنى جەننەتتىكى تىكەنسىز گۈلنىڭ بەرگىسى ئۈستىدە كۆرىمەن، بەختنىڭ لەززىتى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئۆز شېرىنلىكىنى ئاتا قىلىدۇ، مەن شۇ چاغدا ھاياتنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىمەن.

تۆپىلىك، دالا، قومۇشلۇق، جىلغا، بىر ئۆمۈر ھاياتىمنىڭ شېرىنلىكىنى سىلەرگە باغلايمەن. ئۇ يەردە يىل بويى باھار ئۆكسۈپ قالمايدۇ. ئۇ يەر جىمجىتلىق ئىچىدە ھاياتقا نۇر بېرىدۇ.

مەن ئۇ يەرگە تۇنجى قېتىم بارغاندا ئاپپاق بىر پارچە يەر ئىدى. مانا ئەمدى شالاڭ ئۆسكەن قومۇشلار ئۇ يەرگە ئۆزگىچە ھۆسن مۇجەسسەملەپتۇ.

مەن ئۇ يەردە ھەقىقىي شېرىنلىككە ئېرىشىمەن. مەن شۇ شېرىنلىك ئىچىدە ئاشۇ تۆپىلىك، دالا ۋە جىلغامنى ئەسلەيمەن.

# تۇمارىم

سېنى ماڭا كىمنىڭ ھەدىيە قىلغانلىقى ئېسىمدە يوق. بەزىلەر سېنى خۇدانىڭ كۆز يېشى دېسە، بەزىلەر پەرىشتە ـ مالائىكلارنىڭ يېگانە گۈلى دېيىشىدۇ، يەنە بەزىلەر سېنى سۇبھى ئېلىپ كەلگەن شەپەق نۇرى، ئاسماننىڭ كۆكسىدىكى گىرىمسەن شولا دېيىشىدۇ.

مەن ئۇنداق دېمەيمەن پەرىشتەم. سەن ئۇلار ئېيتقاندەك گۈل، يامغۇر تامچىسى، كۆز يېشى، تاڭ شەپىقى، گىرىمسەن شولا ئەمەس، سەن كېچىسى پەيدا بولۇپ كۈندۈزى يوقاپ كېتىدىغان يۇلتۇزمۇ ئەمەس.

مەن خىلۋەت ئۆيۈمدە سېنى باغرىمغا چىڭ بېسىپ تۇرۇپ، مۇنداق دەيمەن:

«سەن بىر تۇمار. سېنى ئاتا ـ ئاناڭ ماڭا ھەدىيە قىلغان ئەڭ ئېسىل ئابىدە. مەن سېنى بوينۇمغا ئېسىپ، يۈرىكىمنىڭ ئۈستىدە ساقلايمەن. سېنىڭ تېنىڭ مېنىڭ روھىمنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ تۇرىدۇ. سېنىڭ روھىڭ مۇھەببىتىمنىڭ نازۇك ياپراقلىرىنى لەرزان تىترىتىپ ياشايدۇ. سەن ئەبەدىلئەبەد مېنىڭ مۇھەببىتىمنىڭ ھىمايىسى ئىچىدە ئۆز بەختىڭنى تاپىسەن.»

پەرىشتەم، دادام مېھرىبان ئانامنىڭ قويۇق چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ: «مېنىڭ تۇمارىم» دېگەن چاغلاردا، مەن خېلى چوڭلا يىگىت ئىدىم. ئانام ماڭا قەغەزدىن پۈتۈكچە پۈتۈپ قارا رەخت بىلەن ئوراپ بوينۇمغا ئېسىپ قويغان. مەن ئۇنى كېيىن ساڭا، پەقەتلا ساڭا — يېنىمدىكى «تۇمارىمغا» ئېسىپ قويدۇم.

شۇنداق، يىللار ئۆتىۋاتىدۇ. سەن بالىلارنىڭ ئانىسى بولۇپ قالدىڭ. مەن سېنى ئوخشاشلا: «مېنىڭ تۇمارىم» دەيمەن. سەن مېنىڭ تۇمارىم، جېنىم.

# ئەللەي ناخشىسى

قوزام، سەن خۇدانىڭ ماڭا بەرگەن ئىلتىپاتى، تەگرىنىڭ ئۆز پىنھانىدا بۇيۇك قەلب زۇننارىدىن ئۇخچۇپ چىققان ئالتۇن غۇنچە. مەن سېنى كۆكسۇمگە قىسىپ، ئىچىلدۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىمەن. سەن ھامان بىر كۈنى ۋىسال قۇچىسەن.

سەن زىنھار مالاللىق كۆرمىدىڭ. سېنىڭ تېنىڭ ياپراقلار بەرگىسىگە چۈشكەن تاڭ شەبنىمىدەك يالتىراپ، جۇلالىق ياشىدىڭ. قۇياش نۇرى سېنى ئالماس ئۇزۇكنىڭ كۆزىدەك نۇرلۇق قىلدى. تاغ سۇلىرى سېنى باھار گۈللىرىنىڭ بەرگىدەك پاك قىلدى. ئىزغىرىن سابا ئۇستۇڭگە توزانلارنى يولاتماي، سېنى ئەينەك قۇتا ئىچىدە ساقلىغان ئېسىل بۇيۇمدەك پەپىلىدى. سەن بەخت ئىچىدە چوڭ بولۇۋاتىسەن.

سەن زىنھار مالاللىق كۆرمىدىڭ قوزام، تەبىئەت سېنى ئۆز بۆشۈكىدە ئەللەيلىتىۋاتىدۇ. سەن ئۇچكە ئىچىدىكى غەمسىز مېغىز، سەھەردە ياغقان تۈنجى قار، سۇبھىدىكى لىرىك كۈي، ئورمانلىقتىكى ناۋالىق مۇزىكا. . . سەن ئاشۇنداق شادلىق ئىچىدە بالىلىق چاغلىرىڭ بىلەن ئاستا ـ ئاستا خوشلىشىۋاتىسەن.

سەن زىنھار مالاللىق كۆرمىدىڭ جېنىم . بۇلۇتلارنىڭ سايىسىدا ئۆڭكۈك قارىداپ كەتمىدى، دەريا جەڭگىۋار ناخشىسى بىلەن ھاياتنى چۈشەندۈردى، دەشت ـ قۇملۇق تۇرمۇشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى، سەن يېڭى بىر يولغا قەدەم قويىسەن.

سەن زىنھار مالاللىق كۆرمىدىڭ بالام، چوڭ بولۇپ قالدىڭ، سېنى نۇرغۇن مالاللىقلار بوسۇغا تۈۋىدە ساقلاپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ

ئۇچۇن قورقۇپ كەتمە.

سەن خۇشال ھەم ئۇزاق ياشاي دېسەڭ سۈكۈتنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىل. سۈكۈت قىلىش سېنى دار ئالدىغا سۆرەپ بارمايدۇ. ئۇ سېنى ئاددىي بۆشۈكتە ئەللەيلىتىدۇ، سەن ئاشۇ ناخشا ئىچىدە ئۇخلاپ قال، ئۇخلاش ئۆلۈم ئەمەس.

# مەن

مەن ئۆزۈمنى تونۇيمەن، بىراق چۈشەنمەيمەن. بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغىنىمغا خېلى يىللار بولغان بولسىمۇ، تېخى ئۆزۈمنى چۈشىنىپ باققىنىم يوق.

مەن ياشاش ئۈچۈن خۇدانىڭ ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىپ، تۇپرىقىدىن ئوزۇق ئىزدەپ كەلدىم. ئەقىدەمگە مۇناسىپ تىرىك تۇرۇۋاتىمەن.

مەن بارا ـ بارا ئادەملەرگە ئارىلاشماس بولدۇم. چۈنكى مەن ئادەملەرنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەنىدىم. ئەپسۇس، مەن ئادەملەر دۇنياسىدىن يىراقلاشقانسېرى ئۇلارنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدىن قىلىشىۋاتقان غەيۋەت ـ شىكايەتلىرىدىن خالىي بولالمىدىم. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەڭ بەختسىز ھېس قىلدىم. باشقىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىيالايدىغانلىقىمدىن ھاياتىمنى بەخت ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلدىم.

مەن ئاخىر ئۆزۈم ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا باشلىدىم. مەن: قەدىمىي ئىرادىن بۈگۈنگە ئېقىپ كەلگەن يەلكەنسىز كېمە؛ تالاي ئەسىرلەردىن بېرى قاغجىراپ قۇرۇپ كەتكەن سۇسىز دەريا؛ قاراكۆكۈل نەپسى بالىلارنىڭ ئىپلاس قولىدا بولغان غەزىنە؛ بوران ـ چاپقۇن، قار ـ يامغۇرنىڭ مۇدھىش زۇلمىتى ئىچىدە تەۋرەنمەي كېگانت تۇرغان تاش قەلئە؛ قۇشلار ئۇۋا سالمىغان قاقشال دەرەخ؛ قەدىمىي زامانلاردىن تۆگە ـ كارۋانلارنىڭ ئىزى قالغان نامرات، تەلەيسىز چۆل؛ توغراقلىرىنىڭ تومۇرى ئۈزۈلگەن، كۆزلىرىنىڭ يېشى قالمىغان چەكسىز باياۋان؛ قۇشلار

بىمالال پەر قاقالماي يۈرگەن بىپايان ئاسمان؛ يۇلتۇزلىرى ئۆچكەن سامان يولى. . .

تەپەككۇرۇم ئۆزۈمگە پىكىر قىلىشقا تېخى تولۇق يەتمىدى، يەتمىگەن بولسىمۇ ئۆزۈمنى ئازراق چۈشىنىپ قالدىم.

نامراتلىق، يوقسۇزلۇقنىڭ توزانلىــــرى توزۇپ تۇرىدىغان ئاددىي ئۆيۈمدە، مەن يەنە يالغۇزلۇق ئىچىدە خىيال قىلىمەن، مېنىڭ خىياللىرىم يۈرىكىم ھەققىدە سۆزلەيدۇ. مېنىڭ خىياللىرىم قان ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان، ئۆمۈچۈكلەر تاملىرىغا گۈل چەككەن ئاشۇ كەپەم ھەققىدە پىچىرلايدۇ.

مەن ئۆزۈمنى تونۇيمەن، بىراق چۈشەنمەيمەن. مەن ياشاۋاتقان يەر بەلكىم مېنى چۈشەندۈرۈپ قويار.

## تاش قەسىدىسى

باھارنىڭ يامغۇرلۇق كېچىسى. مەن ھەيكەلتاراچ دوستۇمنىڭ قەلئەسىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئىشكىنى چەكتىم. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ سۆيۈملۈك ئايال — دوستۇمنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھى مېنى ئۇنىڭ قېشىغا باشلاپ كىردى. ئۇ يىگانە ھالدا نەپىس ئويۇلغان كۆركەم بىر سەنئەت بۇيۇمىغا تىكىلگىنىچە ئۇزاق خىياللار قوينىغا ئەسىر بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆز نۇرى بۇيۇمنىڭ سىرتقى دۇنياسىدىن بىراقلا ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ روھىي ئالىمىگە يەتكەنىدى. ئۇ: «بۇ نېمىدېگەن ئېسىل، نېمىدېگەن بۇيۇك ـ ھە!» دەپ ئاستا شىۋىرلىغاندا، مەن ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىلا: «بۇ قالتىس سەنئەت ئىكەن، قالتىس تارىخ ئىكەن» دېدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. بىز سەمىمىي قۇچاقلاشتۇق. بىز ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە ئەنە ئاشۇنداق يېقىن بىر ئادەت كۈچى بىلەن قەلبىمىزنى ئىزھار قىلاتتۇق. بۇ بىزدىكى بىر ئۆلمەس مۇھەببەتنىڭ تۇرتكىسى بولسا كېرەك، تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كەتكەنىدى.

مەن ئۇنىڭ بۇ مۇقەددەس مۇزېيىدا ئۇنىڭ قان ـ تەر ۋۇجۇدىدىن ئايرىدە بولغان سەرخىل تاشتىن تىكلەنگەن ئاجايىپ ئۇلۇغ، ئاجايىپ جانلىق سەنئەت بۇيۇملىرىنى تاماشا قىلدىم. دوستۇمغا بولغان ھۆرمىتىم قەلبىم گۈلزارلىقىدا پورەك ئاچتى . ناخشام ئۇنىڭ سەنئەت تالانتىنى يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى.

يامغۇر توختىماي ياغماقتا ئىدى، ئۇ يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان، باش قىسمى خېلىلا قارىداپ كەتكەن، قونچاق

چوڭلۇقىدىكى بىر پارچە ھەيكەلنى تۇتقىنىچە سۆز باشلىدى:
— بىلەمسەن، نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى بىر پارچە ئاددىي ھەيكەل، جانسىز نەرسە، ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ دېيىشىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى قولىغا ئېلىپمۇ قويمايدۇ، ھەتتا بۇنى ئازگال ۋە ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلىۋېتىدۇ. ئەمما، ئۇ ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك ئۇنداق ئاددىي، ئەرزىمەس نەرسە بولماستىن، بەلكى جانلىق پاكىت ۋە مۇكەممەل تارىخ. بۇ ئارقىلىق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى بىلىۋالالايمىز. بۇ ئارقىلىق ئەجداتلار ئىزىنى قېزىپ چىقالايمىز. ئۇ بىزگە بۈيۈك نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇ قەدىمىي ۋەتەنىنىڭ كۆز ياشلىق ۋە قانلىق ناخشىسىنى توختىماي ئېيتىپ بېرىدۇ.
ئۇ جىمجىت قالدى. ئۇنىڭ تومۇرلىرىدىكى قان كۆزىدىن تامچىلاشقا باشلىدى. ئۇ ئاپئاق قول ياغلىقى بىلەن كۆز قېنىنى سۈرتتى. ياغلىقتا قاندىن گۈل چېكىلگەنىدى.
يامغۇر توختىماي ياغماقتا ئىدى، گۈزەل ھەم پاك تامچىلار دېرىزە ئەينەكلىرىنى چېكىپ ـ چېكىپ يەنە غايىپ بولدى.
ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— بىز كۆز ئالدىمىزدىكى نۇرغۇن بايلىقلىرىمىزغا سەل قارايمىز. بايلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئەتىۋارلىمايمىز ۋە سۆيمەيمىز. ئۇ بىراقلا غايىپ بولغاندا كەينىدىن يىغلايمىز، ئۆلگەندە ياسىن ئوقۇيمىز. بۇ بىمەنىلىك، بۇنداق ئادىتىمىز بىزنىڭ ئەنئەنىمىزگە ئايلىنىپ كەتتى. بۇ بىز ئۈچۈن بىر مەڭگۈلۈك تراگېدىيە. بۇنداق تراگېدىيە بىزنىڭ كۆركەم ھەم چىرايلىق سەھنىمىزدە كۈندە ئوينىلىۋاتىدۇ.
ئۇ قولىدىكى ھەيكەلنى ئەسلىدىكى ئورنىغا قويۇپ قويۇپ دېرىزە يېنىغا كەلدى. ئۇ دېرىزىنى ئېچىپ قويۇپ يامغۇرنىڭ ئۆي ئىچىگە كىرىشىنى توسمىدى. ھېلــى دېرىزە چەككەن يامغۇر تامچىلىرى بۇ سەنئەت سارىيىغا كىرىشكە باشلىدى. ئۇ دېرىزە

يېنىدا خېلى ئۇزاق تۇردى. ئۇ ئىچىدە بىر دەملىك سۈكۈت باشلاندى.

تۈن يېرىمىدىن ئاشتى. كوچا قاراڭغۇ ئىدى. يامغۇر توختىماي ياغاتتى.

ئۇ تېخى بۈگۈنلا باشقا بىرسىدىن سېتىۋالغان، قىزىل لاتىغا ئوراپ قويۇلغان بىر تاشنى ماڭا كۆرسەتتى.

— بۇ بىر تاش. ئۇنى بۈگۈن بىر دېھقاندىن سېتىۋالدىم. دېھقان بۇنى ماڭا ئۆز ئىختىيارى بىلەن سېتىپ بەردى. مەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل بەردىم. ئۇ مەندىن رازى بولۇپ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. بىلەمسەن دوستۇم، بۇ تاشنى مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ يۈزىدە نۇرغۇن قىزىل ـ كۆك تومۇرلار بار. ئۇلار بىر ـ بىرسىگە ئۇلانغان بولۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى تۇتقان ئادەملەردەك كۆرۈنىدۇ. يەنىمۇ سىنچىلاپ قارىساڭ، ئۇ سىزىقلار بىزگە قەدىمىي يېزىق بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بۇ يېزىقلار بىزگە ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ قەبرىسىنى ئىزدەشتە بىر بۈيۈك ماياك، — دېدى.

ئۇ ماڭا مەنىلىك قاراپ قويدى. قولىدىكى تاش يالت ـ يۇلت قىلغان چاقماق نۇرىدا چاقناپ كەتتى. ئۇ ئۇنى لاتىغا يۆگەپ قويۇپ، مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ جىمىپلا كەتكەنىدىم. ئۇ سۈۋۈپ مۇزلاپ كەتكەن قەھۋەنى بىر ئوتلاپ سۆزىنى داۋام ئەتتى.

— ئەجداتلىرىمىز تاشنى ئۇلۇغ بىلگەن. تاش ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغ نەرسە. يېڭى ئېرا دەۋرىدە بىز تاشتىن قورال ـ ياراغ ياساپ ياۋايى ھايۋانلار ئۈستىدىن غالىب كەلدۇق. باشلانغۇچ دەۋرلەرگە قەدەم قويغان چاغلاردا قوۋملارغا بۆلۈندۇق. ئارىمىزدا يەر ـ زېمىن تالىشىش كۈرىشى باشلاندى. بىز رەقىبلەرگە ئايلاندۇق. ئەنە شۇ چاغدا بىزگە يول ئاچقۇچى پەقەت تاشتىن ياسىغان قوراللىمىز بولدى.

— ئىنسانىيەت بارا ـ بارا ئەقلىنى تاپتى. ئادەم رەسىملىرى،

ھايۋان رەسىملىرى ، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ يارقىن سىماسى تاشنىڭ يۈپۈرمىقىغا چېكىلدى. ئۇلار ئاخىر تاشتىن ئۆي سالدى.

— مەن تاشنى، پەقەت تاشنى سۆيىمەن. يەرلەرنىڭ تومۇرى بولغان تاغلارمۇ تاش، دېڭىز ئاستى جانلىقلار دۇنياسىغا ماكان بولۇۋاتقان ئاشۇ يەرمۇ تاش. دۇنيانىڭ خاقانى تاش ئۈستىدە تۇغۇلغان، تاش ئىچىدە ياشىغان ، ئۇ ھايات كەچۈرگەن قەلئە ھەرگىزمۇ ئالتۇن ياكى مىس ئەمەس، پەقەت تاش.

— بىز تاش ئارقىلىق تارىخ مەدەنىيەت ۋە مىللەت ئىدېئولوگىيىسىنى تىكلىيەلەيمىز. تۇپراق بىلەن قەغەزگە يازغان خەت ئۇزاق ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ.

ئۇ دېرىزە يېنىغا قاراپ ماڭدى. يامغۇر توختىغانىدى. ئۇ دېرىزە تەكچىسىدىكى گۈل تەشتىكىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— بۇ تەشتەكمۇ تاش، ئۇ ئۆز باغرىدا قىزىلگۈلنى پەپىلەپ ئۆستۈرۈۋاتىدۇ. ئۇ ئۆز باغرىدا ئۇماق پەرزەنتىنى پەپىلەۋاتىدۇ، — دېدى ـ دە، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئولتۇرۇۋاتقان بۇ بىنامۇ تاش، بىزنى توختىماي تەپەككۇر قىلىشقا، توختىماي پىكىر قىلىشقا ئۈندىگەن ئاشۇ سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسى تاش. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن تاشنى مەدھىيىلەيمەن. ئۇنىڭ باغرىدا بەخت ۋە يورۇقلۇق بار.

دوستۇم خېلى ئۇزاققىچە جىم تۇردى، ئاندىن ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن:

— كۆپ گەپ قىلىپ كەتتىم. تاش ئۆزى جىم تۇرغىنى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكى توختىماي سۆزلەيدۇ، — دېدى.

مەن سۇبھى تۇغۇلۇپ تاڭ كۆلەي دەپ قالغان چاغدا سەنئەتكار دوستۇمنىڭ ئۆيىدىن چىقتىم. ھەر قەدەمدە، يوللاردا، دەرەخ يوپۇرماقلىرىدا ئۇنىڭ سىماسىنى ئۇچراتتىم.

## تىرىلىش

مەن سەھەرنىڭ يۇلتۇزى ئۆچكەن چاغدا دەرەختىن چۈشتۈم. چۈنكى مەن پىشىپ يېتىلگەنىدىم.

قۇياش بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ نۇرلىرىنى چېچىشقا باشلىدى. ھەممە يەر قۇياش نۇرىدا بىر خىل تاتلىق سېزىمگە چۆمدى.

قۇشلار دەرەخنىڭ باغرىدىكى ئۇۋىلىرىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ ئېگىز ئۆگزىلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتتى.

مەن ئۆز دەرىخىمنىڭ يېنىدا قۇياش نۇرىدىن ھۇزۇرلۇنۇپ ئولتۇردۇم. ھايات ئۆز يولىدا ئۇن - تىنسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. يوقىلىپ كەتكەن تۆگە كارۋانلىرى يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. قەدىمىي شەھەرلەرگە تۇتاشقان يىپەك يولى تىرىلدى.

مەن كۆزۈمنى ئۇۋىلاپ ئەتراپىمغا قارىدىم. قۇم ئاستىدا قالغان مىڭئۆيلەرنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ باشقىچە بولۇپ قالدىم. بۇرۇنقى جەمئىيەت كونا قەبرىلەردىن قېزىۋېلىندى. ئىپتىدائىي يېزىقلار مۇنار بولۇپ تىكلەندى.

مەن دەرىخىمنىڭ شاخلىرىدىن تۆكۈلگەن تارام - تارام ياشلارنى زېمىننىڭ ئېرىقلىرىغا باشلاپ قويدۇم. ئېقىنلار ئۇنى يىراقلارغا ئېقىتىپ كەتتى.

كەچ كىردى. قۇشلار ئۇۋىسىغا قايتتى. مەن دەرىخىمنىڭ يېنىدا يالغۇز قالدىم.

# يىغلىتىش

دۇنيامۇ چۆللۈككە يېقىنلاپ كەلدى. تىنىقلىرى توختىغان قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى سۈكۈت ئىچىدە ئۆز ئۆتمۈشىنى سۆزلەيدۇ. مەنمۇ ئۆزۈم ھەققىدە سۆزلەيمەن.

مەن قېيىقىدىن ئايرىلغان سالچى، كەتمىنىدىن ئايرىلغان دېھقان، قورالىدىن ئايرىلغان جەڭچى. مېنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆرگەن، مەن ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن، مېنىڭ قەلبىم ئۇلارنىڭ يۈرەك ناخشىسىنى ئاڭلىغان، مېنى ئۇلارنىڭ روھى يۇم - يۇم يىغلىتىۋاتىدۇ.

مەن سۇبھى سۈزۈلۈپ گۈگۈم چۈشكىچە زىنھار بەخت كۆرمىدىم. كىشىلەرنىڭ گۈل سېۋىتىدە يۇكۇنۇپ ئولتۇرغان بەخت، گۈللەرنىڭ بەرگىدە چاقنىغان ئامەتلەر مېنى ئۆكسۈتۈپ يىغلىتىۋاتىدۇ.

بېلىقچىلارغا شەپقەتسىزلىك قىلىۋاتقان دولقۇنلارنىڭ ئىچىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتىمەن. قىرغاقتىكى بېلىقچىلارنىڭ يالىڭاچ يۈرگەن بالىلىرى ماڭا ئەگەشتى. مەن ئۇلارنىڭ كۆز ياپرىقىدەك سېرىق چىرايىغا ئۇزاق قارىدىم. ئۇلارنىڭ يۈرىكىمۇ سارغىيىپ كەتكەندى. ئۇلارنىڭ ئۈنسىز ياش تۆكۈشلىرىدىن مەنمۇ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتىم.

مېنى ھەممە يىغلىتىۋاتىدۇ. يوقسۇزلۇق، كېسەللىك، نادانلىق... ئاچچىق يىغلىتىۋاتىدۇ.

مېنى ھەممە يىغلىتىۋاتىدۇ، يەر، تاغ، دېڭىز - ئوكيان، دەل - دەرەخ، جانۋار...

مېنى ھەممە يىغلىتىۋاتىدۇ، قىز - شەيتانلار، تۇرمۇش، ھايات. . .

مەن يىغا ئىچىدە قالدىم. دۇنيا تېخىمۇ چۆلدەرەپ قالدى.

# تۇنجى شېئىر

ئۇ گۈزەل ھاياتنىڭ يېشىل ساھىلىدا تۇنجى قېتىم تۇغۇلدى. باھارنىڭ تىنىقىدىن تۆكۈلگەن زۇمرەت گىياھ ئۇنى ئۆز بەرگىلىرىدىكى شېئىر بىلەن ئوغۇزلاندۇردى. ئۇ چوڭ بولۇشقا باشلىدى. ئۇ چوڭ بولدى. ئۇنى باشقىلار نېمە دەپ ئاتاشنى بىلمىدى. ئۇ ئەۋلىيا ياكى پوپ ئەمەس ئىدى، شائىرلىق ئۇنۋانىمۇ ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى. ئۇ خۇدانى تونۇمايتتى، ئەر ـ ئاياللارنىمۇ ئېنىق ئايرىيالمايتتى، ئۇ ئۆزىمۇ ھەر ئىككى جىنىسقا تەۋە ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغانلىقىدىن چەكسىز بەخت ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۆزىدىن پەخىرلىنەتتى. دۇنيادا ھېچقانداق كىشىگە ئۆزىنى تەڭ قىلمايتتى. ئۇ تۇپراقنى كەچلىك تامىقى، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى ئەتىگەنلىك تامىقى قىلاتتى.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ قېرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى يوقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇ ئاشۇ ياتقىنىچە خېلى يىللار ياتتى. ئۇنى يوقلايدىغان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى، بىراق ئۇ تېخىچە بىرەر ئادەمنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇنىڭ نامى تېخىمۇ چىقىشقا باشلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئادەمگە ئوخشاپراق كېتىدىغان، دەرەخ يوپۇرماقلىرىدىن يېپىنچا ئارتقان بىر ئايال ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۇسۇپلا كىردى. ئۇ بۇ ئايالنىڭ ياۋايى تۇرقىغا قاراپ، گەپ ـ سۆز قىلماستىنلا تۇرۇپ قالدى. ئۇ ھاياتىدا بىرىنچى قېتىم تۇنجى شېئىرنى كۆرگەنىدى.

# كەچكى شەپەق

ئۇ قۇياشنىڭ باغرىدىن ئۇچۇپ چىقتى. ئۇ ئېقىنلار ئۈستىدىن ئەگىپ ئۆتتى، بۇلۇتلار ئارىسىدا پەرۋاز قىلدى. دەرەخ شاخلىرى ئۇنى ئۆز ياپراقلىرىغا يېقىنلاشتۇردى.

ئۇنىڭ نۇرلىرى بارغانسېرى كېڭىيىپ زېمىننىڭ ھەممىلا يېرىگە تەكشى يېيىلدى. ئۇ ھەشەمەتلىك قەسىرلەرنى ئايلىنىپ ئۆتتى، ئېسىل داچىلارنىڭ تۇۋرۇكىنى سۆيدى. مەرمەر تاشلىق سارايلارنى تاماشا قىلدى.

گۇگۇم يېقىنلاپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى قۇشلارنىڭ قانىتى ئاستىغا يوشۇرۇندى. ئۇنىڭ ھېچيەردە ئىزى قالمىدى. گۇگۇم ئۇنى ئۆز باغرى ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئۇ بىردەمدىلا خىيالدەك غايىپ بولدى.

يىراقتا سەپەر قىلغان تۆگە كارۋانلىرى چىغىر يول باغرىدا شەپەقنى قايتا ئۇچرىتالمىدى، ئۇلارنىڭ مۇڭلۇق ھەم قايغۇلۇق ناخشىسى ئۇنى چاقىرىپ كېلەلمىدى. قەدىمدىن بۇگۈنگىچە سوزۇلغان يوللار كارۋانلارنى تولىمۇ يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى.

مۇز تاغ چوققىلىرىدىكى ئەركەك شامالالارنىڭ مەست سۆيگۈسى شەپەق كۆلگەن جىرالارنىڭ ئەتراپلىرىنى ئەگىپ يەنە يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتتى.

شەپەق تېخى ئويغانمىدى. پويىزنىڭ ئەنسىز ھەم يېقىمسىز ھۇۋلاشلىرى ياۋا غازلارنى ئۈركۈتىۋەتتى.

# يولۇچى

سەن يىراققا سەپەر ئەتتىڭ. ئاناڭ مۇقەددەس تەگرىدىن ساڭا ئاق يول تىلىدى. زۇمرەت زېمىن سېنى ئۆز باغرىدىكى جەننەت يولى بىلەن يىراققا ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ، مېھرىبان قۇچىقىدا ھىمات ئېتىۋاتىدۇ. يۇلتۇزلۇق ئاسمان سېنىڭ بۈيۈك خەلقىڭ، ئۇ سېنىڭ ئۈستۈڭگە نۇرلار چېچىۋاتىدۇ. سەن چەكسىز خىياللار قوينىغا ئەسىر بولۇپ، تالاي پىكىرلەرنىڭ سەرخىل دۇردانىلىرىنى ھەمراھ قىلدىڭ. پىكىرلەر ساڭا يېقىن ئەگىشىپ كېتىۋاتقان سەپەرداشىڭدەك سېنىڭ كۆزلىرىڭگە ئۈمىد ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇ خۇددى سېنىڭ جوراڭدەك ساڭا سۆيۈملۈك بولۇپ كۆرۈندى.

سەن يىراققا سەپەر ئەتتىڭ. خۇدانىڭ تىنىقىدىن كەلگەن مەيىن شاماللار يۇمشاق قوللىرى بىلەن يۈزۈڭنى سىلاپ ئۆتۈپ كەتتى. دەريالار ئۈستىدە يۈرگەن كۆكۈش مانانلار بېشىڭنىڭ ئۈستىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ يەنە ئۆز يېرىگە كەتتى. ئەتراپىڭدا ئەگىپ يۈرگەن يۇمشاق بۇلۇتلار يوللىرىڭغا يۇمشاق تېنىدىن ھېكەنداز سېلىپ، ئەتراپىڭدا پەرۋانىدەك ئەگىپ يۈرىدۇ. سەن ئاسمانغا قارىدىڭ. يۇلتۇزلار بوينۇڭغا گېرە، سالدى، قەلبىدىن تۆكۈلگەن ئوت ۋۇجۇدۇڭغا سۆيگۈ تاراتتى.

بىلەمسەن يولۇچى، سەن يىراققا سەپەر ئەتتىڭ، يۈرىكىڭنىڭ ئەمىن تېپىپ قالىدىغان پەيتى يېقىنلاپ قالدى.

# ياق...

يېرىم نەرسىلەر بىھاجەت ماڭا.

ئانىسىدىن ئايرىلغان بالا قۇشتەك تەلمۈرۈشلىرىمگە قارا. قاچاڭدا يېرىم توشقۇزۇلغان سۆيگۈ شەربىتى تۇرۇپتۇ. سەن ئۇنى مېنىڭ كۆڭلۈمگە تەڭلىدىڭ، بىراق كۆڭلۈم يېرىم نەرسىنى قوبۇل قىلمىدى. سەن ئۇنى لىقلاپ بەرمىدىڭ. سەن ئۇ قاچىنى مەڭگۈ لىقلاپ بېرەلمىدىڭ.

مەن پىنھان ھۇجرامنىڭ چىغ ۋاسىلىرىنى ساناپ تاڭنى كۈتۈۋالىمەن. قۇياش شەرق ئاسمىنىدا زەر تۆكىدۇ . ئۇ نۇرلىرىنى ھەرگىزمۇ يېرىم تۆكمەيدۇ.

مەن سۆيگىنىمگە قول ئۇزاتسام، ئۇ ماڭا بىر قولىنى ئۇزاتتى، مەن بۇنى يەنە قوبۇل قىلمىدىم.

مەن پەيغەمبەر كۈجە كۆيدۈرگەن ئەۋلىيالار تېغىغا چىقىپ خۇداغا يىغلىدىم:

«ئاھ خۇدا، ماڭا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتلىرىڭنى يېرىم قىلماسلىقىڭنى سورايمەن. ماڭا ئەۋەتكەن بەخت، تۈگىمەس مال-دۇنيا، يەر ـ زېمىن، دېڭىز ـ ئوكيان، مۇھەببەت ھەم نەپرىتىڭمۇ پۈتۈن بولسۇن. ماڭا بەرگەن ئۆلۈمنىمۇ پۈتۈن قىلغىن، يېرىم نەرسىلەر ئازابلىق ھەم مەنىسىز بولىدۇ. يېرىم نەرسىلەر كۆپ سۆزلەيدۇ. يېرىم نەرسىلەر ئۇزۇن ياشىيالمايدۇ. يېرىم نەرسىلەر مەنزىلگە يېتەلمەيدۇ.»

ئەي بۈيۈك تەڭرىم، مېنى دۇنياغا پۈتۈن قىلىپ ياراتقىن. ياق، يېرىم نەرسىلەر بىھاجەت ماڭا.

## مەن كىم؟

مەن كىم؟ ئۆز ـ ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم، خىيال ئارىلىرىدا تەمتىرەپ يۈرۈپمۇ جاۋابىنى تاپالمىدىم. مەن كىم؟

مەن مۇقەددەس ئىلاھنىڭ ئالماس خىشلىق قەسىر تېمىنىڭ تۇۋىدە پەرىشتىلەرگە ئۇچراپ قالدىم. ئۇلار مېنى خۇدانىڭ يېنىغا باشلاپ كىردى. مەن بۇ ئۇلۇغ ئىلاھتىن ئۆزۈمنى سورىدىم، ئۇ جاۋاب بەرمىدى.

مەن جەننەتكە كىردىم. ئۇ يەردىكى تىكەنسىز گۈللەردىن ئۆزۈمنى سورىدىم. ئۇلار مېنىڭ كىملىكىمنى دەپ بەرمىدى.

مەن تەبىئەت باغرىدىكى مەڭگۈ سىر بولۇپ كېلىۋاتقان تىلسىملىق تاشلاردىن ئۆزۈمنى سورىدىم، ئۇلارمۇ مېنىڭ كىملىكىمنى دەپ بەرمىدى.

مەن يۇلتۇزلارنىڭ ئۆڭكۈرلىرىدىن، نۇرلارنىڭ ماناخلىرىدىن، كائىناتنىڭ سىماسىدىن ئۆزۈمنى ئىزدىدىم، مەن يوق. مەن مىسىر فىرئەۋىن قەدىمىي قەبرىلىرىدىن، پادىشاھ موميالىرىدىن، سىرلىق ئېھراملاردىن، ئىدىقۇت خارابىلىرىدىن، كۇسەن مىڭئۆيلىرىدىن ئۆزۈمنى ئىزدىدىم، ئۇلارمۇ ماڭا جاۋاب بەرمىدى. مەن قۇياشنىڭ روھىغا ئۇچۇپ باردىم، قاراڭغۇ تۈننىڭ مەشۇقلىرى بىلەن ئۇزاق سۆزلەشتىم، ئۇلارمۇ مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى دەپ بېرەلمىدى.

مەن چوققىلار بىلەن سۆزلەشتىم، تاغلارغا ناخشا ئېيتىپ بەردىم، ئۇلارمۇ مېنى بىلمىدى.

مەن زاھىدلارنىڭ، روھانىيلارنىڭ يېنىغا باردىم، ئۇلارمۇ

مېنى تونۇمىدى.

مەن بەختلىكلەر، ئاقسۆڭەك ئېسىلزادىلەر، مۇلۇكدارلار، بانكىرلار، ھاراقكەشلەر، پائىشىلەر، ئوغرى ـ قاتىللار، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭمۇ يېنىغا باردىم، ئۇلارمۇ مېنى تونۇمىدى.

مەن مېھراپلىرى ئۆمۈچۈك تورى بىلەن زىننەتلەنگەن خارابە مەسچىتلەرگە، پەشتاقلىرى مەرمەر تاشتىن بېزەلگەن ھەشەمەتلىك چېركاۋلارغا باردىم، ئۇلار مېنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىمنى دەپ بېرەلمىدى.

مەن يەنە نۇرغۇن يەرلەرگە باردىم. قۇشلار بىلەن سۆزلەشتىم، كۆپكۆك دېڭىز ساھىلىدا ئۇزاق كېچىلەرنى ئۆتكۈزدۈم. ۋاقىت ئۆتۈۋەردى، خىيال كېمەم نېچۈنكى سەپەردىن ھالسىرىمىدى. مەن ئۆزۈمگە: «سەن قەيەردىن بولمىسۇن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ تېپىشىڭ كېرەك» دېدىم.

مەن كىمم؟

مەن ئۆزۈمنى ئىزدەۋاتىمەن. . .

# ئادىشىش

1

— كاپىتان، دېڭىز سائىتىنى ئېلىۋال، ئادىشىپ قالىسەن.
— ياق گېنېرال، مەن ئۆزۈم دېڭىز سائىتى.
ئۇ سەپەرگە چىققاندا دېڭىز سۈيى تىنچ ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇزاق ئۆتمەي شىمالنىڭ سوغۇق شاماللىرى ئۇنىڭ شېرىن چۈشىنى بۇزىۋەتتى. دېڭىز قاباھەتلىك چۈشتىن سىلكىنىپ ئويغانغاندەك ئەسەبىيلىك ئىچىدە چۇقان كۆتۈردى. بوران ئۇنىڭ گۈزەل ئاراللىرىنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ بولدى.
پاراخوت قارا تۇمان ئىچىدە ئىز ـ دېرەكسىز غايىپ بولدى. كاپىتاننىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلۇشىپ ھېچنېمىنى كۆرمىدى . ئۇ كېمىنىڭ نەدە كېتىۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتەلمىدى. ئۇ ئەنە شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئاداشقانلىقىنى ئويلىدى.

2

ئەي يىراقتا سەپەر ئەتكەن تۆگە كارۋانلىرى، تۆگەڭلارنىڭ بوينىغا كولدۇرمىلارنى ئېسىپ قويۇڭلار. سىلەرنى قاراباسقان چاغدا ئۇ ئۆز ئاۋازى بىلەن يىراقتىن شاپائەت چاقىرىدۇ، سىلەر ئاداشقان يولۇڭلاردىن قۇتۇلۇپ قالىسىلەر.

3

بىزنى ئازابقا قويىدىغىنى تۇرمۇشتىكى ئادىشىش. بىز تۇرمۇشقا سەل قارىساق، ئۇنى كۆز قارچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرىمىساق، ئۇ بىزگە پۇشايمان ۋە ھالاكەت ئېلىپ كېلىدۇ.

4

ئۆزىنى سۆيگەن كىشى باشقىلارنىمۇ سۆيەلەيدۇ. بىز ياشلىق چاغلىرىمىزدا مۇھەببەت قولۇقىغا ئولتۇرۇپ، سۆيگۈ ناخشىسىنى ئېيتىمىز. ئاشۇ ناخشا ئىچىدە بەختىمىزنى تاپىمىز. لېكىن، بىر قىسىملىرىمىز ئۇنى قەدىرلىمەيمىز. بۇ مۇھەببەتتىكى ئەڭ چوڭ ئادىشىشتۇر.

# يالغۇزلۇق

يالغۇزلۇق ئۆزىنى ئىزدەشنىڭ ياخشى پۇرسىتى. يالغۇزلۇق ئىچىدە دۇنيانى، ھاياتنى، سۆيگۈنى ۋە ئۆزىنى چۈشىنىپ يەتكىلى بولىدۇ.

قانىتى يارىلانغان بۈركۈت بالىسى پايانسىز كۆك ئاسماندا توختىماي قانات قېقىپ، ھالسىراپ ماغدۇرى قالمىدى. ئۇ ئۇۋىسىنىڭ يېنىدىكى تىك قىيا تاشقا قونۇپ، قان تەپچىۋاتقان قانىتىنى يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيدى. ئۇ بىر جۈپ يوغان كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكىپ بىر نېمىلەرنى ئىزدەيتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى، قەلبى ئۇنسىز يىغلاۋاتاتتى. ئۇ ئانىسىنى ئەسلەپ قالدى، ئۇ ئانىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمىنى ئويلاپ بەدەنلىرى گۈل يوپۇرمىقىدەك تىترەپ كەتتى. ئاخىر ئۇ ياتسىراپ قالغان كىچىككىنە ئۇۋىسىغا قايتىپ كىردى. ئۇۋا ئۇنىڭ ئۇچۇن تار ۋە قاراڭغۇ كۆرۈندى. ئۇ بۈگۈنلا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي يالغۇزلۇقىنى ھېس قىلدى.

تالادا بوران چىقىشقا باشلىدى، بوراننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ يۇمران قانىتى بوراننىڭ غەزەپلىك چۇقانلىرى ئىچىدە يارىلانغانىدى. ئۇ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ يېنىغا بېرىپ، يارىلانغان ۋۇجۇدىنى ئوتقا تۇتتى. ئىسسىق مۇھەببەت ۋە شېرىن ئۇيقۇ ئۇنىڭ يېنىغا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇنى ئۇيقۇ سۆيدى. ئۇ چۈشىدە ئانىسىنىڭ جۇشقۇن روھىنى ۋە يېڭىلمەس ئىرادىسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— ئانا . . . ئانا . . .

ئۇ ئانىسىنى توۋلاپ تالاغا چىقتى، بىراق بوراننىڭ دەھشىتى ئۇنى ئارقىغا چېكىنىدۇردى. ئۇ ئۇۋىسىغا قايتىپ كىرىپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى: «مەن مەردانە ياشىشىم، غالىب قانات قېقىشىم كېرەك. يالغۇزلۇق مېنى تاۋلىدى. ئۇچۇرما قىلدى. مەن يالغۇزلۇق ئىچىدە ياشاشنىڭ يوللىرىنى تاپتىم. ئېتىقاد ۋە روھىمنى تاۋلىدىم.» ئۇ شۇ گەپلەرنى دېدى ـ دە، دەھشەتلىك قاناتلىرىنى كېرىپ، نەرە تارتىپ چۇقان كۆتۈرۈۋاتقان بوراننىڭ ھالاكەت قوينىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ بۇلۇتلارنىڭ ئارا ـ ئارىلىرىدىن ئۆتۈپ، ئاسماننىڭ قەھرىدە پەرۋاز قىلدى. ئۇ ئۆزىدىن مىننەتدار بولغاندەك: «ئەسلى مەن مۇشۇنداق قىلىشىم كېرەك ئىدى» دېدى.

ئۇ ئۇچۇۋاتىدۇ. ئۇ چوڭقۇر سۆيگۈ مۇھەببەت بىلەن ئۇچۇۋاتىدۇ. ئۇ غالىب ئىرادە بىلەن ئۇچۇۋاتىدۇ. ئۇ غۇرۇر ۋە ۋىجدان بىلەن ئۇچۇۋاتىدۇ. ئۇ ئېتىقاد ۋە ئىمان بىلەن ئۇچۇۋاتىدۇ. ئانىسى ھايات چېغىدا تېخى ئۇچۇرما بولمىغان بالىسىغا ئەنە شۇنداق قىلىش توغرۇلۇق دېگەن.

بوران توختىدى. بۈركۈت بالىسى ئۇۋىسىنىڭ يېنىدىكى قىيا تاش ئۈستىگە قوندى. ئۇ ئۆز ئۇۋىسى يېنىدىكى سەرخىل گۈللەرنىڭ ۋەيرانە قىياپىتىگە قاراپ، ئىچىگە ئاستا تىنىپ قويدى. ئۇ يالغۇزلۇق ئىچىدە نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى چۈشەنگەنىدى. بوراننىڭ غەزەپلىك چۇقانلىرى ۋە چەيلەنگەن گۈللەر تالاي ـ تالاي قىسمەتلەرنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

# دېڭىز تامچىسى

دېڭىز تامچىسى ساھىلدىكى قۇلۇلە قېپىنىڭ ئۈستىگە ئۇچۇپ كېلىپ قوندى. ئۇ قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىشقا باشلىدى. دېڭىز تامچىسى قۇلۇلە قېپىغا ماختىنىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي قۇلۇلە قېپى، مېنىڭ گۈزەللىكىمنى كۆردۇڭمۇ؟ چېھرىمدىن تۆكۈلۈۋاتقان نۇر بۇ بەترەڭ ساھىلنى يورۇتۇۋاتىدۇ. مەن نېمدېگەن بۈيۈك ـ ھە!

ئۇ شۇ گەپلەرنى دېيىشكە ئاران ئۈلگۈردى ـ دە، قۇياش نۇرى ئۇنى بۇلۇتلار باغرىغا ئېلىپ كەتتى. قۇلۇلە قېپى بۇ تەكەببۇر تامچىنىڭ غەلىتە خاراكتېرىگە قاراپ: «سەن ھەرقانچە بۈيۈك بولساڭمۇ، ئۇسسىغان كۆڭۈللەرگە مەلھەم بولالمايسەن» دېدى.

# سەگەكلىك

سەن شېرىن ئۇيقۇغا كېتىۋاتىسەن. سېنى ئۇيقۇنىڭ مېھرىبان قۇچىقى ئۆز باغرىغا چاقىرىۋاتىدۇ. سېنى ئۇيقۇنىڭ ئالتۇن بۆشۈكى ئەللەيلەۋاتىدۇ. كىرپىكلىرىڭگە قونۇۋالغان ئاخىرقى تەبەسسۇمۇ ئۆچەي دەپ قالدى. لەۋلىرىڭدىكى شادلىق جىلۋىسى تۈگىدى.

مەن ساڭا سۇ چاچتىم. سەن ئەندىكىپ كەتتىڭ. كۆزلىرىڭ بىردىنلا دېرىزىدەك ئېچىلىپ كەتتى. مەن قوللىرىڭنى تۇتۇپ ئۆزۈمگە تارتتىم. لەۋلىرىم قۇلاق تۈۋىڭدە شىۋىرلىدى.

سەگەك بول جېنىم، سەگەكلىك سېنى بەختكە نائىل قىلىدۇ.

سەگەكلىك ئۇ ئۇخلاۋاتقانلارنى سىلكىپ ئويغىتىدۇ.

سەگەكلىك چىراغقا ئوخشايدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا يىغالايدۇ. سەگەكلىك ئۇ ھەممىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرالايدۇ.

سەگەكلىك ئەڭ مۇقەددەستۇر. ئۇ كىشىلەرنى بۈيۈكلۈككە ئېلىپ بارىدۇ. شانۇ شەۋكەت قەسرىدىن شاھ ھۇجرىسى بېرىدۇ.

سەگەكلىك پەرىشتە كەبى ساپ نۇر، ئۇ ساڭا مۇھەببەتلىك باقىنىدا، سەن مۇڭلۇق سۆيگۈ ناخشىسى ئىچىدە شادلىنىسەن.

سەگەك بول پەرىشتەم. بىز سەگەكلىك ئىچىدە يولىمىزنى داۋام ئېتەيلى. ئىرادىمىز بىزنى چوقۇم ئۆز ئارمانلىرىمىزغا يەتكۈزىدۇ.

# چىۋىن ۋە تاشپاقا

چىۋىن تاشپاقىدىن سوراپتۇ:

— ئەي ئېزىلەڭگۇ دوستۇم، مەن قانداق قىلسام پۈتكۈل ئالەمگە يىلتىز تارتالايمەن.

— ئەي چېچەن ئەۋلىيا، سوئالىڭغا جاۋاب ناھايىتى ئاددىي، ئالەمگە يىلتىز تارتىش ئۇچۇن ئەسلىدىكى ۋۇجۇدۇڭدا يوق نومۇسنى بايراق قىلىپ كۆتۈرۈپ چىقىسەن. قاناتلىرىڭنى كەڭ كېرىپ ئۇچىسەن. ئالدىڭغا نىمە كەلسە يەيسەن، نەدە ئۇلۇشۇڭنى، ئاتا ـ ئاناڭنى ئېسىڭدىن قەتئىي چىقىرىۋېتىسەن. شۇ چاغدا سەن ھەقىقىي ھايۋان بولىسەن ـ دە، شۇنىڭ بىلەن مۇراد ـ مەقسىتىڭ ھازىر بولىدۇ، — دەپتۇ تاشپاقا.

## تەقدىم

ئۇ يەرگە نۇرغۇن كىشىلەر توپلىشىۋالغانىدى . مەن ئۇلارنى بىرەر دۆلەت باشلىقىنى كۈتۈۋالغۇچى كىشىلەر بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم . ئۇلار ئۇ يەردە ئۇزاق تۇردى، بىراق بىرەرمۇ ئۇلۇغ ئەرباب كەلمىدى.

گۈگۈم پەيتىدە ئۇلار بىردىن ئىككىدىن ئۆيلىرىگە تارقاپ كېتىشتى.

مەن ئەتىسى ئۇ كىشىلەرنى يەنە ئاشۇ يەردە كۆردۈم. ئۇلارغا نېمىشقىدۇر قىزىقىپ قالدىم ـ دە، كىيىنىشى ئاددىي، لېكىن چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىر كىشىدىن:

— تاغا سىلەر بۇ يەردە نېمىشقا تۇرىسىلەر، — دەپ سورىدىم.

— بىز مۇھەببەت تەقدىم قىلغۇچىلارمىز، — دېدى ئۇ كىشى ئوتلۇق كۈلۈمسىرەپ.

مەن ھەيران قالدىم ۋە مېھىر ـ شەپقەت يوقاپ كېتىۋاتقان بۇ شەھەردە باشقىلارغا مۇھەببەت تەقدىم قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ بارلىقىدىن سۆيۈندۈم.

# قونالغۇ

تاغ باغرىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا سېلىنغان ئاددىي بىر چايخانا بار ئىدى. بۇ چايخانا بوۋاينىڭ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەڭ قەدىمىي خانىسى ئىدى.

ئوتۇنچىلار، ئوۋچىلار بۇ يەردىكى سۆيگۈ ھەم ئاراملىقتىن ھۇزۇر ئالاتتى.

تاغ تەرەپكە قارىتىپ قويۇلغان دېرىزىگە نېپىز، سۇس، كۆكۇش رەختتىن پەردە تارتىلغان بولۇپ، يولۇچىلار تاغ مەنزىرىسىدىن ئېستېتىك زوق ئالاتتى.

قونالغۇ زەي ھەم سوغۇق ئىدى، شۇنداقتىمۇ يولۇچىلار بۇ يەردە قونۇپ قالدى.

سۇبھىدە بۇ يەرگە تۇنجى ئاۋاز ئېلىپ كەلگۈچى تاغ قۇشلىرىنىڭ چايخانىنىڭ ئالدىدىكى توغراق دەرىخىگە قونۇپ سايراشلىرى يولۇچىلارنى ئويغاتتى.

ئوتۇنچىلار بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ، تاغ باغرىغا تۇتىشىپ كەتكەن كىچىك چىغىر يول بىلەن ئوتۇنغا كەتتى.

## ۋاقىت

ئۇنىڭ ئاۋازى يىغلامسىراپ چىقتى. كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياش زىناقلىرىدا ئېسىلىپ تۇرۇپ قالدى.

ئۇ قۇرۇپ قالغان بىر قېرى دەرەخنىڭ يېنىغا كەلدى. يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخ شاخلىرىغا قاراپ يەنە ئۆكسۈشكە باشلىدى.

بۇ سەھەر پەيتى ئىدى. سۇبھىنىڭ گىرۋەكلىرىدىن قۇياشنىڭ نۇرلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

بىر سىقىم ئوت دەرەخ شېخىدىن چاچراپ چىقىپ كۆزدىن غايىپ بولدى. ئەتراپنى ئاق تۇتەك قاپلىدى . ئۇنىڭ دىمى سىقىلىپ، نەپسى بوغۇلدى. ئۇ ئاخىر ھوشىدىن كەتتى. بىر چاغدا ھوشىغا كېلىپ قارىسا ئۇ يەنە ھېلىقى قاقشال دەرەخ يېنىدا ياتاتتى.

ئۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ دەرەخ يېنىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماياۋاتاتتى.

قىشنىڭ سوغۇق قولى ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى. ئۇ غال - غال تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ نۇرغۇن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى .

# دوقمۇش

كىتابچى بوۋاي سوغۇققا قارىماي كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن ساقىت ھالدا ئاشۇ دوقمۇشتا يايما ئاچىدۇ.

غۇربەت باسقان شەھەر يولى، ئۇچۇپ يۈرگەن پاسكىنىچىلىق، كوچىلارغا تاشلانغان قەغەز، مۇھەببەتسىز قالغان بىنالار. . . ئۇلار ھەممىسى بۇ بوۋايغا ئەڭ تونۇش.

كىتابچى بوۋاي موساپىرنىڭ غېرىب خانىسىدەك، ئاشۇ دوقمۇشتا يايما ئاچىدۇ.

مەن ئۇ يەردىن بوۋاينىڭ كېگانت تۇرقىغا قاراپ قويۇپ، بىر خىل ئىپتىخارلىنىش ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىمەن. كوچ - قۇۋۋىتى تولۇپ - تاشقان، ئاجايىپ تەقدىرلەرنى بويسۇندۇرۇۋاتقان بۇ بوۋاينىڭ كىچىككىنە يۈرىكىگە خۇدا ئالەمچە مۇھەببەت ئاتا قىلغاندى .

كىتابچى بوۋاي نامراتلارغا مېھرىبان ئانا، بەختسىزلەرگە كۆيۈمچان گۈلەختەك ئاشۇ ئىسسىق دوقمۇشتا يايما ئاچىدۇ.

ئەزەلدىن مېھرى - شەپقەتكە نائىل بولمىغان نامراتلار كىتابچى بوۋاينىڭ چىراغ يورۇقىدا ئۆز ئىقبال چېچەكلىرى ھەققىدە سۆزلىشىدۇ.

يىراققا سەپەر قىلغان يولۇچىلار ئۇنىڭ ماياكى بىلەن يەنە يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

كىتابچى بوۋاي، ئاشۇ دوقمۇشقا ئورنىتىلغان نۇرلۇق چىراغ. مەن دائىم ئۇ چىراغ نۇرلىرىنى كۆرىمەن. ئۇ يەردە مۇھەببەت ۋە ئۈمىد مەڭگۈ مەۋجۇت.

دوقمۇش، كىتابچى بوۋاي، كىشىلەر، ئۇلارنىڭ يۈرىكى يۈكسەك ئىرادە بىلەن كۆيىدۇ، ئۇلار ئۇلۇغۋار ئارزۇ - ئىستەكلىرى بىلەن ياشايدۇ.

## نەپەس

مېنىڭ تومۇرۇمدىكى قان زېمىنىنىڭ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان قان. مېنىڭ تىنىقىم زېمىنىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى روھ. مەن زېمىنىنىڭ تىنىقى بىلەن نەپەسلىنىپ ھايات كەچۈرۈۋاتىمەن.

مەن سەپەر قىلغىلى ئۇزۇن يىللار بولغان بولسىمۇ، مەنزىل تېخى مېنى كۈتۈۋالمىدى.

بۈگۈنمۇ ئارمان ــ ئىستەك ئۈچۈن بارلىقىمنى دوغا تىكىپ كېتىۋاتىمەن. يول جاپالىق ھەم ئۇزۇن.

مەنزىلگە تېخى يېتىپ بارمىدىم. ئۇزۇق ــ تۈلۈكىم تۈگەپ، كىيىملىرىم يىرتىلىپ كەتتى. يالاڭ ئاياغ كېتىۋاتىمەن.

گۈگۈم يېتىپ كەلدى. ۋاراڭ ــ چۇرۇڭ بېسىقتى، مەن كونا بىر ئىبادەتخانا ئىچىدە ئارام تاپتىم.

ئەزاننىڭ ساداسىدىن تاملار تىترەپ كەتتى. بۇ يەرنى ماكان ئەتكەن چاشقانلارمۇ ئۇۋىسىدىن چىقتى، مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ ھاياتلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار مېنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىمنى چۈشەنمەيتتى.

مەن نامازدىن كېيىن يەنە سەپەرگە ئاتلاندىم. جاپا ــ مۇشەققەت، جەبىر ــ زۇلۇم، تىل ــ ھاقارەت، ئاچلىق ــ ئۇسسۇزلۇق ماڭا نېمە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

زېمىن ئۇلۇغ كىچىك تىنغاندا، قەلبىمدىن قان ــ ياش تامچىلايدۇ. تاغلارنىڭ يىلتىزى يۈرۈكۈمنىڭ قاتلىمىدا ياشايدۇ. دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقى نەپسىم بىلەن ناخشا ئېيتىدۇ.

كېتىۋاتىمەن، مەنزىلگە تېخى يېتىپ بارمىدىم. تېنىم

سوۋۇپ، ئاخىرقى تىنىقىم قالغۇچە ماڭىمەن، بۇ زېمىننىڭ مەندىن كۈتىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ ئارزۇسى. مەن ئاخىرقى قىرغاققا يېتىپ بارغۇچە قېرىپ ھالىمدىن كېتەرمەن بەلكىم. چاچلىرىم ئاقاردى، ھايات ساھىللىرىدا مەن چوقۇم بىر ئۆمۈر ئىزدىگەن بەختكە نائىل بولىمەن.

مەن دەريا بويىدا قىرغاققا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان يەلكەنلىك كېمىلەرنى كۆردۈم.

# گۈلچى

گۈلچى بىر كۈن كەچكىچە بازار ئايلىنىپ گۈللىرىنى ساتالمىدى. گۈگۈم چۈشكەندىمۇ ئۇ بازارنىڭ دوقمۇشىدا يالغۇز تۇراتتى. ئۇ ھەممىدىن زېرىككەنىدى . ئۇ سېۋەتىدىكى بارلىق گۈللەرنى ئېلىپ يەرگە تاشلىدى. گۈللەر ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا چەيلەندى. ئۇ گۈللەرنىڭ تېنىدىن ئاققان قىپقىزىل قاننى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاشۇ گۈللەرنىڭ يۈرىكىدەك تىترەشكە باشلىدى. ئۇ ئۆلۈۋېلىش خىيالىغا كەلدى، بىراق ئۆلۈۋالمىدى. ئۇ ئەسەبىيلەشتى، يەردىكى گۈللەرنى ئالقىنىغا ئېلىۋىدى، ئۇنىڭ ئالقانلىرى قانغا بويالدى.

شامال چىقىشقا باشلىدى. ئۇ خۇرسەن بولۇپ، شامالدىن گۈللەرنىڭ بەرگىلىرىنى يىراقلارغا ئۇچۇرۇپ كېتىشنى ئۆتۈندى. شامال چەيلەنگەن ئاشۇ گۈللەرنى يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى.

ئۇ گۈللەرنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. ئۇنىڭ ئالقىنىدىكى گۈل ياپراقلىرى ئۇنىسىز ياش تۆكمەكتە ئىدى . گۈل ياپراقلىرىنىمۇ شامالغا بېرىۋەتتى.

ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى دېرىزە تەكچىسىگە تىزىپ قويۇلغان گۈللەرگە تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر خىل نۇر چاقناپ تۇراتتى.

ئۇ گۈللەرنى سېۋەتىگە قاچىلاپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

# سۆيگۈ ئىزلىرى

1

قۇشلار بىپايان ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلدى ، سەن ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى كۆرەلمىدىڭ.

كېمە سۇ ئۈستىدە يىراققا سەپەر قىلدى، سەن ئۇنىڭمۇ ئىزلىرىنى كۆرەلمىدىڭ.

تەبىئەتتە تۆت پەسىل بولغىنىدەك، تۇرمۇشنىڭمۇ ئوخشاشلا قىش، ياز، باھار ۋە كۈز پەسىللىرى بولىدۇ.

دۇنياغا ئادەملەر كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ. بەزىلەر ھاياتنى ئەھمىيەتلىك، مۇھەببەتلىك ئۆتكۈزىدۇ، ئۇز ھاياتىدا ئاجايىپ يېڭى ئىزلارنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ. بەزىلەر ئۇنداق ئەمەس، ئەتراپنى ئاختۇرۇپمۇ ئۇلارنىڭ قالدۇرغان ھېچقانداق ئىزىنى ئۇچرىتالمايمىز.

2

ئۇزاق ئېيتىلغان ناخشا ساداسى ئىچىدە كائىناتنىڭ تۇمەنمىڭ سىرلىرى ئارتىلغان تۆگە كارۋانلىرى بىپايان قۇملۇقنى بويلاپ يىراققا، تولىمۇ يىراققا سەپەر قىلدى. بۇ چېكى يوق چۆلدە ئەنە شۇنداق ئىزلار داۋاملىق كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

قاتتىق ئورۇندۇقنى ئۆز ھاياتىنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمراسى قىلىۋالغان بوۋام ئاشۇ ئورۇش يىللىرىنىڭ بىردىنبىر ھايات شاھى

ئىدى. ئۇ ئاشۇ سوغۇق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۆتمە ـ تۆشۈك بولۇپ كەتكەن ئىنچىكە ھەم ئورۇق پاقالچىقىنى بىزگە كۆرسەتتى. ئۆز ھاياتىنىڭ پارلاق ئىزلىرىنى يارانقان بۇ ئاق چاچلىق بوۋايغا يۈرىكىمىزدە باشقىچە بىر مۇھەببەت چېچەك ئاچقانىدى .

3

مەيلى خىزمەت، ۋە مۇھەببەتتە ئىز قالدۇر، ھەممىسى سۆيگۈ ئىچىدە ئاپىرىدە بولىدۇ. دۇنيانىڭ ئەسلى ماھىيىتى سۆيگۈنىڭ باغرىدا پىشىپ يېتىلگەن. سۆيگۈ دۇنيانى ياراتقۇچى ھەم گۈزەللەشتۈرگۈچى. ئىنسانىيەت ۋە تەبىئەتنىڭ يۈرىكىدە ئاجايىپ ئىزلارنى قالدۇرغان.

# بەخت تىلەش

كېتەر چېغىڭدا دېرىزە تەكچىسىگە «مەن كەتتىم، خەير ـ خوش قەدىرلىكىم» دەپ خەت قالدۇرغىنىڭدىن كېتىپ قالغىنىڭنى بىلدىم. ئىشىكىمنىڭ تاقاقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلۈڭ يېرىم بولغاندۇ بەلكىم. سەن كەتتىڭ، قىزىقتۇرغىدەك يېرى بولمىغان بۇ قەدىمىي شەھەردىن كەتتىڭ. سېنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسام ئىدى. . . ئەپسۇس سەن خېتىڭدە نەگە بارىدىغانلىقىڭنى يازماپسەن.

مەن تەنھا قالدىم، ناخشامنى ئاڭلايدىغان، ماڭا ئەپسانىلەرنى سۆزلەپ بېرىدىغان ئادىمىم يوق. ماڭا دوست بولالايدىغان ئاشۇ بىچارە كىتابلىرىمدىن باشقا ھەممە نەرسە بىمەنە كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

مەن كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ كېتىۋاتىمەن. تەرتىپسىز تۇرمۇش ئىچىدە ھۇرۇنلۇق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم. مېنى ئىزدەيدىغانلار ئەمدى ئىزدىمەس بولدى. مەن ئۇلارنىڭ ئىزدىشىنىمۇ خالىمايتتىم.

ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. مەن سېنى شۇ چاغدا بىزگە مۇھەببەت ھەققىدە ھېكايە سۆزلەپ بەرگەن قېرى دەرەخ يېنىدا كۆپ ساقلىدىم. سەن كەلمىدىڭ، سەن پەقەت كەلمىدىڭ.

كۆزلىرىمنىڭ نۇرى خىرەلەشتى. قۇشلار بىلەنمۇ سۆزلەشمەس، ھېچ نەرسىگە قىزىقماس بولۇپ قالدىم.

بۇلۇتلارنىڭ كۆز ياشلىرى توختىغان بىر كۈنى مەن قارلىغاچ باللىرىغا ھەمراھ بولۇپ ئېتىزغا باردىم. قىر بېشىدا تۇرغان

قارلىغاچ بالىلىرى قۇرۇپ قالغان بوغداي مايسىلىرىغا نېمىلەرنىدۇر سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

بۇ يەردە كىشىلەر قىزىقىدىغان ھېچ نەرسە قالمىدى. ئىللىق باھار، ئالتۇن كۈز، پېتىغىرىم ئىسسىق ۋە قەھرىتان سوغۇقمۇ كېتىپ قالدى.

مەن ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىدىم، سەن بولساڭمۇ بەختلىك بول پەرىشتەم.

# دادا، قاچان قايتىپ كېلىسىز؟

**قايغۇ سىنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا قانچە چوڭقۇر ئىز قالدۇرسا، سەن شۇنچىلىك خۇشاللىقنى سىغدۇرالايسەن.**

**—— جىبران خەلىل جىبران**

قىزىم پەزىلەت ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن يىلى، بەختسىزلىكنىڭ قارا قولى مېنى ئۇلاردىن ۋاقىتسىز ئايرىپ تاشلىدى. ئائىلىمىزگە كەلگەن بۇ تەتۈر قىسمەت بىزنى باشقا ـ باشقا يەرلەردە ياشاشقا مەجبۇر قىلدى.

ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، ئايالىم ۋە قىزىم بىلەن كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتى بولمىدى، خەت ـ ئالاقىمىزنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغىنىغىمۇ بىر، ئىككى ئاي بولۇپ قالغانىدى. مۇشۇ كۈنلەردە نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم يېرىم بولىدىغان، ئىچىم سىقىلىپ، روھىيىتىمدىكى غالىبلىق، ۋۇجۇدۇمدىكى جۇشقۇنلۇق بارا ـ بارا يوقاپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى.

بۈگۈن سەھەردىلا يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. يامغۇر ياغقان كۈنلىرى ئادەتتە ئىشقا چىقمايتتۇق. مەن فرانسىيە يازغۇچىسى ھيوگونىڭ «خارلانغانلار» رومانىنى كۆرۈۋاتاتتىم. بىزنىڭ ئەترەتنىڭ تەربىيىلەشكە مەسئۇل كادىرى بىر پارچە خەت ئېلىپ كىردى. ئۇ قىزىمنىڭ ماڭا يازغان خېتى ئىكەن:

«سۆيۈملۈك دادا، مۇشۇ تاپتا مېنىڭ نەدە ئولتۇرۇپ بۇ خەتنى يېزىۋاتقىنىمنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولدىڭىز، مەن سىزنىڭ يېزىق ئۈستىلىڭىزدە، ئاشۇ مېھرى ئىسسىق قوياشتەك يېنىپ تۇرغان كىتابخانىڭىزدا ئولتۇرۇپ، سىزگە ئۆزۈمنىڭ ئاددىي قەلبىمنى ۋە

ئاپامنىڭ بۈيۈك مۇھەببىتىنى ئەۋەتتىم.

ئىككى ئاي بولدى خەت يازالمىدىم. ئاپامنىڭ كېسىلى يەنە قوزغىلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. كۆڭلىڭىزنى پاراكەندە قىلمايلى دەپ بۇ خەۋەرنى سىـــزگە دېمىـــگەن. بۈگۈن ئاپام دوختۇرخانىدىن چىقىش ھارپىسىدا ماڭا بىر پارچە خەت يېزىشىمنى ئۇرۇنلاشتۇردى.

سۆيۈملۈك دادا، بىز ساناپ تۇرۇۋاتىمىز، بەختسىز كۈنلەر ئاخىرلىشىپ قالاي دېدى. بېشىمىزغا كەلگەن تراگېدىيىلىـــك كۈنلەرنىڭ ھامان ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىـــز. ئاپام: ھېچقانداق ئىنسان مەڭگۈ بەخت ئىچىدە ياشايمەن، ماڭا پالاكەت تۇزانلىرى قونمايدۇ دېيەلمەيدۇ، دەپ ماڭا نۇرغۇن گەپلەرنى دەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كۆڭلۈم تەسكىن تېپىپ، بىرخىل روھلۇق بولۇپ قالىمەن. يامان كۈنلەرنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىـــگە ئىشەنچىم تېخىمۇ ئاشىدۇ.

دادا، مەن سىزنىڭ تاپشۇرۇقىڭىز بويىـــچە كۈندىلىـــك تۇرمۇشۇمدا ماڭا تەسىر قىلغان ۋە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمنى كۈندىلىك خاتىرە قىلىپ يېزىۋاتىمەن. خېتىمنىڭ ئارىلىقىغا ئىككى كۈنلۈك خاتىرەمنى يېزىپ قويدۇم.

16 ـ ماي، جۈمە، ھاۋا تۇمانلىق ئىدى.

مەكتەپتىن بالدۇر ياندىم ـ دە، جەمئىيەتلا كوچىسىدىكـى نامراتلارنىڭ يىغىسى مېنى ئۆزىگە تارتتى. ئاسماندا نالە ـ زارلار، داد ـ پەريادلار ئۇچۇپ يۈرەتتى. گۈللەرنىڭ بەرگىلىرىگە ئۇلارنىڭ كۆز يېشى قان بولۇپ تۆكۈلەتتى. ئادەمنىڭ كۆزلىـــرىدە ياش ئەگىپ، قەلبىنى چوڭقۇر لەرزىگە سالىدىغان بۇ ئاۋازلار بۇ يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان ئاشۇ كوچمەنلەر كوچىسىدىن كېلىۋاتاتتى. مەن ئىختىيارسىز ئۇ يەرگە باردىم. بۇ يەردە تۇغۇلۇشىدىنلا ئاجىز يارىلىپ، باشقىلار تەرىپىدىن خارلانغانلار، پاكلىق گۈللىـــرى زوراۋانلارنىڭ رەزىل ئايىغىدا يانجىلىپ چەيلەنگەنلەر بار ئىدى.

پاسكىنچىلىققا تولغان كوچىلاردىكى بەتبۇي پۇراق ئادەمنىڭ دىمىنى بوغاتتى . مەن يۇندا تۆكۈپ قويۇلغان، ئەخلەتلەر رەتسىز دۆۋلەنگەن يول بىلەن يىغا چىققان تەرەپكە يېقىنلاپ كەلدىم. مېنى بىر نامرات تام، بىر نامرات ئىشىك كۈتۈۋالدى. ئۇ يەردە بىر كەمبىغەل بىلەن تۆت بالىسى بىرلا ۋاقىتتا خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتكەنىدى. مەن ئۇلارنىڭ تول قالغان ئانىسىنى يىرتىلىپ جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن ئەسكى يوتقان ئىچىدە كۆردۈم. ئۇ ئىنتايىن زەئىپلىشىپ كەتكەن ئىدىكى يىغلاشقىمۇ مادارى يەتمەيتتى. مەن ئۇلارنىڭ قولۇم ـ قوشنىلىرى بىلەن مېيىتلارنى يەرلىككە قويۇشقا ياردەملىشىپ، يەنە شۇ كوچا بىلەن ئۆيۈمگە قايتتىم. مېنىڭ بۇ يەردە كۆرگىنىم ئىشچىلار، قول ھۈنەرۋەنلەر، تىجارەتچىلەر، يىراقلاردىن كەلگەن كەمبىغەل دېھقانلار ئىدى. بۇ يەر ئاشۇ نامراتلارغا نىسبەتەن دوزاخ ئىدى.

مەن ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم. كۆز ياشلىرىم بىلەن ئۇ قىسمەتلەرنى ئاپامغا سۆزلەپ بەردىم.

20 ـ ماي پەيشەنبە.

ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىم كۆپ. مېڭىۋاتىمەن، يوللىرىمنىڭ مېنى نەگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ تېخى بىلىپ كەتمەيمەن. تەقدىرىم ئۈستىدە باش قاتۇرۇش مېنىڭ دائىملىق خىيالىم بولۇپ قالدى. ھايات توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىش خۇددى ئۇچ ۋاق تاماق يېيىشتەك ئادىتىمگە ئايلاندى.

بۈگۈن چۈشتىن ئاۋۋال مەكتەپ بىزنى جەمئىيەت تەكشۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇردى. مەن يولدا بىر قەلەندەرگە ئۇچراپ قالدىم. ئۇنىڭ كىيىملىرى يىرتىق بولسىمۇ چىرايى قاشتېشىدەك سۈزۈك ئىدى. ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ خۇددى دۆلەتمەن بىر ئائىلىنىڭ تەربىيە كۆرگەن بالىسىدەك سالام قىلدى. مەن ئۇ كىشىنى پەقەت كۆرۈپ باقمىغاچقا ھودۇقۇپ كەتتىم. ۋۇجۇدۇمنى قورقۇنچ باستى. ئۇ ماڭا مۇلايىملىق بىلەن: «دادىڭىز قايتىپ كەلدىمۇ سىڭلىم، سىز

دادىڭىزدىن پەخىرلىنىشىڭىز كېرەك. ئۇ تېپىلمايدىغان ئەنگۈشتەر، دەپلا كېتىپ قالدى. مەن ئۆيگە قايتىپ كەلسەم، ئاپام گۈل تەشتىكىگە سۇ قۇيۇۋاتقان ئىكەن. مەن ئاپامغا كۆرگەن ئەھۋالنى تەپسىلىي دەپ بەردىم. ئاپام ماڭا: «دادىڭىز ئاشۇ يوقسۇللارنىڭ دوستى ئىدى»، دېگەن گەپنىلا قىلدى.

ئەي سەمىمىي، سۆيۈملۈك دادا، ئىككى كۆنلۈك خاتىرەم سىزنى باشقىچە ئويغا سېلىپ قويۇشى مۇمكىن. لېكىن، مەردانە روھىڭىز سىزنى تۇمەنمىڭ غەملەردىن خالاس قىلالايدۇ. سىزنىڭ دائىم: «مەردانە كىشىلەر جاپا چەكسىمۇ، ھاياتتا خورلۇققا ئۇچرىسىمۇ، ئۆزىنىڭ پاك قەلبىنى بۇلغىمايدۇ» دەپ ئېيتقانلىرىڭىز ھېلىھەم ئېسىمدە.

بۈگۈن بىز سەھراغا چىقىپ، چوڭ دادام بىلەن چوڭ ئاپامنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كىردۇق. ئاپام: «داداڭ يېنىمىزدا بولغان بولسا قانچە ياخشى بولاتتى» دەپ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغاندا، بۇلۇتلارمۇ ياش تۆكۈشكە باشلىدى. بىز نامازشام بولغاندا ئۆيىمىزگە قايتىپ كەلدۇق.

دادا، يېزىدا نۇرغۇن ئادەملەر سىزنى سورىدى. ياشانغانلار سىزنىڭ ئۆمرىڭىز ۋە كەلگۈسىڭىز ئۈچۈن دۇئا قىلدى. باياۋاندا تۇرۇپمۇ ناخشا ئېيتسا ئۇنى تىڭشايدىغان كىشى بولغىنىدەك، سىزنىمۇ ياد ئېتىدىغانلار كۆپ ئىكەن.

دادا، تۈن يېرىم بولۇپ قالدى. خېتىمنى مۇشۇ يەردە توختىتاي ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ..

خەير، سىزنى سۆيۈپ: قىزىڭىز پەزىلەت.»

مەن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ كىرپىكلىرىمگە قونۇپ قالغان ياشلىرىمنى سۈرتۈۋەتتىم. مېھرىبان قىزىمنىڭ ئەقىللىق چوڭ بولغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم.

يامغۇر توختىماي يېغىۋاتاتتى. تالادا يامغۇرنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز يوق ئىدى.

گۇگۇم يېقىنلاپ كەلمەكتە، ئەتراپىمنى قاراڭغۇلۇق ناخشىسى قاپلىدى. مۇزدەك سوغۇق كارۋىتىم مېنى ئۆز مېھرىگە چاقىردى. مەن تۈن يېرىم بولغۇچە ئۇيقۇغا ئەسىر بولالمىدىم. قۇلاق تۈۋىمدە قىزىمنىڭ «دادا، قاچان قايتىپ كېلىسىز» دېگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى.

دادا، قاچان قايتىپ كېلىسىز. . . ؟

# باغۋەن

تاڭ شامىلى كۆزلىرىمگە سۆيگەندە كۆزۈمنى ئاچتىم. باھارنىڭ ئىللىق شاماللىرى دېرىزە تۈۋىدە جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. مەن دېرىزەمنى ئۇلارغا ئېچىپ بەردىم. ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىكى گۈلزارلىقتا باغۋەننىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئەتراپتىن گۈللەرنىڭ خۇشپۇراق ھىدى كېلىپ تۇراتتى.

مۇڭلۇق، لىرىك كۈيلەر يۈرىكىمگە ئىچكىرىلەپ كىرىشكە باشلىدى. خۇپپىيانە سۆيۈشلەر ئىچىدە كۆڭلۈم شېرىنلىككە تولدى.

مەن ئۇ ناخشا ئېيتىۋاتقان گۈلزارلىققا باردىم. ئۇ گۈللەرنى مېھرى بىلەن سۇغۇرۇپ، گۈل ياپراقلىرىدىكى چاڭ ـ توزانلىرىنى كۆز يېشى بىلەن يۇيۇۋاتقان ئىكەن.

مەن سەندەل دەرىخى يېنىدا تۇرۇپ، باغۋەننىڭ قولىدا پەپىلىنىپ چوڭ بولۇۋاتقان سەر خىل گۈللەرنى تاماشا قىلدىم. گۈللەر ئۆز ۋۇجۇدىغا مۇھەببەتتىن ئوزۇق بېرىۋاتقان ئۇشبۇ شەپقەتچىسىگە ساپ سۆيگۈسى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇۋاتاتتى. كۈنلەر ئۆتۈپ كۈز يېقىنلىشىپ كەلمەكتە. گۈللەر قۇرۇپ ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىنى شوخ شاماللار يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى. باغۋەن ئۇ يەردە قىمىر ـ سىدىر قىلماي تۇراتتى. ئۇ يەرگە چۈشۈپ قالغان يوپۇرماقلارنى بىر يەرگە يىغىپ قويدى.

قىشنىڭ بورانلىق كېچىسى باشلاندى. ئۇ ئاشۇ ھاياتلىق بوسۇغۇسىدا يەنە جىملا تۇراتتى. ئۇنى زېمىن ئۆز باغرىغا بىر ھەيكەل قىلىپ تىكلىگەندى . ئۇ يېگانە ئۇنۇپ چىققان گۈل

شېخىدەك تۇراتتى. ئۇ گۈلدەك گۈزەللىك ۋە سۆيگۈ تۆكۈپ، قىشنىڭ سوغۇق مېھرىگە نۇر چاچقۇسى كەلمەكتە ئىدى. مەن ئۇنى گويا باھاردىكى ئاشۇ گۈلزارلىقتا تۇرغاندەك ھېس قىلدىم.

# تاللاش

نۇرغۇن كىشىلەر بىللە سەپەرگە چىقتۇق. بۇ ھاياتىمىزدىكى ئىستىقبال سەپىرى ئىدى. بىز ئۆز ئىستىقبالىمىزنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمىز. بىز بىر - بىرىگە قايچىسىمان تۇتاشقان يوللارنى ئارقىمىزغا تاشلاپ قويۇپ، «ھالاكەت دېڭىزى» دېيىلگەن جەزىرىگە قەدەم باستۇق. بىز ئۇ يەردە نۇرغۇن نەرسىلەرگە، يەنى ئالتۇن - كۈمۈش، پىل چىشى، چىرايلىق قىز، ھەقىقەت، ئالماس - كەھرىۋا، ھوقۇق، ئاشلىق، سۇ، ئوت، ھۆرلۈك. . . قاتارلىقلارغا يولۇقتۇق. سەپەرداشلىرىم بۇ تۈگىمەس بايلىقلارغا ئۆزىنى ئاتتى. پۇلپەرەسلەر پۇل ئالدى، ھوقۇقپەرەسلەر ھوقۇققا نائىل بولدى، خوتۇنبازلار قىز تاللىدى، . ھەقىقەتچىلەر ھەقىقەتكە يۈگۈردى. ئىش قىلىپ ئۇلار ئۆزلىرىگە ئەڭ كېرەكلىك نەرسىلەرگە ئېرىشىپ يوللىرىغا راۋان بولدى. مەن يالغۇز قالغان ھۆرلۈكنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ گويا قۇلۇلە قېپى ئىچىدىكى زۇمرەت ياقۇتتەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چېھرىدىن چولپان يۇلتۇزنىڭ يارقىن نۇرى ياناتتى. مەن ئۇنى ئاستا قولۇمغا ئالدىم. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تەشنالىق بىلەن كۈتكەن ئارمىنىمنىڭ ۋىسالىغا يەتكەنلىكىمدىن چەكسىز خۇرسەن بولدۇم. مەن ئۇنى ئۆز يۇرتۇمغا، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ باردىم. مېنىڭ ھېلىقى سەپەرداشلىرىمنىڭ ھەممىسى نامراتلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار مېنىڭ ئېلىپ كەلگەن نەرسەمگە قاراپ ھاڭۋېقىپلا تۇرۇپ قالدى. مەن ئۇنى ھەربىر ئادەمنىڭ قولىغا بۆلۈپ بەردىم. كىشىلەر ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى، پەقەت ئەمدىلا چۈشەندى.

# ئىشەنچ

تۇرمۇش يولىمىزدا ئاجايىپ - غارايىپ قىسمەتلەرگە نائىل بولۇپ قالىدىكەنمىز. بەزىلىرىمىزنىڭ بېشىغا ئۆلۈم كۆلەڭگۈسى يېپىشسا، بەزىلىرىمىزنىڭ پېشانىسىگە تۇرمە ئازابى پۈتۈلىدىكەن، يەنە بەزىلىرىمىز ئوخشاش بولمىغان كېسەللىككە مۇپتىلا بولۇپ قالىدىكەنمىز... ئىشقىلىپ ئىنسان بولغانلىقىمىز ئۈچۈنلا بۇ تەتۈر قىسمەتلەرنى كۆرمەسلىككە ئامالىمىز يوق ئىكەن.

دوستۇم تۇرمىگە كىرىپ كەتتى. بىز دوستلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەسرەت چەكتۇق، قايغۇردۇق. بىر كۈنى مەن ئۇنى ئىزدەپ ئۇ تۇرۇۋاتقان ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىغا باردىم. ساقچى ئۇنى قورۇ ئىچىدىن ئېلىپ چىققاندا، مەن كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. ئۇنىڭ بۇرۇنقىدەكلا سالاپەتلىك، كېلىشكەن، پاكىز قىياپىتىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ روھى شۇنداق جۇشقۇن ئىدىكى، ئۇ ئۆز بېشىغا كەلگەن بۇ تەتۈرلۈككە پەرۋا قىلمىغاندەك شۇنچىلىك باتۇر كۆرۈنەتتى.

مەن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئەينەككە قارىدىم، ئۆزۈمنىڭ بەتبەشىرە تۇرقۇمدىن سەسكىنىپ كەتتىم. كۆز ئالدىمدا تۇرمىدىكى دوستۇمنىڭ پاكىز قامىتى نامايان بولدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھايات نېمىدېگەن قەدىرلىك - ھە! مەنچۇ؟ مەن ھاياتنى نېمىشقا ئۇنىڭدەك ئاسرىمايمەن، نېمىشقا ئۇنىڭدەك سۆيمەيمەن. مەن ئويغاندىم. تۇرمۇشتا ئوڭۇشسىزلىقلارغا يولۇققاندا تۇرمىدىكى ئاشۇ دوستۇمنى ئەسلىدىم. ئۇ ماڭا ھاياتتىكى ئەڭ ئېگىز مۇنار، «ئىشەنچ» نى تىكلەپ بەردى.

# كۆرۈشۈش

مەن سەن بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىدا ياشاپ كەلدىم. سەن ئۆزۈڭنى تېخىچە نامايان قىلمىدىڭ. مەن سېنىڭ تۇرقىڭنى بىلمەيمەن، رەڭگى ـ روھىڭنى تېخىمۇ بىلمەيمەن. مەن سېنى ئىزدەپ گۇللەردىن سورىدىم، دەرەخلەردىن سورىدىم. قۇشلارمۇ سېنىڭ قەيەردىلىكىڭنى كۆرمەپتۇ.

باھار تېخى يېتىپ كەلمىدى. قىشنىڭ سوغۇق شامىلى باھارنىڭ ئۇخلاۋاتقان كارۋىتى ئۇستىدىن ئەگىپ ئۆتتى.

قارا قاغىلار نېمىشقىدۇر بۇ يەردىن كېتىپ قالدى، ھۇۋقۇشمۇ ۋەھىمىلىك سايراشتىن توختىدى.

مەن يەنىلا سەن بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىدا ياشاۋاتىمەن. كۆنلىرىم بىھۇدە، مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. گۇللەرنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ تېخىمۇ جىمىغۇرلىشىپ كەتتىم.

تۈن يېرىم بولغاندا، ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىن كولدۇرمىلىق تۆگە كارۋانلىرى ئۆتتى، مەن ئۆگزىگە چىقىپ ئۇلار كېتىۋاتقان تەرەپكە ئۇزاق قارىدىم، سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يوق ئىدىڭ. مەن بەكلا زېرىكتىم، ئۆيۈمدىكى ئىت ـ مۈشۈكلىرىمنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىم.

تويۇقسىز مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ ئۇنى تىڭشىدىم، ئۇ راستىنىلا مۇزىكىنىڭ ئاۋازى ئىدى. قەلبىمدە ئىشەنچ پەيدا بولدى. ئاسمانغا ئۈمىد بىلەن باقتىم، يۇلتۇزلار ماڭا ئەڭ يېقىن جايدا ئەركىن ئويناۋاتاتتى ئىدى.

مەن سەن بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىدىلا ياشاپ كەلدىم، بەلكىم كېلىدىغان ۋاقتىڭمۇ بولۇپ قالغاندۇ.

# ياشلىق جىلۋىسى

سەن مېنىڭ يېنىمدا تەۋەللۇت بولدۇڭ ، مەن زىنھار كۆرۈپ باقمىغان يۇلتۇزلار ئاسمىنىدا پەيدا بولدۇڭ . سەن ئاشۇ يۇلتۇزلارنىڭ ئۈستىدە يېگانە ئولتۇرغانىدىڭ.

مەن سېنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇرسەن بولدۇم، سەن ماڭا بىر خىل ئىللىقلىق ئېلىپ كەلگەنىدىڭ، سەن ماڭا جەننەت ھەم باھار ئېلىپ كەلگەنىدىڭ.

سېنىڭ بىلەن بىرگە پەسىل قۇشلىرىمۇ قايتىپ كەلدى. غېرىبسىنىپ قالغان دەرەخ شاخلىرى شادلىق ناخشىسى ئېيتتى.

سەن ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە مۇھەببەت ھەم سۆيگۈمۇ ئېلىپ كەلگەنىدىڭ. ھەممە يەرنى يېشىللىق ھەم مۇھەببەت قاپلاپ كەتتى.

مەن سېنى كۆلبەمدە كۈتۈۋالدىم . سەن ياز شاملىدەك غىپپىدە كەلدىڭ. مەن سېنى قۇچاقلاپ باغرىمغا باستىم.

مەن سېنىڭ پەيزىڭنى سۈردۈم، سېنى قەدىرلىدىم ھەم ئاسرىدىم، ساڭا بارلىقىمنى ئاتىدىم، سەندىن بەختىمنى تاپتىم .

باھار قۇشلىرى ئۇچۇپ كەتتى، سېنىڭمۇ كېتىدىغان چاغلىرىڭ يېتىپ كەلدى، بەلكىم ھاۋا سوۋۇغىچە كېتىپ قالارسەن.

يوپۇرماقلار سارغىيىشقا باشلىغان چاغدا سەن ئاشۇ بۇلۇتلارنىڭ باغرىغا ئۇچۇپ كەتتىڭ.

# ھۇۋقۇش سايرىغان كېچە

دىلدارىم ئۆلۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ تېنىنى دەريا بويىغا ئېلىپ بېرىپ دەپنە قىلدىم. دەريا ئەڭ بۈيۈك ماتەم مۇزىكىسىنى ياڭراتتى. مەن سان ـ ساناقسىز ئاق قۇچقاچلار بىلەن بىرگە دىلدارىم ئۈچۈن ماتەم شېئىرى ئوقۇدۇم. ئۇ يەرلىكىدە يېتىپ بىزنىڭ ناخشىلىرىمىزدىن ھۇزۇرلىنىپ شېرىن چۈشلەر قوينىغا ئەسىر بولدى.

مەن يۈرىكى دەرد ـ ئەلەم بىلەن تولغان دىلدارىمنىڭ جەسىدى ئۈستىگە ئاخىرقى بىر كەتمەن توپىنى تاشلىغىنىمدا، توپىلاردىن كىشىنىڭ قەلب دۇنياسىنى ئېزىدىغان نالە ـ پەرياد كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. مەن ئۇ بىچارە تۇپراقنىڭ قەلبىگە تەسەللىي بەردىم. ئۇ ئاخىر دىلدارىمنىڭ يېنىدا ئۆز ئورنىنى تاپتى.

دىلدارىم ئۆلۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاددىي، ئەمما نەپىس قىلىپ مەرمەر تاشتىن زىنىنەتلەنگەن بىر قەبرە تېشى قاتۇردۇم. ئۇنىڭ يۈزى دەريا بويىغا قارىتىلغان بولۇپ، دەريانىڭ ناخشىسى ئۇنىڭغا مەڭگۈ دوست بولغانىدى.

دىلدارىم ئۆلۈپ كەتتى. خۇدا ئۇنى تۇپراقتىن ئاپىرىدە قىلغانلىقى ئۈچۈنلا يەنە تۇپراق باغرىغا ئېلىپ كەتتى. ئۇ قەبرىدە، خۇدانىڭ قېشىدا خۇشال ياتىدۇ. ئۇنىڭ تېنىدىن قىزىلگۈلنىڭ ھىدى كەلگەچكە، ئاق قۇچقاچلار قەبرە تېشى ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئالىدۇ.

مەن خېلى يىللاردىن كېيىن دىلدارىمنى يالغۇز قويۇپ كەنتىمىزگە قايتىپ كەلدىم. مەن كەنتنىڭ ئىشىكىنى چەككەندە

كېچە ئىدى. يىراقتىن بۆرە بىلەن شەيتاننىڭ ئەنسىز ھۇۋلاشلىرى تېنىمنى شۈركەندۈردى. ئىستلار تەرەپ ـ تەرەپتىن قاۋاشقا باشلىدى. مەن مىڭبىر جاپادا ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم. ئۆيۈمدە جىنلار مەشرەپ قۇرۇپ بەزمىگە چۈشكەنىدى. غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتىم. يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ گەپ قىلالماي قالدىم. ئۇلار پەرۋايىغا ئالمىغاندەك ناخشا ـ سازلار ئىچىدە مەست بولۇپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئاتامدىن قالغان قەدىمىي شەمشىرىمنى كۆتۈرگىنىمچە ئۇ ئىپلاس جىن ـ شاياتۇنلارنى خانەمدىن قوغلاپ چىقاردىم.

دىلدارىم مېنى مۇشۇ غېرىب كۆلبىگە تاشلاپ كېتىپ قالدى. مەن يىرتىلىپ كەتكەن ئەسكى كىگىزىمنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۇنى سېغىنىماقتىمەن . ئارىدىن نەچچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى ھۇۋقۇشلارنىڭ دېرىزەم تۈۋىدىلا ئەنسىز سايراشلىرىدىن تالاغا چىقىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۇلار توختىماي سايرىماقتا ئىدى . ئۇلارغا قارىتىپ چالما ئاتتىم. ئۇلار ھېچنېمە كۆرمىگەندەك يەنە سايراۋەردى.

مەن ئۇلارنى ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىن ھەيدىۋەتتىم، ئۇلار يەنە كەلدى، يەنە ھەيدىۋەتتىم. . . ئۇلار ئاخىر بۇ يەرگە كەلمەس بولدى.

ئەي مېنىڭ ئەزىز دىلدارىم، ھۇۋقۇش سايرىغان كېچىدىكى ھېكايىلەرنى بەلكىم سەنمۇ ئاشۇ پىنھان جايدا ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ، ئۇنىسىز ياش تۆككەنسەن، قايتىپ كەل ئەزىزىم، مېنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ قايتىپ كەل، بۇ غېرىب كەپىمىزنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقايلى!

# شەيتان

شەيتان سۇپىدا يۆگىنىپ ئولتۇراتتى. ھۇۋقۇش ئۇنىڭ ھېيسسىياتىنى بۇزىۋەتتى. قاقشال جىگدە شېخىدا ئولتۇرۇپ ھەدەپ ھۇۋلاۋاتقان ھۇۋقۇشنى كۆرۈپ ئۇنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى. ھۇۋقۇشنىڭ ئەنسىز ھۇۋلاشلىرى شەيتاننىڭ بارلىق ئەندىشە ۋە ئازاب - ھەسرەتلىرىنى قوزغاپ قويدى. ئۇ تېخىمۇ قورقۇپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ قورقىشىدا چوقۇم بىر سىر بار ئىدى.

تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە ھۇۋقۇش سايراشتىن توختىدى. شۇ چاغدىلا شەيتاننىڭ قۇلىقى تىنجىپ، كۆزى ئۇيقۇ سۆيدى، ئۇ شۇندىن كېيىن ھۇۋقۇشنى ئىككىنچى رەت كۆرمىدى. ئۇ شەيتانمۇ قېرىپ ھالىدىن كەتكەن، كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغانىدى .

# چىراغ نۇرى

سەن دەريا بويىغا قاراپ ماڭدىڭ. قولۇڭدىكى كىچىككىنە چىراغ سېنىڭ ئۈمىدىڭ ئىدى. قولۇڭدىكى چىراغنىڭ نۇرىدا يول كۆندۈزدەك يورۇماقتا ئىدى.

سەن دەرياغا يېتىپ باردىڭ. ئۇ يەردە يېگانە قېيىق سۇنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ تۇراتتى. سەن چىراغنى قېيىققا بەردىڭ، قېيىق ئۇنى كۆتۈرگىنىچە دەريانىڭ چۇقانلىق دولقۇنلىرىغا سىڭىپ كەتتى.

سەن قېيىقنىڭ كەينىدىن خېلى ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇردۇڭ، چېھرىڭدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى، سەن ئۆز ئىشىڭدىن مەمنۇن بولغانىدىڭ.

# مايسا

مەن پەقەت مايسا، مەن باھارنىڭ سەھىرىدە تۇپراقنىڭ تومۇرىغا ئېقىپ كىرگەن كىچىككىنە ئۇرۇقتىن ئاپىرىدە بولغان يۇمران سۆيگۈ. مېنىڭ يىلتىزىم يەرنىڭ قولىدا چىڭ سىقىمداقلىق، ئۇ مېنى مېھرىبان قولى بىلەن ئاسرايدۇ.

مەن تېزلا چوڭ بولدۇم، مېنىڭ يېشىل تېنىم ئاسماندىن رەڭ ۋە ئوزۇق ئېلىپ، ھۆسنىم دېڭىزدەك گۈزەللەشتى. مەن چەكسىز گۈزەللىك ئىچىدە ئەتىگە قاراپ كېتىۋاتىمەن.

مەن پەقەتلا مايسا، مەن بۇ ساپ تۇپراقتا بويلىرىدا ئۆستۈم. قۇياشنىڭ پاساھىتى مېنىڭ يۈرىكىمگە ئېقىپ كىرىپ ماڭا مېھىر ئاتا قىلدى.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ھايۋانلارنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزانلار ئۇستۈمگە قوندى. مەن تەڭرىدىن يامغۇر تىلىدىم. تەڭرىم تىلىكىمنى قوبۇل قىلدى. مېنىڭ تېنىم پاكلاندى. لېكىن، توزانلار مېنىڭ گۈزەللىكىمگە يەنە ئارام بەرمىدى، نېمىشقىدۇر ئېغىر - ئېغىر ئاياغلار تەرىپىدىن دەسسىلىپ، تېنىم پاسكىنا ئاياغلارنىڭ ئاستىدا يانجىلدى، گۈزەللىكنى سۆيمەيدىغانلار تەرىپىدىن نابۇت قىلىندى. قۇلىقىمغا: «ئەي يۇمران مايسا، روھلۇق بولغىن، ئۇلار ھەرقانچە قىلسىمۇ سېنى پەقەت ئۆلتۈرۈۋېتەلەيدۇ، يىلتىزىڭنى قۇرۇتىۋېتەلمەيدۇ، ياق...» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

مەن ئاشۇ تەسەللىي ئىچىدە ئۈمىد بىلەن قايتا تىرىلدىم. مەن پەقەتلا مايسا.

# ئىبادەت

دېڭىز قۇشلىرى ئۇۋىسىغا قايتتى. كەچكى شەپەقنىڭ ئاخىرقى تەبەسسۇمى ساھىللارنىڭ قۇمساڭغۇ توپىلىرىنى سۆيۈپ ئۆتتى. ئۇ زۇمرەتتەك دېڭىز ئۈستىدە ياغاچ قېيىق بىلەن بىزدىن يىراقلاپ كەتتى.

گۇگۇم چۈشكەندە مەن قايتىپ كەلدىم. ئانام ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ، تەڭرىگە ھەمدۇ سانا ئېيتىۋاتاتتى. تەڭرى ئانامدىن ئانچە يىراق بولمىغان ئارىلىقتا ئۈستۈڭشىنى ئاق پەرەنجە بىلەن ئوراپ جىمجىت ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپ گۇناھلىرىمدىن ئۆتۈشنى تەلەپ قىلدىم. تەڭرى شەپقەتلىك لەۋلىرىنى پېشانەمگە ئاستا تەككۈزۈپ بارلىق گۇناھلىرىمدىن ئۆتتى.

ئانام ئىبادىتىنى ئۈن - تىنسىز داۋام ئېتىۋاتاتتى. تاڭ ئاتقاندا ئۇ جەينامازدىن چۈشتى.

— ئانا، تەڭرىنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ بىر خىل رەنجىش ئىچىدە:

— يوق گەپنى قىلما، بەندىگە تەڭرىنى كۆرۈش نېسىپ بولمايدۇ، — دېدى.

— ياق ئانا، بۈگۈن مەن تەڭرىنى راستىنلا كۆردۈم. مەن ئۇنىڭدىن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىنى ئۆتۈندۈم. ئۇ پېشانەمگە سۆيۈپ تۇرۇپ: «سېنىڭ قەلبىڭ مۇھەببەت بىلەن تولغان» دېدى.

— يامان بولىدۇ بالام، ئۇنداق گەپنى قىلما، — دېدى ئانام

مېھرىبانلىق بىلەن، — قىيامەت كۈنىسى مەشرىگاھتا ئۇنى ھەممىمىز كۆرىمىز.

ئۇ شۇ گەپلەرنى دەپ قويۇپلا سىرتقا چىقىپ كەتتى. مەن ئانامغا خۇدانى كۆرگەنلىكىمنى توغرىسىدا قايتا ئېغىز ئاچمىدىم.

چاي ۋاقتى بىلەن كۈندىلىك ئادىتىم بويىچە دېڭىز ساھىلىغا باردىم، قۇشلارمۇ كېلىپ بولغانىدى. نامرات بېلىقچىلار ياغاچ قېيىقلىرىنى دولقۇنلار ئىچىگە ھەيدەپ يىراقلارغا كېتىپ قالدى. دېڭىز گويا بىر يېشىل يايلاقتەك ئۆزىنىڭ مېھرى - مۇھەببەتكە تولغان سۆيىنى ئاشۇ ھاياتلىق دۇنياسىغا ھەدىيە قىلاتتى.

قۇياش غەرب تاغلىرىنىڭ لەۋلىرىنى سۆيۈشكە باشلىغاندا، سېۋەتىگە لىققىنا بېلىق قاچىلىغان بېلىقچى بوۋاي بىللە قايتتىم. ئۇ: «خۇداغا مىڭ مەرتىۋە شۈكرى، بۈگۈنكى ئەقىدەمگە يارىشا ئاز - تولا رىزىققا نائىل بولدۇم، ئۇششاق باللىرىم بىر قېتىم جەننەت كۆرىدىغان بولدى» دېدى.

مەن ئۆيگە كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ بولدى. بۈگۈنمۇ ئانامنى ئىبادەت ئۈستىدە كۆردۈم.

تەنھا ھۇجرام سوغۇق ئىدى. مەن تاڭ سۈزۈلگىچە خىياللار قوينىغا ئەسىر بولۇپ، تەڭرى ھەققىدە پىكىر قىلدىم ھەم ئۇنى سېغىندىم، لېكىن ئۇ قايتا كەلمىدى. ئۇنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىمدىن چىقىرىپ قويمىدىم.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ كەتتى، دېڭىز سۈيىمۇ ئازلاپ كەتتى. دېڭىز قۇشلىرىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەيمەن، بېلىقچىلارمۇ بۇ يەرگە كەلمەس بولۇپ قالدى.

مەن ئۆيگە بېرىپ جەيناماز ئۈستىدە ئىبادەت قىلىۋاتقان ئانامنىمۇ يەنە قايتا ئۇچرىتالمىدىم.

ئانام، بېلىقچىلار، دېڭىز قۇشلىرى... ھەممىسى تەڭرىنى ئىزدەپ كەتكەنىدى.

# ئۇۋا

ئەي قوم كۆكسىدە ئۇنۇپ چىققان يېگانە دەرەخ، ئىللىق باغرىڭغا مۇستەھكەم ئۇۋا سېلىپ قويۇپ نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتكەن قۇشلىرىڭنى سېغىندىڭمۇ؟ تۇل ئايالنىڭ يېتىم كۆلبىسىدەك غېرىب قالغان بۇ ئۇۋا يۇمران ياپراقلارغا ئۆز قىسمىتىدىن قانداق ھېكايەتلەرنى سۆزلەپ بېرەركىن!؟ سەن بىلىپ تۇرۇپمۇ سۆزلىمەيسەن.

سەن قەدىمكى جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى، ئىرماش - چىرماش ئۆسكەن شاخلار بۇگۇنكى سەن. يۈرىكىڭ ئۇستىدىكى ئۇۋا سەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەر. ئۇ ئۇۋىدا سەن تالاي - تالاي قۇش باللىرىنى ئۇچۇرما قىلدىڭ، بۇ سېنىڭ ئانىلىق مەجبۇرىيىتىڭ...

كۈن ئولتۇرۇپ ھاۋا سوۋۇغان چاغدا باللار سېنىڭ يېنىڭغا كەلدى. ئۇلار قىزىل قولتۇقلۇق پاتمىچۇق باللىرىنى ھېلىقى ئۇۋىغا تاشلىدى. بىراق، سالما باللىرى بۇ يەردە قانداقمۇ ياشىيالىسۇن. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئېگىز دەرەخنىڭ ئۇستىدىن يەرگە ئېتىپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە كۆزدىن غايىپ بولدى. باللار چۇقۇرۇشۇپ دۆۋە - دۆۋە قوم بارخانلىرى ئارىسىدىكى پاتمىچۇقلارغا ئەگىشىپ يۈگۈردى.

ئەي، ئۆز قۇشلىرىنى سېغىنغان دەرىخىم، سېنىڭ خىيالىڭ قاتمۇقات قوم ئاستىدىكى ھېسابسىز بايلىقتا، سېنىڭ خىيالىڭ تاغ قاپتىلىغا يوشۇرۇنغان ئەنگۈشتەردە، سېنىڭ خىيالىڭ سەن ئۇچۇرما قىلغان قۇشلاردا...

سەن قېرىپ كېتىشتىن بۇرۇن قۇشلىرىڭنى يېنىڭغا چاقىر.

ئۇلار ئۆز ئۇۋىسىنى قايتا تاپسۇن!

بالىلارنىڭ چۇقانلىرى يىراقلاپ كەتتى. ھەممە يەر شېرىن ئۇيقۇدا، پەقەت دەرەخلا، پەقەت ئاشۇ ئۇۋىلا ئۇخلىمىغانىدى.

## نېچۇن

بارماقلىرىمنى چىشلەپ ئۇزۇۋەتتىم. ئاچچىق ئاغرىق ئەلەم بىلەن يۈرىكىمگە سانجىلدى. ئىسسىق قېنىم يېتىمنىڭ كۆز يېشىدەك تۇپراققا ئېقىپ چۈشتى. تۇپراق ماڭا «نېچۇن؟» دېگەن ئاددىي پۈتۈكنى بەردى. مەن پۈتۈكنى ئېچىپ پەس ئاۋازدا ئوقۇدۇم، ئاۋازىمنى پەقەت تەڭرىلا ئاڭلىيالايتتى.

چاقماق چاقىدۇ، دېڭىز شاۋقۇنلايدۇ، دەريا چۇقان سالىدۇ، قۇم كۆچىدۇ، يەر تەۋرەيدۇ، تاغ ۋولقانلايدۇ، ئادەم ئۆلىدۇ، ئۇرۇش، كەمسىتىش... ھەممىسى نېچۇن؟

ئەي، بىزگە باش سۆڭەكلا بەرگەن شەپقەتلىك تەڭرىم، تۇپراقنىڭ سوئالىغا قېنى ئۆزۈڭلا جاۋاب بەرگىنە...

# قاراش

ئادەتتىكىگە ئوخشاش يېڭى كۈن باشلاندى. قەلەندەر بوۋاي ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك كەچۈرمىشلىرىگە بوگۈن سەھەردىلا خاتىمە بەرگەنىدى . ئۇ شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى ھەشەمەتلىك ئاشخانىنىڭ مەرمەر تاشلىق تۆۋرىكىگە يۆلەنگىنىچە مۇزلاپ قالغانىدى . ئادەملەر بۇ يەرگە توپلانغانىدى . بۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى مۇساپىرلار، سودىگەرلەر ۋە ياللانما ئىشلەمچىلەر ئىدى. ئۇلار كۆزى ئوچۇق كەتكەن بۇ قېرى تىلەمچىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشتى.

ۋاقىت ئۆتۈۋاتاتتى. ئادەملەر بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ قەلەندەر توغرىسىدا ئېيتقان سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى.

— ئاخىر ئۆلۈپتۇ ئەبگاھ، تولىمۇ قېلىن بىر نېمە ئىدى.

— خۇدا بۇنداق ئادەملەرگە مۇشۇنداق ئىتنىڭ ئۆلۈمىنى بېرىدۇ.

— سىنىت پۇلنى كۆزگە ئىلمايدىغان بۇ ئىپلاس قەلەندەرنىڭ ئاخىرىتىمۇ ياخشى بولماپتۇ.

— خوپ بوپتۇ، ئۇنىڭ جەسىتىنى تاشلىۋېتىش كېرەك.

— جەسىتىنى ئىت يېسۇن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تومۇرۇمدىكى قانلار ئۇيۇپ قالغاندەك بولدى. مەن ئادەملەرنىڭ بۇ قەلەندەرنىڭ ئۆلۈمىگە توغرا قارىمايۋاتقانلىقىغا ئۆكۈندۈم. ئۇ بىر قەلەندەر بولغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق تىللارغا مۇناسىپمۇ؟ ئۇ قەلەندەر بولماي بىر مىنىستىر، مىليونېر ياكى شىركەت باشلىقى بولغان بولسىچۇ، ئەلۋەتتە ھەممە

ئادەم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتاتتى. ئەپسۇس، ئۇ بىر قەلەندەر. . .
كەچ بولغاندا، ئۇنىڭ جەسىتىنى ئىككى ياش بىر ھارۋىغا بېسىپ ئېلىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خېلى ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇردۇم.

## شائىر

ئۇنىڭ روھى چاقماقنىڭ ئىچىدە ئاپىرىدە بولدى. يۈرىكىنىڭ سوقۇشلىرى دېڭىز شاۋقۇنلىرىغا تېگىپ خادا تاشلارنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كەتتى. دېڭىز قۇشلىرى خادا تاشلارنىڭ تومۇرلىرىغا مەردانە قونۇپ، قۇلۇلە غەزىنىسىدىكى ياقۇت - بېلىيارتلارنى مەغرۇرلىنىپ سانىماقتا ئىدى. دولقۇنلار ئۈستىدە ئۇنىڭ غەزەپلىك كۈلكىسى ياڭرىماقتا. دېڭىزنىڭ تىنىقى ئاستا - ئاستا توختىدى. ئۇ ساھىلدا ئانا باغرىدەك يۇمشاق قۇم دانچىلىرىنى تېرىپ دېڭىز قۇشلىرىغا ھەدىيە قىلدى. قۇشلار دانە - دانە چەشمىلەرنى ئېلىپ يىراقلارغا سەپەر قىلدى.
سۈبھى ئەلەمسىز سۇزۇلدى. ئۇ گىرىمسەن ئۇپۇقتىكى مانانلىق بۇلۇتنىڭ قوينىدا چەكسىز سۈكۈت ئىچىدە خۇدانىڭ مۇبارەك ناخشىسىغا ئەگىشىپ كېتىپ قالدى. ئۇنى خۇدا جەننەتكە ئېلىپ كەتتى.
ئۇ خۇدانىڭ يېنىغا ئەڭ پاك بارغان تۇنجى ئادەم.

# قېيىق

مەن تېڭىرقاش ۋە ئازاب ئىچىدە دۇنياغا كۆز ئاچتىم. مەن تۇغۇلۇپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن دادام بىز بىلەن خوشلۇشۇپ جەڭگە كەتتى. ئانام ئىككىمىز ياغاچلىرى چىرىپ كەتكەن كونا كەپىدە يالغۇز قالدۇق. كەچ كۈزنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. جەڭگە كەتكەنلەرنىڭ تولىسى قايتىپ كەلدى، بىراق دادام قايتىپ كەلمىدى. قوشنىلىرىمىزنىڭ بۇلۇڭ - بۇلۇڭدا دادام توغرىسىدا گەپ - سۆز قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. مەن كۈندىن - كۈنگە جىمغۇر بولۇپ كەتتىم. ئانام مېنىڭ جىمغۇرلىقىمنى ياقتۇرمايتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئايايتتى.

بىر كۈنى قوشنىمىزنىڭ كىچىك قىزى ئۆيىمىزگە ئويۇنغىلى كىرىپ دادامنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئانامغا دەپ قويۇپتۇ. ئانام ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى . مەنمۇ دادام ھايات چېغىدا ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا تىكىپ پەرۋىش قىلغان ئارچا دەرىخى يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنسىز ياش تۆكتۈم.

كەچ كىردى. ئانام مېنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ باغرىغا باستى. مەن ئۇنىڭ مېھىرلىك باغرىدا ئەركىن تىنىپ ئۇخلاپ قالدىم.

ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى. قۇياش چىققان بىر ئەتىگىنى ئانام مېنى دەريا بويىغا باشلاپ باردى. دەرەخلەرنىڭ نازۇك يوپۇرماقلىرى بىلەن دەريانىڭ غول ئېقىنى بىرلىكتە بىر خىل كۈي ياڭرىتىۋاتاتتى. تەبىئەت دۇنياسىنى جەننەت كۆكسىگە ئېلىپ چىقىۋاتقان قۇشلار ئەركىن ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ئانام مېنى دەريانىڭ

ساھىلىغا باشلاپ باردى. ئۇ يەر ماڭا بۇۋى مەريەم ئانىنىڭ مېھرىدەك ئاق ھەم سۆيۈملۈك تۇيۇلدى. ئانام قېرى توغراق غولىغا باغلاپ قويۇلغان قېيىقنىڭ تانىسىنى يەشتى ـ دە:

— ئوغلۇم قېيىققا چىق، ئۇ سېنىڭ داداڭنىڭ قېيىقى، بۈگۈن سېنىڭ بولدى، — دېدى.

ئانام كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ دولقۇنلۇق دەرياغا قارىغىنىچە جىممىدە تۇراتتى. مەن قېيىققا چىقتىم. قېيىقتا دادامنىڭ ئىزلىرى گويا تۇن ئاسمىنىدىكى چولپان سەييارىدەك ئېنىق كۆرۈندى. مەن دەھشەتلىك ھەم قورقۇنچلۇق دەرياغا يول ئالدىم. ئانام:

— ئوغلۇم قورقما، باتۇر بول، داداڭنىڭ ئىزىنى داۋام ئەت، دولقۇنلار ئىچىدە يول تاپ. . . قېيىقىڭنى بىر مىنۇتمۇ توختىتىپ قويما. . . ، — دېدى

مەن سەپەرگە ئاتلاندىم. شۇ چاغدا ئانام دەريانىڭ بويىدا قالغانىدى . ئۇ مېنىڭ يەنە شۇ دەريا ساھىلىدا كۈتۈۋالىدۇ.

— قېيىقىڭنى توختاتما ئوغلۇم. . .

# چاقىرىق

مەن سىلەرنى تونۇمايمەن. قار كۆچكەن ئاشۇ بىر يىلى ھارۋاڭلارغا لىققىنە ئوتۇن بېسىپ، ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكىنىڭلار ھېلىھەم ئېسىمدە، مەن ئۇ چاغدا تولىمۇ كىچىك ھەم سەبىي ئىدىم. مەن ئارقاڭلاردىن تاكى قاراڭلار يوقالغۇچە قاراپ تۇردۇم. سوغۇقنىڭ نەشتىرى ۋۇجۇدۇمغا سانجىلسىمۇ مەن يەنە ئۆز ئورنۇمدا مىدىرلىماي تۇرىۋەردىم. سىلەر خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ناخشا ئېيتتىڭلار:

قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالدۇق،
ئوتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن.
خېرىدارى سوراپ كەلسە،
غېرىب - بىچارە دەپ ساتسۇن.

بەدىنىمنىڭ مۇزلاپ كەتكىنىنى بىلمەي قاپتىمەن. دادامنىڭ توم، قوپال ئاۋازدا توۋلىغىنىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. مەن ئۆيۈمگە كىرىپمۇ سىلەرنى ئۇنتىيالمىدىم. شۇ كېچىسى تاڭ سۈزۈلگىچە ئۇخلىيالمىدىم. سىلەرنىڭ يالاڭ كىيىمىڭلار، يىرتىق ئايىغىڭلار، جۇلىقى چىقىپ كەتكەن باش كىيىمىڭلار مېنى باشقىچە ئويغا سېلىپ قويدى. سوغۇقتىن كۆكىرىپ كەتكەن بەدىنىڭلارغا قاراپ يىغلىۋەتتىم. . .

مەن سىلەرنى تونۇمايمەن. دادام سىلەرنى بىزنىڭ قېرىنداشىمىز دەيدۇ. مەن سىلەرنى سۆيىمەن، سەھەرنىڭ ئويغاق

قۇشلىرى سايرىغاندا مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىلەرنىڭ يولۇڭلارغا قارايمەن. ئۇچاققا كالا تېزىكى سېلىپ قويدۇم، جاڭگالدىن يانغان چېغىڭلاردا ئۆيۈمگە كىرىپ ئۆتۈڭلار. ئۆيۈمنىڭ ئىسسىق باغرى سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلاردەك مېھرىبان.

## قۇش

بىر توپ كىشىلەر چىرايلىق زىننەتلەنگەن بىر قەپەزنىڭ ئەتراپىدا قۇش كۆرگەزمىسى قىلماقتا ئىدى.

— بۇ بىچارە ئۇچۇشنى بىلمەيدىكەن.

— قانىتى سۇنۇق ئوخشايدۇ.

— ياق، باغرى سۇنۇق.

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ دىلى سۇنۇق.

— ياق ئۇنىڭ يۈرىكى يوق.

— جىگىرى يوق.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان بىر سالاپەتلىك مويسىپىت ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئارىلاشتى.

— ئەي ئەزىز قېرىنداشلار، سىلەر ئۇ قۇشنىڭ قەپەز ئىچىدە تۇرغانلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ سىلەر قەپەزنىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋېلىپ ئۇچ دېسەڭلار، ئۇ نەگە ئۇچىدۇ؟ سىلەر ئۇنىڭغا ھۆرلۈك بېرىڭلار، ئۇ ئاندىن ئۇچالايدۇ ۋە تالاي ـ تالاي قۇشلارغا ئوخشاش زۇمرەت ئاسماندا قانات قاقالايدۇ.

# بالىلار ئەركىن ئۈچسۇن

«بالىلار شادلىقى» ناملىق تېلېۋىزىيە پروگراممىسى بېرىلىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز دادامنىڭ سۈرىتى كۆرۈنۈپ قالدى. مۇخبىر دادامدىن بالىلارغا ئىككى كەلىمە سۆز قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. دادام مۇخبىرنىڭ بۇ تەلىپىگە قوشۇلدى ـ دە، بالىلار توغرىسىدا ئۇزۇن مىنۇتچە سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا «بالىلار ئەركىن ئۈچسۇن» دېگەندە، كۆزلىرىمدىن تارام ـ تارام ياش چىقىپ كەتكىنىنى سەزمەي قاپتىمەن.

دادا، سىز نېمدېگەن ياخشى. سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلىرىم: «بىزنىڭمۇ سېنىڭ داداڭغا ئوخشاش دادىمىز بولسا، بىز ئۆزىمىزنى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ھېس قىلاتتۇق» دېدى. مەن چەكسىز پەخىرلىنىپ، پەزىلىتىڭىز ۋە سەمىمىيىتىڭىز توغرىسىدا، كۈن بويى ھاردىم ـ تالدىم دېمەي ئەقلىي ئەمگەك قىلىپ كىتاب يازىدىغىنىڭىز توغرىسىدا سۆزلىگىنىمدە، ساۋاقداشلىرىم ئۆزلىرىنىڭ ھاراقكەش، قىمارۋاز دادىلىرىنى پەس ئاۋازدا تىللاپ قويۇشىدۇ. مەن بۇ چاغدا سىزدىن تېخىمۇ پەخىرلىنىمەن.

دادا، بالىلار نېمىنى ئارزۇ قىلىدۇ؟ ئۇلار ئۆز دادىلىرىدىن نېمىنى كۈتىدۇ ۋە نېمىنى تەلەپ قىلىدۇ؟ دادىلارنىڭ بۇ دۇنيادا ئورۇنلىمىسا بولمايدىغان ئەڭ ئېغىر مەجبۇرىيىتى نېمە؟ دېگەن سوئاللار ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئورتاق سوئالى. مەن سىزنىڭ «نۇر» گېزىتىدىكى «بالىلارنىڭ نالىسى» دېگەن ماقالىڭىزنى ئۇلارغا كۆرسەتتىم. ئۇلارنىڭ مۇنۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ كۆزلىرىدىن

ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلدى:

«باللار ئەركىن ئۇچسۇن، ئۇلار زۇمرەت ئاسماندىكى سەبىي قۇشلار، ئۇلار يېشىل كائىناتتىكى يۇمران مايسا، ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئۇماق تايچاق، ئۇلار چەكسىز ئۇپۇقتىكى يارقىن يۇلتۇز، ئۇلار نازۇك دەرەخ شېخى. ئەي يۇرىكى تاش ئاتىلار، باللارغا ئازار قىلماڭلار، ئۇلارنى قەپەس ئىچىگە سولاپ قويۇپ دان بەرسەڭ، ئۇلار مەڭگۈ ئۇچۇرما بولمايدۇ، ئۇلارنى ئەركىن قويۇۋېتىڭلار. ئۇلار نېمىنى قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلسۇن. ئۇلارغا توسالغۇ بولۇش ئۇلارنىڭ روھىغا زەربە بەرگەنلىك، ئۇلارنى چەكلەش، ئەمدىلەتىن ئېچىلىۋاتقان ئارزۇ گۈللىرىنى بىراقلا تونتۇۋەتكەنلىك. ئۇلار ئىشنى ئۆزى بىلىپ قىلسۇن. ئۇلار ئەركىن ئۇچسۇن، ئۇلار ئانچە ـ مۇنچە ئىشنى خاتا قىلىپ قويسىمۇ مەيلى، ئۇلار ئاشۇ خاتالىقلار ئىچىدىن يەنە يېڭى بىر ئەقىلگە ئېرىشىدۇ. ئۇلار ھامان بىر كۈنى يېڭى بىر تۇرمۇش يولىنى تاپالايدۇ. ئۇلار ئەركىن ئۇچسۇن. ئۇلارنى سولىۋالغان قەپەزىڭلاردىن قويۇپ بېرىڭلار!»

باللار گېزىتنى ئوقۇپ بولۇپ سىزگە تەشەككۇر ئېيتتى. بىز ھەممىمىز سىزگە تەشەككۇر ئېيتتۇق.

رەھمەت سىزگە دادا.

# تۇرمۇش

تۇغۇلغاندا ھەممىمىز ئوخشاش ھەم تەڭ تۇغۇلىمىز، ئانىمىزنى ئوخشاش ئېمىپ، ئوخشاش ھاۋادىن نەپەسلىنىپ چوڭ بولىمىز، لېكىن ئوخشاش ئائىلىدە چوڭ بولمايمىز. بەزىلىرىمىز باياشاتلىق ئىچىدە ئاجايىپ سەلتەنەتلىك قەسىرلەردە ياشايمىز، بەزىلىرىمىز ئاددىي كەپىلەردە ئاددىي ـ ساددا ھايات كەچۈرىمىز. مىليونېرلارنىڭ، ئەمەلدارلارنىڭ مەرمەر تۈۋرۈكلۈك داچىلىرى بار، بېلىقچىلارنىڭ بولسا بىر ئېغىزلىق ئاددىي كۆلبىسىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق. تۇرمۇش بىزگە ئەنە ئاشۇنداق ئوخشاش بولمىغان ھايات بەخش ئېتىدۇ.

تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئاجايىپ گۈزەل، ئۇ مۇھەببەت بىلەن تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. ھەشەمەتلىك قەسىرى بارلارغا قارىغاندا، ئاددىي كەپىلەردە ياشىغانلار تۇرمۇشنى ھەقىقىي چۈشىنىدۇ. ئۇلار قان ـ تەر بەدىلىگە يەر تېرىپ ھوسۇل ئالىدۇ. قاتتىق سوغۇققا قارىماي جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكېلىدۇ. ئۇلار سوغۇقنىڭ تەمىنى، ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىقنىڭ ئەلىمىنى، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارقان، شۇڭا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا بولغان كۆزقارىشى ئۇلۇغ، ئۇلارنىڭ ھەربىر قەدىمىگە مۇھەببەت ھەمراھ. ئاشۇ مۇھەببەت ئۇلارنى ئاشۇنداق جاسارەت ۋە يۈكسەك كىشىلەرگە ئايلاندۇرغان.

ھەشەمەتلىك قەسىرلەردە ياشاۋاتقان ئاقسۆڭەكلەرچۇ؟ ئۇلارنىڭ گەرچە تاماق يەيدىغان ئالتۇن قاچىسى، سۇ ئىچىدىغان كۈمۈش چاشكىسى بولسىمۇ ئۇلار خاتىرجەم ياشىيالمايدۇ، چۈنكى

ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە بىر خىل قورقۇنچلۇق ۋەھىمە بار. ئۇلار يول يۈرسىمۇ ئاۋايلاپ دەسسەيدۇ.

بىز ھەقىقىي تۇرمۇشنىڭ ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ، جاپا-مۇشەققەتنى كۆرۈپ بېقىشىمىز، كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. مەيلى پادىشاھ ياكى گاداي بولسۇن، مەيلى ئەۋلىيا بولسۇن تۇرمۇشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

## تەشنالىق

يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتقان ئادەم ئاشلىقنى قەدىرلەيدۇ. ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتقان ئادەم سۇنى قەدىرلەيدۇ. تۇرمىدىكى ئادەم، قەپەستىكى قۇش، باغچىدىكى ھايۋان ئەركىنلىكنى قەدىرلەيدۇ. ئۇلارنىڭ تەشنالىقىنى سۇ، نان ۋە پۇل-پۈچەك قاندۇرالمايدۇ. ئۇلارنىڭ تەشنالىقىنى ئېسىل ماشىنا، ھەشەمەتلىك ساراي قاندۇرالمايدۇ.

ئەي ئۇلۇغ كىشىلەر، ئۇلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇراي دېسەڭلا، مېھىرسىز قالغان، كوچىدا خارلانغان، ئىشىك ئالدىغا تاشلانغان ئاشۇ بالىلارنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇڭلار. ئۇلارغا ئاتىلىق مېھرى يەتكۈزۈڭلار. بالىلار ئەڭ راست گەپ قىلغۇچىلاردۇر.

# ئەڭ گۈزەل ئاۋاز

كىشىلەرنى ئىرادىگە، مۇھەببەتكە، ھۆرلۈككە، ئېتىقاد ۋە ئىشەنچىگە، قەتئىيلىككە ئۈندەيدىغان ھەرقانداق نەرسىنى مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ. مۇزىكا ئەنە شۇنداق نەرسە، ئۇنى ھاياتلىقتىكى ئەڭ گۈزەل ئاۋاز دېيىشكە بولىدۇ. خۇدا ئىنسانلارنى ئاپىرادە قىلىشتىن نەچچە مىليون يىللار ئىلگىرىلا تۇنجى شېئىرنى يېزىپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن تۇنجى مۇزىكىنى ئىجاد قىلغان. بۇ مۇزىكا يۈكسەك قاپىيە ۋە نۇرلۇق مېلودىيە ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمىلا دەريا سۈيىگە قوشۇلۇپ ياكى بىر تامچە يامغۇر سۈيى بىلەن زېمىنگە، ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنىگە چۈشكەن. ئىنسانلار ئاشۇ يۈكسەك ئاۋاز ئىچىدە تۇنۇگۈن ۋە بۈگۈن ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلماقتا.

ئەڭ گۈزەل ئاۋاز، بىز بارلىق شانۇ شەۋكىتىمىزنى سەندىن ئىزدەيمىز. سەن بىزگە ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ قىممەت يارىتىشنى، ئۆزىمىزگە ئەقىدە قىلىپ مۇستەقىل ياشاشنى ئۆگەتتىڭ. سەن يەنە بىزگە باشقىلارغا بويسۇنماسلىقنى، باشقىلارنى بوزەك قىلماسلىقنى ئۆگەتتىڭ. بىز ئاشۇ ئەڭ گۈزەل ئاۋاز ئىچىدە يۈكسەك كىشىلەر قاتارىغا قوشۇلدۇق.

ئەڭ گۈزەل ئاۋاز، سەن بىزگە دوست ـ دۈشمەننى ئايرىشنى، نەپرەت بىلەن مۇھەببەتنى ئۆگەتتىڭ. سەن بىزنى خۇدانىڭ يېنىدىكى ئەڭ ئېگىز تاغقا، ئەڭ بۈيۈك چوققىغا باشلاپ چىقتىڭ. بىز بۇ چوققا ئۈستىدە تۇرۇپ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى راست ـ

يالغاننى، خۇشاللىق ـ تراگېدىيىلەرنى ئېنىق كۆردۈق.

ئەي گۈزەل ئاۋاز، مەن سېنىڭ باغرىڭدا ئۆزۈمنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتىم.

# تىنچلىق

سېنى سۆيىمەن ئەركەم. سېنى سۆيىمەن ئەي مېنىڭ كۆك ئاسمىنىمدا قانات قاققان كەپتىرىم. سەن زەيتۇن يوپۇرمىقىنى چىشلەپ بۇ يەرگە ئۇچۇپ كەلگەن ئاشۇ شەھەر مېنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيىتىم بولۇپ، مەن شۇ جەمئىيەتنىڭ دەرىخىدىكى يېگانە چېچەك ئىدىم. خۇدانىڭ شەپقىتى ۋە قۇياشنىڭ نۇرى بىلەن تېز ھەم بېجىرىم ئايىنىدىم. ئارىدىن نەچچە مىڭ يىللار ئۆتۈپ كەتتى. زېمىننىڭ باغرى گاھ ئوت ئىچىدە قالسا، گاھ سۇ ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭ تومۇرىدا گاھ زېمىستان ئاقسا، گاھ باھار بولدى. ئۇنىڭ پېشانىسىگە گاھ قىزىلگۈل ئۈنسە، گاھ خوخا - تىكەن ئۈندى... ئۇ نەچچە رەت ئۆلۈپ، نەچچە رەت تىرىلىپ ئۆز ھاياتلىق مۇساپىسى ئىچىدە ئەتىگە قاراپ كېتىۋاتىدۇ. سېنىڭ زەيتۇن يوپۇرمىقىنى چىشلەپ ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى ئېگىز سۇۋادان تېرەككە قونۇپ سايرىغىنىڭ بۇگۈن غۇۋا ئېسىمگە كەلدى. شۇنىڭغا قارىغاندا قېرىپ ھالىمدىن كەتكەن ئوخشايمەن. مېنىڭ ئەنسىز يىللىرىم مېنى جىمىغۇر قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ. مەن سېنى كۈتۈۋاتىمەن. سېنى سۆيىمەن ئەركەم. مېنىڭ تۇن قۇشىدەك قارا تومان ئىچىدە بۇلۇتلار يېنىدا سوقۇلۇپ يۈرۈپ، قاناتلىرىمدىن ئايرىلغۇم يوق. مېنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا يانجىلىپ قېلىۋاتقان ئاشۇ چۈمۈلىلەر بولغۇم يوق. مېنىڭ تېنىم، مېنىڭ يۈرىكىم زۇلۇمنى كۆتۈرەلمىدى.

سېنى سۆيىمەن ئەركەم، سېنى سۆيىمەن. ئەي گۈزەل تىنچلىق، ئىنسانىيەتنىڭ پارلاق كەلگۈسى سېنىڭ نۇرلۇق قەلبىڭدە

باللارنىڭ شادلىق ناخشىسى ياڭرىسۇن، تېز قايتىپ كەل پەرىشتەم، دىلى سۇنۇق قېرىنداشلىرىم سېنى ئۆز دەرياسىنىڭ ئېقىنلىرىدا نەغمە بىلەن كۈتۈۋالسۇن.

مەن قېرىپ كەتتىم، ئوغلۇم، مېنىڭ يېنىمغا كەل، ئەتە سەھەردە ھېلىقى كۆك كەپتەر ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى تېرەككە قونۇپ سايرايدۇ.

# ئالتۇن چەمبىرەك

كۈمۈشرەڭ تەبەسسۇم يېشىل يوپۇرماقلار ئۈستىدە جىلۋە قىلماقتا. سەھەردىكى دېڭىز سۈيى لەرزان دولقۇنلىرىنى ئەڭ يېقىملىق مۇزىكا ئىچىگە قويۇپ بەردى. مۇزىكا ئاۋازى بۇلۇتلارنىڭ باغرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان بىنەپشىرەڭ نۇرلار بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى.

بىر توپ قىزلار ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان دېڭىز ساھىلىغا يېتىپ كەلدى. قۇمساڭغۇ ساھىللار ئىنسانىيەتنىڭ بۇ ئەزىز پەرىشتىلىرىنى قۇچاقلىدى.

دېڭىز تەۋرەنمەكتە، قۇياشنىڭ سەر خىل زىياسى قىزلارنىڭ چىرايلىق قامىتىنى سۆيۈشكە باشلىدى. قىزلار چەكسىز شادلىق قەسىرىدە تۇرۇپ جەننەتنىڭ ھۆزۈرىنى كۆردى.

دېڭىز يالىڭاچ ئىدى، ساھىللارمۇ يالىڭاچلاندى، قۇشلارنىڭمۇ يېپىنچىسى يوق ئىدى. قىزلار بۇ گۈزەللىككە نائىل بولغانىدى.

ئۇلار مۇھەببەت بىلەن تولغان ھاياتلىق ئالىمىگە قاراپ ئۆزلىرىنى تۇتالماي كۈلمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ تاتلىق كۈلكىسى دېڭىز خادا تاشلىرىنىڭ يۈرىكىدىن تۆكۈلگەندەك شۇنچە يېقىملىق ئىدى. دېڭىز شاماللىرى قىزلارنىڭ سەدەپتەك پاكىز بەدىنىنى يېپىپ تۇرغان نېپىز كۆينىكىنى يېشىپ تاشلىدى ۋە كۆينەكلىرىنى نەلەرگىدۇر ئۇچۇرۇپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ يۇمران تېنى قۇشلارنىڭ شىۋىرلىشىدەك بىر خىل يېقىملىق مۇزىكا چالاتتى. بۇ مۇزىكا ئۇلارنىڭ ئالتۇن چەمبىرىكى ئىچىدىن تۆكۈلۈۋاتاتتى.

دېڭىز يالىڭاچلاندى، پۈتكۈل ئالەممۇ يالىڭاچ ئىدى. قىزلار تېخىچە شۇ ساھىلدا ئويناۋاتاتتى.

# چىراغ

مەن ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدىم. ئەتراپ بەكلا قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. چىرىغىڭنى ياققىن جېنىم، چىراغ نۇرى زۇلمەتتىكى بۇ غېرىب ھۇجرىنى يورۇتسۇن. قېنى سەن پەرىشتەم، مۇشۇنداق پەيتتە نەگىمۇ مۆكۈۋالغانسەن، مېنىڭدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرما.

مەن ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدىم. ئالدىمغا ئىككى قەدەم مېڭىۋىدىم يىقىلىپ چۈشتۈم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ يەنە ماڭدىم، يەنە يىقىلىپ چۈشتۈم. سەن تېخىچە ئۇخلاۋاتىسەن. سەن مېنىڭ نەچچە رەت توۋلىغىنىمنى زىنھار ئاڭلىمىدىڭ.

مەن دېرىزىگە يېقىنلاپ باردىم. ئۇ يەردە جىنچىراغ بار ئىدى. مەن ئۇنى يورۇتتۇم. سەن ئۆيۈمنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ھېچنەرسىنى كۆرمىگەن قىياپەتتە ئۇخلاۋاتىسەن.

تاڭ سۇزۇلەي دەپ قالدى، جىنچىراغمۇ ئۆچۈپ قالدى، قۇشلار بىزنىڭ دەرىخىمىزنىڭ شاخلىرىغا قونۇپ سايراشقا باشلىدى. سەن يەنە ئۇخلاۋاتىسەن.

بىرسى ئىشىكنى چەكتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقسام، كىيىملىرى يىرتىلىپ جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن قەلەندەر بوۋاي تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنى ئۆيۈمگە باشلاپ كىردىم، ئالدىغا ئىسسىق چاي قۇيدۇم، بىراق ئۆيۈمدە يېرىم بۇردا نانمۇ يوق ئىدى.

ئۇ ساڭا قاراپ قويدى . سەن شۇندىمۇ ئويغانمىدىڭ. ئۇ ماڭا قاراپ: «سەن پەرىشتەڭنى ئويغىتىمەن دېسەڭ ئۇنى ھاقارەتلەپ كەمسىتكىن» دېدى.

ئۇ ئۆيۈمدىن چىقىپ كەتتى. سەن تېخىچە ئويغانمىدىڭ. . .

# ئەگەر مەن. . .

ئىنسانلار ئۆز ھاياتىدا ئاجايىپ ئىسىل نەرسىلەرگىمۇ ئېرىشىدىكەن ھەم شۇ ئىسىل نەرسىلىرىدىن ئايرىلىپمۇ قالىدىكەن. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىزنىڭمۇ باي بولغان چاغلىرىمىز بولغانىدى. ئۇ چاغدا دادام شىركەت مەسئۇلى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى مۆلكى ئەمەلدار ئىدى. بىزنىڭ كاتتا قورۇ - جاي ۋە ئىسىل ماشىنىمىزدىن باشقا، بىر نەچچە شەھەردە كىچىك دۇكانلىرىمىز بار ئىدى. بىزنىڭ تاپاۋىتىمىز كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ، شۆھرىتىمىز پەلەككە يەتتى. دادام بۇنىڭدىنمۇ چوڭ باي بولۇش نىيىتىگە كەلگەن بولسا كېرەك، بار دەسمايىسىنى قىمارغا ئاتتى. ئىنسانغا ئامەت دېگەن نەدىمۇ ئۇنداق كېلىۋەرسۇن، بىز بارلىق بايلىقىمىزدىن بىر كېچىدىلا ئايرىلىپ، ئادەتتىكى بىر نامرات ئائىلىگە ئايلىنىپ قالدۇق. دادام ئەلەمگە چىدىماي ئۆلۈۋالدى. بىزگە ھەممىدىن بەك ئېغىر كەلگىنى دادامنىڭ ئاشۇ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى بولدى.

مەن چوڭ بولۇپ ئەقىل تاپتىم. باشقىلار مېنى: «ھەر ھالدا دادىسىدەك ئادەم بولمىدى» دېگەندە، دادامنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ناھايىتىمۇ تۆۋەنلىكىنى ھېس قىلدىم. دادام پۇل تاپقۇچە يۈز تاپسىچۇ، دېگەن خىيال كۆڭلۈمدە پەيدا بولدى.

يىللار ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. مەن شەھىرىمىزنىڭ شىمالىدىكى بىر يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ بارغىنىمغىمۇ مانا تۆت - بەش يىل بولۇپ قالدى. مەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى مۇئەللىم بولۇپ قالدىم . بالىلار مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇمغا

ئايلاندى. مەكتەپ مېنىڭ ئائىلەم، سىنىپ قۇياش نۇرى يېنىپ تۇرغان كىچىك ھۇجرا بولدى. دادام بىر ئۆمۈر پۇل - پۇچەك يىغىپ بەختكە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، مەن بۇ ئاددىي، ئەمما يۈكسەك ئورۇندا بەخت تاپتىم. بەخت مېنىڭ نەزىرىمدە ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە بۈيۈك مۇھەببەتتۇر.

مەن مەكتەپكە يالغۇز بېرىپ يالغۇز قايتىمەن. ئۇپۇقتا تۇتاشقان بۇ ئۇزۇن يوللار ماڭا خىلمۇخىل ھېكايە ۋە ئەپسانىلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ. مەنمۇ ئۇ ئۇزۇن يوللارغا ئوقۇشسىز قېلىۋاتقان ئاشۇ دېھقان بالىلىرىنىڭ قەلبىنى، كوچىلاردا سەرگەردان بولۇپ جىنايەتنىڭ چوڭقۇر ھاڭلىرىغا ئەستار بولۇۋاتقان بالىلارنىڭ دەردىنى سۆزلەيمەن، ئىشسىزلىق ئازابىدا بىر پارچە بولكىغا موھتاج بولۇۋاتقان يېتىم - يېسىرلار ھەققىدە سۆزلەيمەن. مەن يەنە يولنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، سەن دېھقان بالىلىرى بىلەن بېلىقچىلارنىڭ بالىلىرىنى كۆرگەنمۇ؟ دەيمەن.

مەن مەكتەپ ئالدىدىكى لەڭپۇڭچى بوۋايغا سالام بېرىپ مەكتەپكە كىرىپ كەتتىم. كاللامدا ئەگەر مەن بىر لەڭپۇڭچى بولغان بولسام، ئوقۇغۇچىلار مېنى مۇئەللىم دەپ ئاتىمايتتى، دېگەن بىر خىيال پەيدا بولدى.

## دانىشمەن

دانىشمەن ئېتىزلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قوش ھەيدەۋاتقان دېھقانغا كۆزى چۈشۈپ قالدى ـ دە، دېھقانغا قاراپ:

— ئېتىڭ نېمدېگەن ئورۇق، سايپىنىڭ نېمدېگەن كونا، ئاشۇ ھالىڭ بىلەن بۇ يەردىن نېمىمۇ ئالارسەن، — دېدى.

دېھقان ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ شۇنداق دېدى:

— تەقسىر، مەندە بارى مۇشۇ، سەۋەب قىلىپ باقىمەن، بۇغداي تېرىسام بۇغداي ئالارمەن، قوناق تېرىسام قوناق ئالارمەن، ئاز ھوسۇل ئالساممۇ بالىلىرىمنى ئاچ قويمايمەن. بۇ ئەخمەق دانىشمەنلەرنىڭ قۇرۇق گەپ سېتىپ باشقىلارنى ئالدىشىدىن ياخشىراق.

دانىشمەننىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ، تىلى گەپكە كەلمەي قالدى. ئۇ دېھقانغا گەپ قىلغانلىقىدىن پۇشايمان قىلغانىدى .

# كۆتۈش

سېنى سېغىندىم، سەن كەتكەندە ئەتراپ قاراڭغۇ ئىدى. يۇلتۇزلار سېنىڭ ئۈن ـ تىنسىزلا كەتكىنىڭنى ماڭا خەۋەر قىلغاندا، مەن چەكسىز ئازاب ئىچىدە ئۆيۈمنىڭ كەينىدىكى ساسلىقتا غېرىب بولاقنىڭ باغرىغا ھەمراھ بولغانىدىم. قان ياشلىرىم بولاقنىڭ سۇلىرىنى قىزىل رەڭگە ئۆزگەرتىۋەتتى. شۇ كۈنى تۈندە ئازغان ياۋا ئۆردەكلەر بىلەن تۈننى ئۆتكۈزدۈم.

سېنى سېغىندىم، سەن كەتكەندە بۇ يەر زېمىستان ئىدى. بورانلار يۇمران گىياھلارنى يىلتىزىدىن جۇدا ئەيلىگەن، قىران دەرەخلەرنىڭ نازۇك شاخلىرى قايرىلغانىدى.

ھازىر ئاسماندا قارا تۇمان تارقاپ يۇلتۇزلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئايمۇ تەبەسسۇم قىلماقتا. سەن كەل جېنىم، بىز دەريا ساھىلىدىكى قىزىل قېيىنزارلىقتا قانغۇچە مۇڭدىشايلى. يۈرەكلەرگە كەشتىلەنگەن سۆزلىرىمنى ئاڭلاشنى خالىساڭ تېز قايتىپ كەل.

سېنى سېغىندىم، ئانام سېنى ساقلاۋاتىدۇ، قۇياش چىقىپ زېمىن ئىسسىغاندا ئۇ چاچلىرىڭنى تاراپ قويسۇن.

ئەي مېنىڭ ئوتلۇق ئارمىنىم، تېزراق قايتىپ كەل...

# سەۋر

**سەۋر قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ.**

**— ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى**

مەن ئۇنى كۈتتۈۋاتىمەن، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتتۈۋاتىمەن. سوغۇق قىشمۇ، زۇلمەت كېچىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. قار - مۇزلار ئېرىپ، زېمىن شىرىن ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى.

مەن ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنى كۈتتۈۋاتىمەن. ئۇنىڭ ھامان قايتىپ كېلىشىگە ئىشەنچىم كامىل ئىدى.

ئەنە... ئەنە... ئۇ قايتىپ كەلدى.

— بۇ سەۋرنىڭ كۈچى، — دېدى دەرەخ شاخلىرى.

— سەن نېمىشقا تېز تۇغمايسەن، ماڭا بالا كېرەك، — دېدى نادان ئەر ئايالىدىن تېزرەك تۇغۇشنى تەلەپ قىلىپ.

— بۇ مېنىڭ ئىشىم ئەمەس، ۋاقىت - سائىتى كەلمىگۈچە ئۇ تۇغۇلمايدۇ، بۇ خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، — دېدى ئايال تاقەتلىك بىلەن. لېكىن، ئەر ئۇنىمىدى، ئۇ ئايالىنىڭ قورسىقىنى پىچاق بىلەن ياردى، بىراق بالىمۇ ۋە ئايالىمۇ ھايات قالمىدى، ئۇ چەكسىز پۇشايمان ئىچىدە ئۆكسۈپ يىغلىدى.

باغۋەننىڭ ئالىيجاناپلىقى ئۇنىڭ مېۋىلەرگە بولغان چەكسىز سەۋرچانلىقىدا. ئۇ مېۋە دەرىخى ئاستىدا ئولتۇرۇپ، مەي باغلىغان مېۋىنى تېتىيالايدۇ.

ھەممە ئادەمنىڭ ئارزۇسى بولىدۇ، ئۇنى پەقەت تاقەت ئىچىدە كۈتكەندىلا، ئۇ ئادەملەرگە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ.

# سۆيگۈ چېچەكلىرى

**سۆيگۈنى چۈشىنىش يولىدا يارىلانساڭ، ئىختىيارلىقىڭ بىلەن خۇشال ھالدا قېنىڭنى ئاققۇز.**

**— جېبران خېلىل جېبران**

1

مۇھەببەتسىز ھايات، گۈزەللىك بولمىغان تۇرمۇش بەئەينى تېنى بار، روھى يوق ھەيكەلگە ئوخشايدۇ.

ئادەمنىڭ تەقدىرى خۇدانىڭ قولىدا، ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ تەقدىرى سۆيگۈنىڭ قولىدا.

سۆيگۈنىڭ يىلتىزى — سۆيگۈچىنىڭ قەلبىدە.

2

مەن دانىشمەندىن سورىدىم:

— ئەي دانىشمەن، مۇھەببەت قەيەرلەردىن كېلىدۇ؟

— ئۇ ئېگىلمەس روھ ۋە سەۋرچانلىقتىن كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنى سۆيگۈچىگە بەخت، ئۆزىنى خورلىغۇچىغا نەپرەت بېرىدۇ. ئۇ شۇنداق دېدى - دە، كۆزۈمدىن غايىپ بولدى. ئۇنىڭ روھىدا مۇھەببەتنىڭ جىلۋىسى نۇرلانغاندەك بولدى.

3

سىزنىڭ لاتاپەتلىك، باتۇر بولۇشىڭىزغا، بۇ دۇنيانى چوڭقۇر چۈشىنىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىڭىزنى بېغىشلىشىڭىزغا سۆيگۈدىن ئىبارەت بىر مۇقەددەس ماياك يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

4

رەھىمسىزلىك بورانلىرى ئۈچۈپ يۈرگەن يوللاردا پەقەت مۇھەببەت ۋە سۆيگۈ دەرىخىلا گېگانت قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ.

5

كارۋان ئۇلۇغ بىر سۆيگۈنىڭ ھامىيسى ئىچىدە مەنزىلگە يېتىپ بارالايدۇ. ئۇ شۇ چاغدىلا سۆيگۈنى ھەقىقىي چۈشىنىدۇ.

6

زېمىن ۋە دېڭىز ئىنسانلارغا زور نېمەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ. مۇھەببەت ۋە سۆيگۈ ئىنسانلارنى ئۇيغىتىدۇ.

7

ئۆزىنى ھۆرمەت قىلمىغان ئادەم ئۆزگە ئىشەنمىگەن ئادەمدۇر. ئۆزىنى كەمسىتكەن ئادەم مۇھەببىتى يوق ئادەمدۇر.

8

بەزى كىشىلەر ھەشەمەتلىك قەسىرلەردە ياشىسىمۇ، كۆڭلىرىنى كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ، يەنە بەزى كىشىلەر ئاددىي كەپىلەردە ئىنتايىن بەختلىك ياشايدۇ. چۈنكى ھەشەمەتلىك قەسىردىكىلەر مۇھەببەتنى مەجبۇرىي بويسۇندۇرغۇچىلاردۇر، ئاددىي كەپىدىكى نامراتلار بولسا مۇھەببەتنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بويسۇندۇرغۇچىلاردۇر.

9

پادىشاھ بىلەن قەلەندەرنىڭ پەرقى — ئۇلار ئولتۇرغان ئۆيدە، سۇ ئىچكەن قەدەھتە ۋە ئۇلارنىڭ يۈرەك قېتىغا يوشۇرۇنغان مۇھەببەتتە.

10

گۈزەللىكنىڭ مۇھەببەتتى ۋە شاپائىتىگە سۆيگۈ بىلەن جاۋاب بەرگەندە، بەخت ئەڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن چاقىرىدۇ.

11

چىڭقى چۈشنىڭ ئاپتىپىدا يەر ھەيدەۋاتقان دېھقانغا بىر قاچىدا سۇ، بىر قاچىدا سۆيگۈ ئېلىپ بارساڭ، ئۇ ئەلۋەتتە ھەر ئىككىسىنى تاللايدۇ، چۈنكى پىژغىرىم ئىسسىقتا ئۇنىڭ ئۈچۈن سۇمۇ، سۆيگۈمۇ كېرەك.

12

سۆيگۈ — ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېيتىلغان ناخشا، بىراق ئۇنىڭ يوشۇرۇن كۈچى قاراڭغۇ تۈندە جىلۋە قىلىدۇ.

13

بىرەرسى مەندىن: «ئەگەر خورلانغان، بەختسىزلىككە يولۇققان بىر ئايال ساڭا قولىنى ئۇزاتسا، سەن ئۇنىڭغا نېمە بېرەتتىڭ» دەپ سورىسا، مەن ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا: «سۆيگۈ بىلەن مۇھەببەت بېرەتتىم، سۆيگۈ ئۇنىڭغا تەسەللىي بولسا، مۇھەببەت ئۇنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرىدۇ» دەيتتىم.

14

ياخشى ئادەم ياش تۆكسە، ئاسمان ۋە زېمىنمۇ ياش تۆكىدۇ.

15

بەختسىزلىك — سۆيگۈ خورلانغان جايدا ئەڭ كۆپ بولىدۇ.

16

ئەزىزىم، مەن سېنى ھەقىقىي چۈشىنىش ئۈچۈن چىن دىلىم بىلەن سۆيۈشۈم، ھەقىقىي سۆيۈش ئۈچۈن ھەممىنى ئۇنتۇشۇم كېرەك.

17

سۆيگۈ ناخشا ئېيتىپ، يېشىل ئوت ـ چۆپلەرنىڭ لېۋىگە قونغاندا، ئۇلار: «ئېھ باھار، سەن بىزنىڭ ئانىمىز» دېدى.

18

دېڭىزنىڭ مېھرىبانلىقى، بۇلۇتنىڭ كۆز يېشى، قۇياشنىڭ نۇرى، باھارنىڭ تىنىقى، قىزلارنىڭ تەبەسسۇمى ھەممىسى ئوخشاشلا بىر خىل مۇھەببەتتۇر.

19

سۆيگۈ سېنى يارىتالايدۇ، بىراق سەن سۆيگۈنى يارىتالمايسەن.

20

سۆيگۈ — مەڭگۈلۈك ھەقىقەت.

21

خۇشال بولغاندا قەلبىڭنىڭ چوڭقۇر قېتىدا مۇھەببەتنىڭ ئېچىلغان گۈللىرىنى كۆرىسەن.

22

گۈللەرنىڭ ناز ـ كەرەشمىلىرى شەپەقنىڭ قىزغۇچ تەبەسسۇمى بىلەن ئۇچراشتى. بىراق، ئۇلار ئۇزاق پاراڭلىشمىدى. سۆيگۈ گۈللەرنىڭ يېنىغا كېلىۋىدى، ئۇلار قار ياغقۇچە سۆيۈشتى.

23

ئەي دوستۇم، ساڭا مالاللىق يەتسە دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولسامۇ دەرھال يېنىڭدا ھازىر بولىمەن، قەلب راۋىقىمدىكى ئاتەشتەك سۆيگۈم بىلەن جاراھەتلەنگەن ۋۇجۇدۇڭنى ئىللىتىمەن.

مەن مەيلى قەيەردىلا بولاي، يۈرۈگۈم سېنىڭ يېنىڭدا. تاغلارمۇ، توپىلىق يوللارمۇ، تىكەنلىك چۆللەرمۇ، تىك داۋانلارمۇ توسالغۇ بولالمايدۇ.

ئەي ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي دوستۇم، رەزىل قوللارغا قول بەرمە، پاسىقلارغا يېلىنما، ناكەسلەردىن پاناھلىق تىلىمە، نادانلاردىن ئۈمىد كۈتمە، ئۇلار سېنى قاراڭغۇ كېچىگە باشلاپ كىرىدۇ، زۇلمەتنىڭ قاقشال دەرىخىگە باغلاپ قويىدۇ. ئۇلاردىن كۆرىدىغىنىڭ پەقەت قاراڭغۇلۇقلا، خالاس.

ساڭا مالاللىق يەتسە يېنىڭدا بولاي، نامرات قەلبىمدە تۆكۈلگەن ياش بىلەن ساڭا تەسەللىي بېرەي.

ئىگە ـ چاقىسىز قالغان، جىنايەت يولىغا ماڭغان باللارنى ئويغۇتۇڭلار، ئۇلارنى قۇچاقلاڭلار، ئۇلار مېھىرگە، مۇھەببەتكە موھتاج.

24

ئاتىنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش زېمىنىنىڭ چاناقلىرى ئارقىلىق

تاشلاندۇق، نارەسىدە بالىلارنىڭ قاغجىراپ كەتكەن يۈرىكىگە ئېقىپ بارىدۇ.

25

مۇھەببەت بار يەردە زۇلۇم ئاجىزلىشىدۇ.

26

سۆيگۈ — ئۇ ئۆزىنى مەڭگۈ قەدىرلەيدۇ.

27

پۇراقسىز گۈل ئەتىۋارسىز بولغىنىدەك، سۆيگۈسىز ھاياتنىڭ قىممىتى بولمايدۇ.

28

مەن ئامما ئارىسىدا ياشاشنى خالايمەن، چۈنكى ئۇلار ماڭا مۇھەببەت جامىدا سۆيگۈ شارابى بېرىدۇ. ئۇلار بىلەن كەلگۈسى ھەققىدە سۆزلىشىمىز، بالىلار ۋە نامراتلارنىڭ غېمىنى يەيمىز. مەن ئۇلارغا بىر تال دەرەخ يوپۇرمىقىدەك سايە بېرەلىسەم، ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلىمەن.

29

مەن قۇرۇپ قالغان بىر تۈپ دەرەختىن:
— ئەي بەختسىز دەرەخ، باللىرىڭ قېنى، — دەپ سورىدىم.
ئۇ لام - جىم دېمەي ئاسمانغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.
مەن يەنە سورىدىم. ئۇنىڭ كۆزى ياشقا تولدى. مەن ئۇنىڭدىن يەنە قايتا سورىغىنىمدا، ئۇ:
— باللىرىمنىڭ ھەممىسى ئۆلدى. مەن ئۇلارنىڭ بىرىنى تۇرمىگە، بىرىنى سۇغا، بىرىنى ئوتقا دەپنە قىلدىم، — دېدى.
مەن بۇ قاقشال دەرەخنىڭ تېنىدىن تېمىۋاتقان قاننى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كەينىمگە داجىدىم.

30

سۆيگۈ — بىر مېۋە، ئۇ سېنىڭ قەلبىڭدە چېچەكلەپ ۋايىغا يېتىدۇ.

31

مۇھەببەت ئەگەر قەدىرلەنمىسىمۇ، ئۇ ھەسەلدەك تاتلىق، زەمزەم سۇيىدەك ساپ، ئەنجۈر شىرنىسىدەك شېرىن، باھار گۈلىدەك خۇشپۇراقلىقىنى ھەرگىز يوقاتمايدۇ.

32

مېنىڭ خىياللىرىم سۆيگۈ ۋە مۇھەببەت قاچىلانغان كېمە، ئۇ مېنى ئەركىنلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

33

سەن مۇھەببەتكە قانچە ئەقىدە قىلساڭ، ئۇ ساڭا شۇنچە شېرىن مېۋىلەرنى بېرىدۇ.

34

ئەي سۆيگۈ، ئەگەر سەن نادانلار تەرىپىدىن خارلانساڭ قىلچە قايغۇرما، ئەگەر ئاقىللار تەرىپىدىن خارلانساڭ ئۇلارغا غازات ئۇرۇشى قىل.

35

سۆيگۈگە نائىل بولۇپ تۇرۇپ ئۇنى سۆيمىگەنلەر ۋە ئۇنى سۆيۈپ تۇرۇپ خارلىغانلار ئەڭ بەختسىز ئادەملەردۇر.

36

مەن ناخشا ئېيتىپ كېتىۋاتقان بىر ئاشىقتىن سورىدىم:
— ئەي ئاشىق، قانداق كۆيلەردىن ئىز قالىدۇ؟
— قەلبى يارىلانغان ، يۈرىكىگە ئوق تەگكەن كۆيلەرلا ئىز قالدۇرالايدۇ، — دېدى ئۇ.

37

سەن مەغلۇپ بولغان چاغلىرىڭدا، ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ توزانلىرى بېشىڭغا قونغاندا، بىرەر شۇم كېسەللىكنىڭ ئۆسمىسى تېنىڭدە يىلتىز تارتقاندا، ئاچچىق ۋە ئۇسسۇزلۇق سېنى ئۆز

ئىسكەنجىسىگە ئالغاندا، ھاياتتىن بىزار بولۇپ، ھەتتا ھاياتتىن كېچىسەن.

بىلگىن ئەزىزىم، بۇ پەقەت ئاجىزلارنىڭلا ئېتىقادى، خالاس.

38

شېئىر — تۇنجى قىز، گۈل — تۇنجى ناخشا.

بۇ ئىككىسى ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ قەلب زۇننارىدىن ئۇچقۇپ چىققان سۆيگۈ.

39

ئانىنىڭ بۈيۈكلىكى — ئۇنىڭ پاكلىقىدا.

40

بەخت تىلىگەن قىزدىن قورۇق.

بەخت تىلىگەن ئانىنى سۆي.

41

ئەگەر گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈلزارلىقتا تىنىقىڭ توختاپ قالسا، ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئۆلۈپ كەتتىم دېمىگىن.

42

سەن قولۇڭنى ئۇزاتتىڭ، مەن ساڭا ھېچنەرسە بەرمىدىم. قولۇڭنى يەنە ئۇزاتتىڭ، مەن يەرگە تاشلىۋېتىلگەن بىر دانە ئۇچكىنى بەردىم. سەن ئۇنى يانچۇقۇڭغا سېلىپ قويۇپ قولۇڭنى يەنە ئۇزاتتىڭ، مەن گۈل بەرگىسىنى سۆيۈپ ئويناۋاتقان كېپىنەكنى بەردىم، سەن ئۇنى ئۆز ئەركىسىگە قويۇپ ئۇچۇرۇۋەتتىڭ. مەن ئىنتايىن ئەپسۇسلانغان بولساممۇ ساڭا چاندۇرمىدىم.

سەن يەنە قولۇڭنى ئۇزاتتىڭ. مەن ساڭا بېرىدىغان نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۇرمەسلىك ئۇچۇن قولۇڭنى مەھكەم تۇتتۇم. شۇ چاغدا سەن ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتىڭ. چۈنكى سەن مېنىڭ قوللىرىڭنى سۆيۈشۈمنى ئارزۇ قىلغانىدىڭ.

43

جىمىكى يورۇقلۇقنىڭ يىلتىزى — سۆيگۈدە.

44

يىلان گەرچە چۆل ـ جەزىرىدە ياشىسىمۇ: «ۋەتىنىم نېمە دېگەن گۈزەل ـ ھە!» دەپ ماختىنىدۇ.

45

مۇزىكا، شېئىر ۋە سۆيگۈ — بىر دەرەختە يېتىلگەن مېۋىدۇر.

46

ئۆلۈم بىلەن ھاياتنىڭ مۇناسىۋىتى سۇ بىلەن ئوتنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ، ئادەم ئۆلارنىڭ ئارىسىدىكى خادا تاش ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. ئۆلارنىڭ قايسىسى ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا ئۇ شۇنى كۈتۈۋالىدۇ.

47

مېنىڭ سەۋرچان قەلبىمگە ئالەمدىكى بارلىق گۈزەللىك سىغىدۇ.

48

سۆيگۈ چېچەكلىرى لەۋلىرىڭگە قونغاندا ئۇيقۇدىن ئويغاندىڭ، كۆزلىرىڭنى ئېچىپلا تەبىئەتنىڭ ئىللىق تەبەسسۇمىنى كۆرۈپ، جەننەت شادلىقىنى سۇردۇڭ. بۇ چاغدا ساڭا ئات مىنگەن بىر ئادەم ئۇچرىدى، ئۇنىڭ قوللىرىدا سۆيگۈ چېچەكلىرى بار ئىدى. سەن كۆزلىرىڭنى يوغان ئېچىپ، سېنى شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغاتقان بۇ سۆيگۈ مۇئەككىلىگە ئۆزۈڭنى ئاتتىڭ. بۇ سېنىڭ تۇنجى سۆيۈشۈڭ ئىدى.

49

بەخت ھەممىلا ئادەمگە كۈلۈپ قارىمىغاندەك، سۆيگۈمۇ ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ.

50

سۆيگۈدىن ئايرىلغان ئادەم بىر جۈپ قانىتىدىن ئايرىلغان قۇشقا ئوخشايدۇ.

51

مېنىڭ يۈرىكىم مەڭگۈ ھەقىقەت ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر تىنىقىدا سۆيگۈ بار. ئۇنىڭ ھەربىر قەدىمىدە گۈزەل ئەخلاق ۋە يۈكسەك پەزىلەت بار.

52

ئەزىزىم، ئەگەر سەن مېنى تاپاي دېسەڭ، دەشت ـ باياۋاندىكى قۇرۇپ قالغان توغراقلار ئارىسىغا بارغىن ، مەن ئاشۇ توغراقلارنىڭ تومۇرىدا ياشاۋاتىمەن. ئۇنىڭ قۇرۇغان شاخلىرى مېنىڭ ناخشىلىرىم...

53

دوزاخ ئوتىنىڭ تەپتى سۆيگۈ ئوتىنىڭ تەپتىدىن كۈچلۈك بولغىنىدا، بۇ دۇنيا مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى. چۈنكى بۇ دۇنيادىكى ھەممە ئوت سۆيگۈ ئوتىدىن تارالغان.

54

يېلىنجاپ يېنىۋاتقان قوقاس ئوچاق بېشىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان سۆيگۈگە قاراپ: «سەن نېمىدېگەن بىچارە، نېمىدېگەن ئاجىز. سەن بىردەمدىن كېيىنلا شېرىن ئۇيقۇغا كېتىسەن» دېدى. سۆيگۈ بۇ گەپلەرگە كۈلۈپ قويۇپلا جاۋاب قايتۇرمىدى.

تۈن تېخى نىسپىي بولمايلا، قوقاس ئۆزى ئۆچۈپ قالدى.

55

سەيياھ بولۇپ ئالەمنى ئايلىنىپ ئۆزۈمنى چۈشەندىم، لېكىن بۇ چاغدا مەن خۇدانىڭ دەرگاھىغا كېتىپ باراتتىم.

56

ئۇيقۇ مېنى غەمدىن خالاس قىلالىسا، مەن بىر مىنۇتمۇ ئويغانمىغان بولاتتىم.

مېھرى ـ شەپقەت مېنىڭ گۇناھلىرىمنى بوينۇمدىن ساقىت قىلالىسا، مەن ھەر قەدەمدە مېھىر ـ شەپقەتكە مۇيەسسەر بولغان بولاتتىم.

ئىچ ئاغرىتىش ئادەمنى ئادالەت ۋە ھەقىقەت گۈلزارلىقىغا باشلاپ بارالىسا، مەن مەڭگۈ بىچارە بولۇۋالاتتىم. بىراق، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ.

57

سۆيگۈنىڭگە كۆڭلىڭنى ئىزھار قىلىمەن دېسەڭ ئۆزۈڭنى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي تاپشۇر، ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت بولسىلا ئۇمۇ ساڭا مېھىر بېرىدۇ.

58

ياخشى پەند ـ نەسىھەت كىشىنى پەقەت ئويغۇتالايدۇ، بىراق قۇتۇلدۇرالمايدۇ.

59

ئۆتمۈش بىلەن كېلىچەك قالدۇرغان ئىزلار تارىخ ۋاراقلىرىنىڭ ئاپئاق بەتلىرىنى سۆيۈپ ئۆتىدۇ، خالاس.

60

پاكلىق — مەڭگۈ سۆيگۈ ئۇخچۇپ تۇرىدىغان مۇھەببەت بۇلىقى، شۇڭا ئۇ مەڭگۈ ئەتىۋارلىنىدۇ.

61

سەن مەنزىلگە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ماڭسەن، مەن قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ماڭىمەن.

## 62

سۇبھى، شائىرنىڭ ئىشىكى چېكىلدى. شائىر تۇننىڭ ئىسسىق قوينىدا ئاپىرىدە قىلغان گۈزەل مىسرالىرىنى سۇبھىنىڭ قولىغا بەردى. سۇبھى بۇ لىرىك مىسرالارنى بۇلۇتلارنىڭ لەۋلىرىدىكى شەپەقنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. ئۇ تېخىمۇ جۇلالىنىپ كەتتى.

شائىر ئۆز مىسرالىرىنىڭ زېمىندا ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ چەكسىز خۇرسەن بولدى.

دەرەخ يوپۇرماقلىرى مىسرالار بىلەن بىرگە ناخشا ئېيتتى، گۈل بەرگىلىرىمۇ مىسرالارنى ئۆز خانىسىغا قوبۇل ئەتتى. تەبىئەت مىسرالار ئىچىدە تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ كۆرۈندى.

شائىر كىچىك ھۇجرىسىدا ئولتۇرۇپ ئۆكسۈپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «كىشىلەر نېمىشقا مېنى چۈشەنمەيدۇ» دەيتتى.

## 63

خەير - خوش مېنىڭ يارقىن يولتۇزلىرىم. مەن سىلەرنى ئاخىرقى قېتىم ئۈزىتىپ قوياي. سىلەر تۇن ئاسمىنىدىن تېخىمۇ يىراقلارغا كۆچۈپ كېتىڭلار، شۇ چاغدا ئارامىڭلارغا يېتىسىلەر!

## 64

ئالىيجاناپ ئادەمدىن بىر تال يوپۇرماق سورىساڭ، ئۇ ساڭا گۈل بېرىدۇ. پاسىق ئادەمدىن گۈل سورىساڭ، ئۇ ساڭا تىكەن

بېرىدۇ.

65

قۇربان بېرىش بەدىلىگە كەلگەن سۆيگۈ مەڭگۈ قەدىرلىنىدۇ.

66

ناۋادا يېقىن بىر ئادەمىڭدىن ئايرىلىپ قالساڭ، ھەرگىز قايغۇرمىغىن. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا قىلىپ بولالمىغان ئىشلىرىنى ئۇستۇڭگە ئالساڭ، بۇ سەن ئۇچۇن ئەڭ ياخشى تەسەللىدۇر.

67

ئۆزىمەن دېسە گۈلمۇ يىغلايدۇ.

68

ئايالىنى قول ئورنىدا كۆرىدىغان ئەرنىڭ ئايالىغا شېرىن كېچىدىكى: «ئامرىقىم، مەن سېنىڭ مەڭگۈلۈك قۇلۇڭ بولۇپ كېتەي» دېگىنى نېمىدىن دېرەك بېرىدىكىن؟

69

ھايات — تىللاپ تۇرۇپ سۆيىدىغان قىزغا ئوخشايدۇ.

70

گۈل قىسقان بىر قىز دەريا بويىغا باردى. ئۇ دەريانىڭ چەكسىز سۈكۈتلۈك ئېقىنلىرىغا ئۇزاق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن گۈلنى دەرياغا تاشلىدى. دەريا شۇئان چۇقان كۆتۈرۈپ، نەرە تارتىپ دولقۇنلاشقا باشلىدى.

قىزنىڭ گۈزەل رۇخسارى شەپەقتەك قىزاردى، كۆزلىرى خۇشاللىق يېشىغا تولدى. ئۇنىڭ كۆز يېشى دەرياغا ئېقىپ چۈشتى. دەريا ئۇنى دولقۇنلار ئىچىگە ئېلىپ كەتتى.

قىز دەرياغا قاراپ جاراڭلىق سادا قىلدى:

— ئەي مېنىڭ ھاياتىم، ئەي مېنىڭ سادا چۇقانلىرىم، جىمجىتلىق سىلەرنى نېمجان، ئەرزىمەس قىلىپ قويۇپتۇ. قەلبىڭلاردىكى ناخشاڭلارنىڭ مۇزلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن مەن سىلەرگە گۈل، ياق سۆيگۈ بەردىم.

قىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەريالار يەنىمۇ دەھشەتلىك چۇقانلار ئىچىدە نەرە تارتتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى بۇلۇتلارنىڭ پەردىلىرىنى يىرتىپ تاشلىدى.

قىز يېشىل چۆپلۈك ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يىراقتا سەپەر ئەتكەن تۆگە كارۋانلىرىنىڭ جۇشقۇن ناخشىسىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. . .

71

سەن ھاياتنى قانچە سۆيسەڭ، ھايات ساڭا شۇنچە سەرخىل گۈللەردىن تىزىلغان گۈلدەستە بېرىدۇ.

سەن ھايات دېڭىزىغا قانچە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى، ئۇ ساڭا شۇنچە ئېسىل ئۈنچە ـ مەرۋايىت ۋە ياقۇت ـ كەھرىۋالاردىن تىزىلغان تىزىق بېرىدۇ.

## 72

ئېھ ئۇچقۇر شاماللار، مېنىڭ يۈكسەك مۇھەببىتىمنى ئاشۇ بالىلارنىڭ، ئانىلارنىڭ سولغۇن قەلبىگە ئېلىپ كېتىڭلار، ئۇلارنىڭ كۆڭلى بىر ئاز بولسىمۇ تەسەللىي تاپسۇن.

# قارا كۆزلەر

ئۇ كۆزلەر مېنىڭ كۆزلىرىم، ئۇ كۆزلەر مېنىڭ سۆزلىرىم. مەن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارىغىنىمدا، خىيالىمدىكى مۇقەددەس يوللارنى كۆرىمەن.

ئەي بالىلار، مەن سىلەرنىڭ كۆزۈڭلاردا يۇلتۇزلاردەك چاقناپ تۇرغان ئۈمىدلىرىمنى كۆرىمەن. مېنىڭ ئۈمىدلىرىم سىلەرنىڭ ئاشۇ سەبىي قەلبىڭلاردا نۇر چېچىۋاتىدۇ. مەن «ياشىسۇن بالىلار» دەپ جاراڭلىق توۋلاپ، سىلەرگە بولغان ئەڭ بۈيۈك سۆيگۈمنى بىلدۈرىمەن.

باھار پەسلىدىكى كۈنلىرىمنىڭ تەڭدىن تولىسى ئاشۇ ياپيېشىل دېڭىز ساھىلىدا ئۆتىدۇ. مەن سىلەرنىڭ ئاشۇ ساھىلدا قولۇلە قاپلىرىنى بىر - بىرىگە مارجان قىلىپ ئوينىغىنىڭلارنى كۆرۈپ چەكسىز خۇرسەن بولىمەن. كۆزلىرىڭلار نەرە تارتىپ دولقۇنلاۋاتقان ئاشۇ دېڭىزغا تىكىلگەندە، پەخىرلىنىش ئىچىدە سىلەرگە تېخىمۇ مۇھەببەتلىك كۆزلىرىم بىلەن قارايمەن.

ئەي ئوماق قارا كۆزلەر، مەن سىلەرنى سۆيىمەن، پەقەت سىلەرنىلا سۆيىمەن. سىلەرنىڭ كۆزۈڭلاردىكى نۇر مېنىڭ ئارزۇلىرىم، غايەم ۋە ئىرادەم. مەن سىلەر ئارقىلىق ئۆز بەختىمنى تاپىمەن.

# مېنىڭ بىر كۈنۈم

بالىلىق چاغلىرىم ئېسىمگە كەلسە، بەدىنىمنى تىترەك باسىدۇ، لەۋلىرىم تىترەپ، كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ. ئاچ - يالىڭاچلىق تۇرمۇش، خار - زارلىق ھايات، مۇھەببەتسىز ۋە سۆيگۈسىز كۈنلەر ھېلىھەم كۆز ئالدىمدا كىنو ئېكرانىدەك زاھىر بولۇپ تۇرىدۇ.

بالىلىق چاغلىرىمدىكى ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈننى سىلەرگە سۆزلەپ بېرەي:

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالدىم. ئائىلىمىزدە يېرىم بۇردا نانمۇ يوق ئىدى. مەن يانچۇق كولاش نىيىتىگە كەلدىم. ئاپتوبۇس قىستاڭ - قىستاڭ ئىدى. مەن يولۇچىلارنىڭ ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىپ، بىر ئايالنىڭ سومكىسىنى ئاختۇردۇم. تەلىيىم ئوڭدىن كەلگەندى. پۇلنى ئېلىپ ئاپتوبۇسنىڭ كەينى تەرىپىگە بېرىپ تۇرۇۋالدىم. پەرىزىمدە ئۇ ئايالنىڭ خېلى كۆپ پۇلىنى ئېلىۋالغاندىم. بىردەمدىن كېيىن قىيا - چىيا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. پۇل يۈتتۈرگەن ئايال چاچلىرىنى يۇلۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى كاچاتلاپ ئەسەبىيلەرچە جار سالدى. ئاپتوبۇستىكىلەر ئۇنى ئەيىبلىگىلى تۇردى:

— خېنىم پۇل دېگەننى سومكىغا سالامدۇ، چىڭراق بىر يېرىڭىز يوقمىتى؟

— سىز بەكمۇ بىخەستە ئىكەنسىز، ياخشى بوپتۇ.

— ئۆزىڭىزنى چىڭ تۇتقان بولسىڭىز، مۇشۇ ئاقىۋەتنى كۆرمەيتتىڭىز.

— ئۆزۈڭنى چىلاڭ تۆت خوشناڭنى ئوغرى تۇتما، دېگەننى بىلمەمتىڭىز.

— ئەسلى يانچۇقتىكى پۇل خەقنىڭ رىسقى ئىكەن، خەقنىڭ بولمىسا يۇتەتتىمۇ.

ئاپتوبۇس ئىچى يىپ بازىرىغا ئايلىنىپ كەتتى. تىل - ھاقارەتلەر، مەسخىرىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چىقىۋاتاتتى. پۇل يۇتتۇرگۇچى يېشىنى توختاتمىدى. مەن بۇ قىلمىشىمدىن نومۇس قىلغانىدىم . مەن ئۇ ئايالنىڭ يېنىغا باردىم. يانچۇقۇمدىكى قول ياغلىقنى ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ يىغىسىدىن توختىدى.

— ئاچا، بۇ كىشىلەر ئەسلى سىزنى ئەمەس، ئەكسىچە مېنى ئەيىبلىشى كېرەك ئىدى. بىراق، ئۇلار پۇل يۇتتۇرگۇچىنى ئەيىپلەپ، پۇل ئوغرىلىغۇچىنى ئۇنتۇپ قالدى، — دېدىم.

ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭ قولىغا پۇلنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كەتتىم. ئاپتوبۇستىكى كىشىلەر ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇلار ماڭا ئوخشاش ئوغرىدىن، مۇتهەم ئۇششۇقتىن قورقسا كېرەك.

مەن ئويلىنىپ قالدىم: ئۇ كىشىلەر نېمىشقا ئۆز رىزىقىغا چاڭگال سالغانلارغا يول قويىدۇ.

ئۇ مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىمدىكى خىيالىم ئىدى.

# مېنى سۆيۈپ قويساڭلارچۇ

بالىلار گۈلزارلىقتا ئوينىغىلى باردى. گۈلزارلىق بالىلارنى ئۆزىنىڭ خۇشپۇراق ھىدلىرى بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالدى. يۇمران غۇنچىلار ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن چەكسىز خۇشال بولۇپ كەتتى. گۈل بەرگىلىرى مەيىن شامالدا ئاستا تەۋرىنىپ، بالىلارغا لىرىك ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بەردى. بىردەمنىڭ ئىچىدە بۇ يەر شادلىق باغچىسىغا ئايلاندى، گۈللەر ۋە كېپىنەك بالىلىرىمۇ ئۆزىنى ئۇنۇتقانىدى.

كەچكى شەپەق يىراقتىن بىشارەت بەرمەكتە. قىر بېشىدا يېگانە ئۆسكەن بىر ئاق ئەتىرگۈل بالىلارغا: «ئەي ئوماق بالىلار، مېنى سۆيۈپ قويساڭلارچۇ» دېدى. بالىلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئاق ئەتىرگۈل يەنە: «ماڭا باشقىلارنىڭ نىگاھى چۈشمىسۇن، سىلەر ئېتىكىڭلار بىلەن يوشۇرۇپ تۇرۇڭلار، قاراڭغۇ چۈشكەندە كەتسەڭلار بولىدۇ. مەن تۈنىنىڭ چىرايلىق بېزەكلىرى بولغان يۇلتۇزلار بىلەن يالغۇز قالاي، ۋۇجۇدۇمدىن تېمىۋاتقان ئىپارلىرىمنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلاي. ئەي بالىلار مېنى سۆيۈپ قويۇڭلار» دېدى. بالىلار ئۇنى سۆيۈپ قويدى.

گۇگۇم چۈشكەندە بالىلار ئۆيلىرىگە كېتىپ قالدى. يالغۇزلۇق ئۇنى خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇ يۇلتۇزلار بىلەن سۆزلەشتى، ئۇلارغا پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى ئىپارلىرىنى تۆكۈپ بەردى. ئۇ يەنە يۇلتۇزلارغا تەلمۈرۈپ قاراپ: «ئەي يۇلتۇزلار، مېنى سۆيۈپ قويساڭلارچۇ» دېدى.

يۇلتۇزلار ئۇنىڭ چىرايلىق، نازۇك لەۋلىرىگە سۆيۈپ قويدى.

# پەرزەنت سۆيگۈسى

مەن سېنىڭ داداڭ قوزام، سەن ئىللىق قۇچىقىمدا بەختلىك ئەللەيلىنىۋاتىسەن، تاتلىق كۈلۈۋاتىسەن، شادىمان يايراۋاتىسەن، سېنىڭ كۈلكەڭ ھاياتلىقنىڭ كۈلكىسى، سېنىڭ كۈلكەڭ بەختنىڭ كۈلكىسى، سېنىڭ كۈلكەڭ ئەتىنىڭ كۈلكىسى.

مەن سېنى سۆيدۇم، سېنىڭ تىنىقىڭ يۇزۇمنى سۆيدى. مەن خۇددى ئۇيقىدىن ئويغانغاندەك ۋۇجۇدۇم جۇغۇلداپ پۈتكۈل تەبىئىتىمنى بىر خىل لەززەت چىرمىۋالدى.

سېنىڭ تىنىقىڭ قەلبىمدىكى تېخى تولۇق ئويغانمىغان ئاتىلىق مېھىر - مۇھەببىتىمنى ئويغاتتى. سېنىڭ تىنىقىڭ مېنى سەرخىل باھار گۈللىرى ئېچىلغان ياپيېشىل جەننەت ساھىلىغا باشلاپ باردى. مەن ئۇ يەردە سۆيگۈگە مۇيەسسەر بولدۇم. مۇھەببەت مېنى قايتا ئويغاتتى.

سېنىڭ تىنىقىڭ پەسىللەر ئەركىسى باھارنىڭ تىنىقى بىلەن ئوخشاش. باھار پەسلىنىڭ تۇنجى قەدىمى، سەنمۇ ھاياتلىقنىڭ تۇنجى قەدىمى، ھەر ئىككىڭلار بۇ دۇنياغا قول تۇتىشىپ كەلگەن.

مەن سېنى سۆيدۇم. سېنىڭ ئانا سۈتى تېمىپ تۇرغان كىچىككىنە ئېغىزىڭغا سۆيدۇم. سېنىڭ تىنىقىڭ مېنىڭ يۈرىكىمگە ئېقىپ كىردى. ئۇ مېنىڭ يۈرىكىمدە ئۆز مېھرىنى تاپتى .

سەن ئۇخلاپ قالدىڭ. سەن ھاياتنى، دۇنيانى ۋە تۇرمۇشنى پەرۋايىڭغا ئالماي ئۇخلاپ قالدىڭ. سېنىڭ ئۇيقۇڭ باللىق ئۇيقۇسى. سەن ئاشۇ ئۇيقۇ ئىچىدە دۈشمەن كۆشەندىلىرىنى ھەرگىزمۇ چۈشىمەيسەن.

كېچىنىڭ ساپ ھاۋاسى دېرىزە كۆزنەكلىرىدىن كىرىپ، سېنىڭ تىنىقىڭ بىلەن دوست بولدى. ئۇلار باھار گۈللىرىنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كەتتى.

مەن سېنىڭ داداڭ قوزام، پەقەت سېنىڭ داداڭ، سەن ئويغانغاندا مېنى زىمىستاندىن ئىزدە!

## ئاي

سەن شۇ تاپتا شېرىن ئۇيقۇدا قىزىم. شىمال تاغلىرىنىڭ سالقىن شامالللىرى دېرىزىدىن كىرىپ، بۇدۇر چاچلىرىڭنى يېنىك تاراپ قويۇپ يەنە ئۆز يولىغا كېتىۋاتىدۇ. سەن چەكسىز شېرىنلىك ئىچىدە تاتلىق ئۇيقۇنى سۆيۈپ، گۈزەل چۈش ساھىلللىرىدا شادىمان يايراۋاتىسەن.

ئاي تۇغۇلدى. مەن ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىنى نەچچە سائەتتىن بېرى كۈتۈۋاتىمەن. سەۋر قىلسا ئادەم ئارزۇلىرىغا يېتىدىكەن. ئەنە ئايمۇ كۆلۈپ چىقتى. مەن ئۇنىڭ تومەنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، تومەنىڭ كۆزلىرى بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇ ماڭا گۈللەردىن تىزىلغان گۈلدەستە بەردى. مەن گۈللەرنىڭ بەرگىلىرىگە قاراپ سېنى سېغىندىم قىزىم. سەن يەنە شۇ ئۇيقۇنىڭ ئىسسىق باغرىدا بەختلىك ئۇخلاۋاتىسەن.

مەن ئايغا قاراۋاتىمەن. ئەنە ئايمۇ ماڭا قاراۋاتىدۇ، بىز يەنە سۆزلەشتۇق. مەن ئۇنىڭغا سېنى سېغىنغانلىقىمنى دېدىم. مەن ساڭا ئايدىن گۈل ۋە نۇر ئەۋەتتىم ئۇماق جىگىرىم. ئۇ روجەكتىن ئاستا كىرىپ، تومەنىڭ كۆزلىرىدىن تامغان نۇرلىرى بىلەن سېنىڭ پېشانەڭگە سۆيۈپ قويسۇن.

سەن شېرىن ئۇيقۇ ئىچىدە ھېچنېمىنى بىلمەي قالدىڭ. ئاي نۇرى يەنە سېنىڭ يۈزلىرىڭگە ئاستا سۆيسۇن، داداڭنىڭ بۇ مېھرىبان سۆيۈشلىرى داداڭنىڭ مېھرى - مۇھەببىتىدۇر، داداڭنىڭ ئاتىلىق بۇرچىدۇر.

ئاي بولۇتلار باغرىغا كىرىپ كەتتى، ئەتراپ قاراڭغۇلاشتى. سەن يېنىڭغا ئۆرىلىپ ئۇيقۇڭنى داۋام ئەتتىڭ. بەلكىم يېڭى بىر چۈش كۆرۈۋاتقانسەن قىزىم.

# ھايات سۇنتلىرى

**تۇگمەن تېشىنىڭ ساق ياكى كەمتۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دەريا سۈيى دېڭىزغا قاراپ ئېقىۋېرىدۇ.**

**— جىبران خىلىل جىبران**

قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ ئانىسى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ قەلئەسىنى ئاپىرىدە قىلغان مۇقەددەس بۇزرۇكۋار ئانا تەكلىماكان؛ ئۇزاق ئەسىرلەر ئېتەكلىرىدە بىر مىنۇتمۇ ئۈكسىمىگەن، تالاي قانلىق ۋە شادلىق يىللارنىڭ شاھىتى بولغان، سامان يولى سىستېمىسىغا ياندىش نۇر تۆككەن ھايات - ماماتلىق جەڭلەرنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان مېھىرلىك تارىم ئانا، بۇ ئىلاھى مۆجىزىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق باغرىدا مىليونلىغان ئەزىمەتلەرنىڭ قاتارىدا بىر دانىشمەن، ئىلىم - پەن مۇئەككىلى، ئىستېداتلىق ھەقىقەتچىنى دۇنياغا ياراتتى. ئۇ غەربتىكى ئالەمشۇمۇل ئىرفان بۆشۈكلىرىدە ئۇزاق بىر مەزگىل ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن، يەنە ئاشۇ تەڭرى شەھىرى، تارىخ مۇزېيىغا قايتىپ كەلدى. ئۇلۇغ كىشىلەرنى سۆيگۈچى خەلق ئۆزلىرىنىڭ قېنىدىن تامغان بۇ قىران بۇركۈتنى ئورىۋالدى. ھەقىقەتچى ئۆزىنى ئىلكىدە بېقىپ چوڭ قىلغان سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىغا قاراپ، كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا خىيال قىلدى: «ئۇلار مېنىڭ ئاتا - ئانامغۇ؟ ئاۋۇ نارەسىدە باللار بىلەن ئاشۇ كىيىم - كېچەكى جۇل - جۇل كىشىلەر مېنىڭ قېرىنداشلىرىمغۇ؟ ئۇلارنىڭ يىغىسى مېنىڭ يىغام، ئۇلارنىڭ تەبەسسۇمى مېنىڭ شادلىقىم ۋە بەختىم ئەمەسمۇ؟

مەن ئۇ ئەزىزلىرىمگە چەت ئەلدىن نېمە ئېلىپ كەلدىم، ئۇلار

مەندىن نېمە كۈتۈۋاتىدۇ؟

باش ـ كۆزلىرىمنى سىلاۋاتقان يىرىك قوللار قىش ـ ياز ئېتىز قىرلىرىدىن بىكار بولالماي جاپا چېكىۋاتقان ئاشۇ جاسارەتلىك دېھقانلارنىڭ مېھرى ئەمەسمۇ؟ يۈز ـ كۆزلىرىمنى سۆيۈۋاتقان ئوتلۇق تىنىقلار ئاشۇ قەھرىمان ئانىلارنىڭ مۇھەببىتى ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ چېھرىدىكى بىر ـ بىرىگە تورسىمان گىرەلەشكەن قورۇقلار ئۇلار بېسىپ ئۆتكەن مۇقەددەس يوللارنىڭ شاھىتى ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن جەننەتنىڭ نۇرىنى كۆردۈم. ئۇلار خۇددى بىر تۇپ مېۋىلىك دەرەخنى ئورۇۋالغاندەك مېنى ئورۇۋالدى. مەن ئۇلارنىڭ قاغجىراپ كەتكەن يۈرىكىگە بىر تال مېۋىچىلىك لەززەت بېرەلىدىممۇ؟ ئۇلارنىڭ چېھرىنى كۆيدۈرۈۋاتقان قۇياش نۇرىغا سايە تاشلىيالىدىممۇ؟ بۇلاق بولۇپ ئۇلارنىڭ ئېتىزلىرىنى سۇغۇرۇپ قويالىدىممۇ؟

ئۇلار مېنى چىراغ دەۋاتىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ زۇلمەتلىك يوللىرىنى، قاراڭغۇ دىللىرىنى يورۇتۇپ بېرەلىدىممۇ؟ مەن قانداقمۇ ئۇلارنىڭ ئۆتكۈرلىرىنى يورۇتقۇچى مۇقەددەس شام بولاي!

مەن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلارنى ئۆز ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يەتكۈزگۈچى، ئۇلارنى قىرغاققا ئۆتكۈزۈپ قويغۇچى، لېكىن ئەمەلىيەتتە مەن ئاددىي بىر ئوقۇغۇچى. مەن ياقا يۇرتلاردىن ئۇلارغا نېمە ئېلىپ كېلەلىدىم؟»

ئۇ شۇ خىياللارغا بەنت بولۇۋاتقاندا خەلق ئۇنى كۆتۈرگىنىچە ئېگىز پەشتاقنىڭ ئۈستىگە ئاچىقىپ ئۇنىڭغا: «بىز سېنى ئۇزۇندىن بېرى كۈتۈۋاتىمىز. ئارزۇلىرىمىز چېچەك ئېچىپ، كۈتكەن كۈنىمىز ئاخىر يېتىپ كەلدى. خۇدانىڭ سېنى بىزگە ئەۋەتىپ بەرگەنلىكىدىن چەكسىز خۇرسەنبىز. خۇدا سېنى بىزگە شاراپ توشقۇزغان بىر قەدەھ، بىر تۇپ دەرەخ، بىر چىراغ قىلىپ ئەۋەتتى. . . بىز ئەمدى خاتىرجەم بولدۇق، شۇڭا سېنى بىز ھەقىقەتچى دەپ ئاتاپ، سەركىلىك تاجىسىنى كىيدۈرۈپ، ئاتامانلىق

ئورنىنى بەردۇق. سېنىڭ كۆزلىرىڭدىن يېنىۋاتقان ئوت بىزنىڭ قەلب ئاربىلىمىزدىن يېنىۋاتقان ئوت، سېنىڭ ياڭراق ناخشاڭ بىزنىڭ يۈرەك سادايىمىز. بىز سېنى مۇھەببىتىمىز بىلەن قارشى ئالدۇق، سەن بىزگە سۆيگۈ بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى ئويلاۋاتامسەن ـ يوق؟ » دېدى.

ھەقىقەتچى نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى. كۆزلىرىدىن ھاياجانلىق ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلەتتى. ئۇ بىردەم يەرگە قارىسا، بىردەم زېمىنگە نۇر تۆكۈپ تۇرغان قۇياشقا، يەنە بىردەم ئۆزىنى قانات ئاستىغا ئېلىپ ئەللەيلىتىۋاتقان ئاشۇ خەلققە قارايتتى. ئۇنى چەكسىز جاھان ھاياجان ئىچىدە گەپ قىلدۇرمايۋاتاتتى.

چىرايلىق بىر قىز ئۇتلۇق تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتتى.

1

— ئەي ئۆز ۋەتىنىگە مۇھەببىتى كۈچلۈك يىگىت، سېنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىڭ ھەقىقەتنىڭ كەلگىنىدۇر. ھەقىقەت بار يەردە پاسىقلار يۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ، ھەقىقەت بار يەردە زورلاۋانلىق، مۇشتۇمزورلۇق دەۋر سۈرەلمەيدۇ. ھەقىقەت زېمىنگە ئۇرۇق بولۇپ چېچىلسا، زېمىنگە ھۆرلۈك گۈللىرى ئۈنىدۇ. ئۇنى كىم پۈرسا قەلبى سۆيگۈگە، ۋۇجۇدى غۇرۇرغا تولىدۇ. ھەقىقەتچى، سەن بۇ يەرگە شادلىق ئېلىپ كەلدىڭ. سېنىڭ كېلىشىڭ بىلەن بۇ يەر كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. بىز سەن بىلەن بىرگە بولساق، جەننەتنىڭ ھاۋاسىدىن نەپەس ئالغاندەك بولىمىز، سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ئاڭلىساق مۇھەممەدنىڭ[1] ۋەز ـ نەسىھەتلىرىنى

---

① مۇھەممەد — مۇھەممەد پەيغەمبەرنى دېمەكچى.

ئاڭلىغاندەك بولۇپ قالىمىز، — دېدى.

ھەقىقەتچى خەلقىنىڭ ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكىدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدى. ئۇ كىشىلەرگە قاراپ:

— مەن سىلەرنى سۆيىمەن، سىلەر مېنىڭ تۇپرىقىم، سىلەر مېنىڭ ۋەتىنىم، سىلەر مېنىڭ خەلقىم، مېنى سىلەر پاك قەلبىڭلار بىلەن قاتارغا قوشتۇڭلار، مېنىڭ بارلىقىم سىلەر ئۈچۈن. قېنى ئېيتىڭلار، مەن سىلەرگە نېمە ئىشلارنى قىلىپ بېرەي، — دېدى.

2

— ئەي ھەقىقەتچى، بىزگە ھايات ھەقىقەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەر، — دېدى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى، — ھاياتنى چۈشەنمەي ياشىغاننىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى بولماس، سېنىڭ بىزگە بەرگەن تۇنجى مېۋەڭ ھايات توغرىسىدا بولسۇن.

— ھاياتنىڭ تۇنجى قەدىمى تۇغۇلۇش، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ھەقىقەتچى، — تۇغۇلۇشنىڭ ئۆزى ئۆلۈشتۇر. بۇ دۇنياغا ۋاقىتلىق مېھمان سۈپىتىدە ئاپىرىدە بولدۇڭلار. سىلەرنى يەنە بىر ھايات ياراتتى. بۇ دېگەنلىك ھاياتنى ھايات يارىتىدۇ دېگەنلىك.

ھاياتنىڭ ئۆزى كۆرەش دېمەكتۇر. كۆرەش ئىچىگە تۇغۇلدۇڭلار.

ھاياتنىڭ ئۆزى رىقابەت دېمەكتۇر. سىلەر رىقابەت ئۈچۈن ياراldىڭلار، ئەگەر ھاياتتا رىقابەت بولمىغىنىدا، ئۇ بىر دۆۋە ئەخلەت دۆۋىلىرى ئىچىدىكى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان قۇرتتىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بىر نېمە بولاتتى.

شۇڭا، سىلەر ھاياتنىڭ تۇنجى قەدىمىنى كۆز قارچۇقىنى سۆيگەندەك سۆيۈڭلار. بۇ سۆيۈش ھاياتقا ئاجايىپ بۈيۈك

ھەقىقەتلەرنى پىچىرلايدۇ. بۇ سۆيۈش ھاياتقا غالىبلىق ۋە قەھرىمانلىقنى ئۆگىتىدۇ.

3

— ئەي خۇدانى سۆيىدىغان ئىلىم ئىگىسى، سۆزلىرىڭ بىزنى ئويغىتىۋاتىدۇ. بىزگە باللار توغرىسىدا گەپ قىلىپ بەرگىن، — دېدى باللارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغان ياشانغان بىر چال.

باللىق گۈدەكلىك، باللىق بەخۋاشلىق، ئۇ ئىللىق باھارغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئاسماننىڭ قەھرىدە جەۋلان قىلىۋاتقان يىپ ئۇچىدىكى لەگلەككە ئوخشايدۇ.

ئۇ دالىدا ئۆسكەن يېشىل ئوت ـ چۆپتەك شامال قايسى تەرەپكە ئۇچۇرسا شۇ تەرەپكە ئۇچىدۇ.

ئۇ ئانىسىدىن ئايرىلغان كېيىك باللىسىدەك نېمە بەرسە شۇنى يەيدۇ. ئۇنىڭدا ئۆزىگە خاس بىر خىل ساددىلىق بار. ئۇنىڭ ساددىلىقى ئۇنىڭ پاكلىقىدۇر.

باللار كىم تەرىپىدىن تۇغۇلغانلىقى ئۇچۇنلا شۇنىڭ بولمايدۇ. باللار زېمىنغە مەنسۇپ، خۇددى بىر كۆچەت سۈپىتىدە زېمىن ئۇنى پەرۋىش قىلىدۇ، ئۇ چوڭ بولۇپ مېۋە بېرىدۇ، ئۇنىڭ مېۋىسىدىن بارچە ئاۋام بەھرىمەن بولىدۇ.

باللار سىلەرنىڭ كۆزۈڭلاردىن يانغان نۇر، ئۇ سۆيگۈ ئىچىدە زىبا تۆكىدۇ. باللار سىلەرنىڭ ئارمىنىڭلار، ئۇ سىلەرنىڭ چالا ئېيتىلغان ناخشاڭلارنى ئېيتىپ تۈگەتكۈچى. سىلەر بار يەردە ئۇلار ئازمايدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل سۆيگۈلەر باللارنىڭ پاك مۇھەببىتىدىن تۇغۇلىدۇ. ئەڭ بۈيۈك ھەقىقەتلەر باللارنىڭ يۈرىكىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. سىلەر باللارنى سۆيۈشنى ھاياتتىكى مۇقەددەس بۇرچ دەپ قاراڭلار، ئۇلارنى ئاسراشنى ئۇلۇغ ۋەزىپە دەپ بىلىڭلار. باللارنى سۆيۈش ۋەتەننى سۆيۈش دېمەكتۇر.

## 4

— ئەي خۇدانىڭ تىلىدا سۆزلىگۈچى ئەۋلىيا يىگىت، خۇدا ساڭا كاتتا ئىنئاملارنى بەرسۇن، بىزگە ئەمدى ياشلىق توغرىسىدا گەپ قىلىپ بەر، — دېدى قولىدا كىتاب كۆتۈرگەن بىر ياش. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يىگىتلەر چۇقان كۆتۈرۈشتى.

— نۇرغۇن كىشىلەر ياشلىقنى باھار پەسلىگە ئوخشىتىدۇ، ئەمما مەن ياشلىقنى ھاياتنىڭ ياز پەسلىگە ئوخشىتىمەن. ياز پەسلىدە ھەممە نەرسە ۋايىغا يېتىدۇ، گۈللەر ئېچىلىپ پۈتۈن يەر گۈزەللىك تۇسىگە كىرىدۇ. تەبىئەتنىڭ ھۆسنى تولۇپ جىمى ھاياتلىق نازاكەت ئىچىدە جىلۋە قىلىدۇ. ياپراقلارنىڭ تىلىدا يېقىملىق سۆيگۈ ناخشىسى ئېيتىلىدۇ. يوپۇرماقلار تاڭ سۇزۇلۇپ يۇلتۇزلار خىرە كۆرۈنگىچە ئۇخلىمايدۇ. ياشلىقمۇ خۇددى شۇنداق، ئۇ ھاياتنىڭ ئىككىنچى پەسلى. بۈيۈك ئېتىقاد، يۈكسەك ئارزۇ، تەۋرەنمەس ئىرادە ئۆز ئوبرازىنى تاپقان چاغ. سىلەر بۇ مەزگىلنى قەدىرلەشنى ئانا تۇپراقنى سۆيۈشتەك مۇقەددەس بىلىڭلار. سىلەرنىڭ بۇ مەزگىلىڭلار ھاياتىڭلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. سىلەرنىڭ بۇ مەزگىلىڭلار سىلەرنى بۈيۈكلۈككە ياكى خارابلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

ياشلىق تەبىئەتنىڭ تىنىقىدەك يېقىملىق، شەمشاد ئورمانلىقىدەك مۇقەددەس. ياشلىق ھاياتنىڭ گۈل تاجىسى. ھايات ياشلىق بىلەن گۈزەلدۇر. سىلەر ئۇنى سۆيۈشنى بىلىڭلار، ھەر قەدىمىڭلاردا ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىڭلار.

ياشلىقنى قەدىرلىسەڭلارلا جەننەتنىڭ ئاچقۇچى چوقۇم سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولىدۇ. سىلەر شۇنى ئېسىڭلاردا چىڭ

تۇتۇشلاركى، ھايات يولۇشلاردا ئۆز چىرىغىشلارنى پەقەت ئۆز قولۇشلار بىلەن تۇتۇپ مېڭىشلار. سىلەرنىڭ چىرىغىشلارنى باشقىسى تۇتۇپ بەرمىسۇن ھەم باشقىلارنىڭ چىرىغىنىڭ يورۇقىدا ماڭماڭلار، چۈنكى ياشلاردا مۇستەقىل ياشاش روھى بولۇشى كېرەك.

5

— ئەي ئەقىل ـ پاراسەت غەزىنىسى، سەن بىر مېۋىلىك دەرەخ سۈپىتىدە بىزنىڭ روھىيىتىمىزگە جان بېرىپ، ئۇسسىغان قەلبىمىزنى قاندۇرۇۋاتىسەن. بۇنىڭ ئۇچۇن خۇدادىن ساڭا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز. ئەمدى بىزگە قېرىلىق توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگىن، — دېدى ياشانغان بىر بوۋاي خىرە كۆزلىرىنى يىگىتكە تىكىپ.

— مېۋىنىڭ پىشقان مەزگىلى بولغاندەك، ھاياتنىڭ پىشقان مەزگىلىمۇ دەل قېرىلىق مەزگىلى. بۇ ھاياتلىقتا نۇرغۇن تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن ئاخىرقى چاغ . بۇ چېغىڭلاردا سىلەر مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ھادىسىگە قاراپ ماھىيەتكە قارىمايدىغان، بۈگۈننى ئويلاپ ئەتىنى ئويلىمايدىغان تىراگېدىيىلىك ئەھۋاللارغا خاتىمە بېرىسىلەر.

ئەگەر سىلەر ياشلىقىڭلارنى گۈزەل ھەم ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزگەن بولساڭلار، ھاياتىڭلارنىڭ بۇ ئاخىرقى مەزگىلىمۇ مەنىلىك ئۆتۈپ، سىلەرنى ئۆز يارىشىغىڭلار بىلەن چىرايلىق ئۇزۇتۇپ قويىدۇ.

مەن كوچىدا ئۆلۈپ قالغان قېرى ئادەملەرنى كۆرگەن. ئۇلار قەلەندەر ياكى ساھىل ئەمەس، دەرۋىش ياكى ئەۋلىيا ئەمەس، ئۇ پەقەت ھاياتنى ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەملەرنىڭ ئاقىۋىتىدۇر.

قىرانلىق دەۋرى قەدىرلەنسە، قېرىغاندىمۇ زەرىر تارتمايدۇ. سىلەر قېرىلار پەرزەنتىڭلاردىن پاناھلىق تىلىمەڭلار، پەقەت ئۆزۈڭلاردىنلا ئۈمىد كۈتۈڭلار، ئۆلار ئۆزىنى ئۆزى ئارانلا يولغا سالالايدۇ.

قېرىلىق — ھاياتنىڭ ئاخىرقى ناخشىسى، ئۈنچىلەر دۆۋلەنگەن خامان.

قېرىلىق — ئېقىنىنىڭ ئاخىرى، سۇ لىپمۇلىق تولغان كۆل.

قېرىلىق — تاملىرى سىرلىنىپ زىننەتلەنگەن ھەممە نەرسىسى تەل قەلئە.

قېرىلىق — بىر ئۆمۈر ھايات ئۈستىدە سوغۇققانلىق بىلەن تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، ئۇزۇن بىر تارىخ ھەققىدە ئۈنسىز قەلەم تەۋرىتىدۇ.

قېرىلىق — تۇرمۇش سىرلىرىنى ئۇزۇن تەتقىق قىلىپ، مەۋجۇدىيەتنىڭ ھېكمەتلىرى ئۈستىدە گەپ قىلىدۇ.

قېرىلىق — نىقابى پۈتۈنلەي ئېچىۋېتىلگەن ھايات، سىرلىرى ئاشكارىلانغان مەخپىيەتلىك.

قېرىلار ئۆزەڭلارنىڭ قېرىپ كەتكىنىڭلارنى بالىلار ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان چاغدا ھېس قىلىسىلەر. ئۇ چاغدا سىلەر ئۆيدە يالغۇز قېلىپ: «بىز قېرىغان ئوخشايمىز» دەپ ئېغىر تىنغاندا، ئۆلۈم سىلەرنىڭ ئىشىكىڭلارنى چېكىدۇ.

6

— ئەي ھەقىقەتچى، بىزگە ئۆلۈم ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىن، — دېدى ئادەملەر ئارىسىدىكى بىرسى.

ئۆلۈم — باش ـ ئاخىرى يوق يول، بىز مەڭگۇ چۈشەنمەيدىغان ھەقىقەت.

ئۆلۈم — بىپايان كائىنات، چەكسىز سۈكۈت.

ئۆلۈم — ئەڭ بۈيۈك لىرىكا، تەڭرىنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن يۈرەك زۇننارى.

ئۆلۈم — ھايات چىرىغىنىڭ ئۆچۈشى.

ئۆلۈم — ئەركىنلىك، ئۇ ئۆزى خالىغىنىنى قىلىدۇ.

ئۆلۈم — ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنى بارلىق رەزىل، شەرمەندە يوللاردىن، قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

بىز ھەممىمىز ئۆلۈمگە نائىل بولۇمىز. ھەر بىرىمىزگە نسىپ بولغان ئۆلۈم بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

ئۆلۈم — قۇشقا ئوخشايدۇ، ئۇ ئۆزى خالىغان دەرەخقە قونىدۇ. ئەگەر ئۆلۈم كەلسە، ئۇنى مەردانىلىق بىلەن قارشى ئالالىغان ئادەم كىشىلەر تەرىپىدىن مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

# خارلاش

سەن ئۆزۈڭگە ئىشەنمەيسەن. سەن ھاياتلىقتا قەدەم قويغىلى شۇنچە ئۇزاق يىللار بولسىمۇ، تېخى ئۆزۈڭ ھەققىدە بىرەر قېتىم ئويلانغىنىڭ يوق. ھەربىر باسقان قەدىمىڭدە ئۆزۈڭنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا گۇمان بىلەن قارايسەن. سەن روھىڭنى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاختۇرىسەن، لېكىن بىردەمنىڭ ئىچىدىلا زېرىكىپ كېتىسەن. سەن قەلبىمدە ئۈمىد ـ ئارزۇ يوق دەپ قارايسەن، بىراق ئىزدەنمەيسەن.

سەن ئۆزۈڭنى «قۇرۇغان دەرەخ» دېدىڭ.

دەريا ساھىلىدا ئولتۇرغىنىڭدا ئۆزۈڭنى «مەن سۇسىز دەريا» دېدىڭ.

ئۆز ھىدى بىلەن ھاۋانى خۇشبۇي قىلغان سەرخىل گۈللەرنى كۆرگىنىڭدە ئۆزۈڭنى «مەن سولاشقان گۈل» دېدىڭ.

ئەگرى ـ بۈگرى يوللارنى ئارقاڭغا قالدۇرۇپ، بىپايان دەشتى ـ باياۋاندا سەپەر قىلغىنىڭدا: «ئەي، گىياھ ئۈنمەس چۆل، يۈرىكىڭگە ئوت كەتكەن قاقاسلىق، مېنىڭ ۋۇجۇدۇممۇ سەن بىلەن ئوخشاش» دېدىڭ.

ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاسمانغا ئۈنسىز تىكىلىسەن. چەكسىز قىزغىنلىقتا تولغان ئانا ـ بالا كەپتەرلەر باش ئۈستۈڭدىن ئەگىپ ئۆتكەندە ئۆز ـ ئۆزۈڭگە: «مېنىڭ قانىتىم يۇلۇپ تاشلانغان» دەپ شىۋىرلايسەن.

سەن ئۆزۈڭگە ئىشەنمەيسەن، سەن بۈگۈنگە قەدەر ئۆزۈڭگە ئىشىنىپ باقمىدىڭ.

كۆڭلۈڭدىكى سىرىڭنى يوشۇرما، گەپ بولسا دەۋەرگىن، بىراق ئۆز ـ ئۆزۈڭنى خارلىما. .

## پەيت

بۇ مۇساپەممۇ ئاخىرلاشتى. ماڭىدىغان يوللىرىم تۈگىدى، ئاشىدىغان داۋانلىرىممۇ تاماملاندى. مەن يېگانە مەنزىلنىڭ قىرغىقىغا يېتىپ كەلدىم.

ھاياتنىڭ تەقەززاسى مېنى ئاخىرقى ئۆتەڭگە ئېلىپ كەلدى. ھېسابسىز ئىسسىق ـ سوغۇقلار ئىچىدە گېگانتلاشقان ئۇشبۇ ھاياتنى تىنچىتاي، ھەسسىلەپ ئەلەم چەككەن كۆڭلىرىمدىن خەيرلىشەي.

مەن ساھىلغا يېتىپ كەلدىم. ھەر خىل ئىستەكلىرىممۇ مەن بىلەن بىرگە بۇ يەرگە كەلدى. مەن ئېسىل ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىمنى يېشىل يىپقا ئۆتكۈزۈپ دىلدارىمنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدۇم. ئۇ بىر جۈپ كۆزىنى بىز بېسىپ ئۆتكەن ئاجايىپ ئېغىر كۆنلەرگە شۇنچە مەيۇس ھالدا تىكەتتى. ئۇ شۇ خىيال ئىچىدە ئۇزاق ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت دۇنياسىغا سىڭىپ كەتتى.

ئۇ خۇشاللىق ۋە خاپىلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يوللىرىدا بىر رەت ئايلىنىپ چىقتى.

كۈندۈزۈم چېكىگە يەتتى. زېمىنىنىڭ تېرەن قاتلاملىرىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن ئارمانلار بېشىنى كۆتۈردى. نەچچە ئەسىر تېنىمسىز جىمجىت ئاققان دەريا سىلكىنىدى.

مەن زېمىنگە تىزلاندىم. زېمىن ئانىنىڭ ئالتۇن تۇتىياسىنى ئېلىپ كۆزلىرىمگە سۈرتتۈم. خۇداغا ئىبادەت قىلىپ، مەدەت تىلىدىم.

مېنىڭ شادلىق بايرىمىم يېتىپ كەلدى. شادلىق، خۇشاللىق

ئىچىدە ئوتلۇق يۈرىكىم سوقۇشتىن توختىمايدۇ. چەكسىز مۇھەببىتىم دۇنيانىڭ ئىچىگە سىڭىپ كېتىدۇ.

سىرلار يېشىلدى. بىزنى مەھلىيا قىلغان نىقاب يىرتىپ تاشلاندى.

بۇ ئوتلۇق دەملەر بىزگە ھەممىنى بەردى. ھەممە ھالىدىن كەتكەندە، بىپايان ئورمانىنىڭ زۇۋانى تۇتۇلغاندا، كۆڭ نۇرىمۇ ئىمجان بولغاندا بىز ئۇيقۇمىزدىن ئويغاندۇق. غەمكىن كۆكۈلەر تىترەپ يىغلىدى، ئازابلىق قەلبلەر غالجىرلاشتى، ئوتلۇق يۈرەكلەر پارتلىدى.

مەن دۇنيانىڭ قارشى قىرغىقىغا يېتىپ كەلدىم. خۇشاللىق ۋۇجۇدۇمنى چىرمىدى. شادلىقىمدىن ئاۋازىمنى بارىغا قويۇۋەتتىم. ياڭراق سادالار دەرەخلەرنىڭ جىمجىت يوپۇرماقلىرىنى تىترەتتى. ئۇ يەنىمۇ قانات يېيىپ، قاقاس دالىلاردىكى قەدىمىي توغراقلارنىڭ بېشىغا قوندى.

مۇساپەم چېكىگە يەتتى.

تاڭ سەھەرنىڭ كۆزى ئېچىلىۋاتىدۇ. مەڭگۈلۈك كۈندۈزنىڭ قۇياشى بۇلۇتلار ئىچىدىن چىقتى.

مۇڭلۇق دىلىم غەم ــ قايغۇنى ئۇنتۇدى. جۇدالىق ۋە ئۆلۈم ئاددىي ئۇقۇمغا ئايلاندى.

سۆگەت دەرىخىنىڭ سالقىنىدا چۈش كۆرۈپ ياتقان سەبىي باللار يېنىمغا كېلىشلار.

سازىمنى تەڭشەپ قويدۇم، ئۇنى ئەمدى مەڭگۈلۈك ناۋالارغا چالىمەن.

سەنمۇ كەل ئەزىزىم، مانا بۇ مەن كۈتكەن پەيت.

## يىراق

سەھەردە يولغا چىقتىم. بارماقچى بولغان يېرىم تولىمۇ يىراق، ھەمراھىم تېخىچە يېتىپ كەلمىدى.

قېرى دەرەخنىڭ سايىسىدە ساقلاۋاتقىنىمغا خېلى بولدى، ئۇ تېخىچە كەلمىدى.

كۆن پاتاي دەپ قالدى. گۇگۇمنىڭ شېرىن كۆلەڭگۈسى ئەتراپىمغا تېزلا يېتىپ كەلدى. خىرە ـ شىرە قاراڭغۇلۇقتا كۆزلىرىم تېلىپ ئۇيقۇسىراشقا باشلىدىم.

ئۇ كەلمىدى . مەن ئاخىر ئورنۇمدىن تۇردۇم. بارماقچى بولغان يېرىم يىراق ئىدى. يىراقتا ماڭغانلارنىڭ ماڭا قاراشلىرىدىن خىجىل بولدۇم. ئاخىر سەپەرگە ئاتلاندىم. ئۇ تولىمۇ يىراق جاي ئىدى، تولىمۇ يىراق. . .

## بۇ يەردە

ئىشىكنى قويۇپ يېنىمغا كەل ئەزىزىم، بىز قول تۇتۇشۇپ ئۆگزىگە چىقايلى.
ئېتىزلاردىكى مايسىلار قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، پايانىنى يوقاتمىغان بۇ دالا بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى بىرئاز تىنىدۇرىدۇ.
دەريالاردىكى سۇ قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، كىچىك ئېقىنلاردىكى يامغۇر تامچىلىرى ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرالايدۇ.
تاغ شامىلىنىڭ ئەنگىزى بار، بەلكىم گۇگۇم چۈشكىچە بۇ يەردىن ئۆتۈپ قالار.
تاغ قاپتىلىدىن پادىچىنىڭ ناخشىسى كېلىۋاتىدۇ.
كەل پەرىشتەم، يېنىمغا كەل، ئۆگزىمىزدىكى يۇلتۇزلارنىڭ يارقىن نۇرلىرىنى سۆيۈۋال، دانە ـ دانە بۇ نۇر چەمبىرىكىنى قاشتېشىدەك سۇزۇك بوينۇڭغا ئېسىۋال.
ياق، دېدىڭمۇ! ؟
كۆڭلۈڭنى بۇزما ئاپپىقىم، راست، قەلبىڭنىڭ تېرەن قاتلىمىدىكى ئوتلۇق مۇھەببەتنى چۈشىنىمەن.
ياق دېگىنىڭ راست دېگىنىڭدەك، مانا بۇ يەردە، بۇ يەردە كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان نۇمۇسچان قىز يوق، ناتىۋانلىق ئەخلاقنى كۆرگىلى بولمايدۇ.
بۇ يەردە ئىنسانلار قەلبىدىكى كۈچلۈك سادا، قايناق ھېسسىيات، جۇشقۇن ناخشا، غالىب جەڭگىۋارلىق شېرىن ئۇيقۇدا.
روھ ۋە قاندىن ئاپىرىدە بولغان گۈزەل شېئىر، گېنىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن يارقىن مۇزىكا يوق، شائىرلارنىڭ قەبرە تېشىدا

ئوت كۆيۈۋاتىدۇ.

بۇ يەردە ئۇلۇغلار نامىنى ياد ئېتىش، ئالدىدا ئۆتكەنلەرنى سېغىنىش ھەممىسى گۇگۇم ئىچىدە، ئەقىدىمۇ پالەچ، سۆيگۈ تەرك قىلىنغان، بەختىنىڭ گۇللىرى ئۆز دەرياسىنىڭ ساھىلىدا قۇرۇپ قالغان، ساختا مۇھەببەت ۋە يالغان ئىستەك تارقالغان. قارىلىق، نىجاسەت ئۇشبۇ ئادەملەرنىڭ كۆڭلىگە بۆسۈپ كىرگەن.

بۇ يەردە قۇش چاڭگىلىرى جىــــــمــــــپ كەتكەن، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىۋىرلاشلىرىمۇ سۇكۇتكە چۆمگەن.

مەن ھەممىسىنى كۆردۈم. ئۆلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ھەممىنى كۆرۈۋاتىمەن. كۆرۈشنىڭ «گۇناھ» ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتسەممۇ يەنە كۆرۈۋاتىمەن.

ئەزىزىم، قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالدى، سەرەڭگىنى ئېلىپ چىقىپ پەنەرگە ئوت ياق. بىز بۇگۇنكى چىغىر يول بىلەن دەرياغا بارايلى.

ئىلاھ ئۆكۈنگەن ۋە ئازابلانغان ھالدا بىزگە ئاق يول تىلىسۇن. ئىشىكنى قويۇپ پەنەرگە ئوت ياق ئەزىزىم.

## لەنىتى

چىرايىڭ سارغىيىپ كېتىپتۇ. قەلبىڭنىڭ ئۇنىسىز ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. نېمىشقا يەرگە قاراپ يىغلايسەن.

ئۇ لەنىتى سېنى يەنە ئەيىپلىدىمۇ، ئۇ نېمە ئۈچۈن سېنى ئەيىپلەيدۇ.

مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق ئىدى. بىز ئىككىمىز قولتۇقلىشىپ كىرگىنىمىزدە ئۇ فاكۇلتېت بىناسىنىڭ پەشتىقىدا بىزنى كۆرگەن. شۇ چاغدىكى ئۇنىڭ چىرايى گويا ئەمدىلا كېزىكتىن قوپقان ئادەمنىڭ چىرايىدەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ سېنى ئەيىپلىشىدىكى سەۋەب شۇ ئىكەن ـ دە؟ ئۇ نېمىدېگەن دۆت ـ ھە!

دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنى كەتمەندە توپا تاشلاپ توسالارمۇ؟ خۇدا قوشقان مۇھەببەتنى ئۇ ئايرىۋېتەلەرمۇ؟

سۆيۈملۈكۈم، ئۇ نىيىتى بۇزۇقنىڭ نېمىنى كۆزلەۋاتقىنىنى بىلىمەن. ئۇ كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىنى خەسلەشتۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئىنستىتۇتتىكى ساۋاقداشلار ۋە باشقا ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلار ئالدىدا ئانچە تىلغا ئېلىنمايدۇ. ئۇنىڭ «كۆيدۈرگە»، «سۇخەنچى» دېگەن چىرايلىق ناملىرى مەكتەپ ئوبۇرنىلىرىنىڭ تاملىرىدا مەشھۇر.

بىز دەريا ساھىلىنى، يېشىل كۆنچى كوچىسىنى ئايلىنىپ كەلدۇق. بۇمۇ ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئىشمۇ؟

بىز مۇھەببەت توغرىسىدا، كەلگۈسى تۇرمۇش، گۈزەل ھايات ھەققىدە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سۆزلەشتۇق، ئىزغىرىن شاماللارغا

قوشۇلۇپ شېرىن سۆيگۈ ناخشىلىرىنى ياڭراتتۇق. سۆيۈش، مۇھەببەتمۇ ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەيىپلىكمۇ؟ بىزنىڭ يوللىرىمىز ئۇنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولامدۇ؟

دەرۋازا يېنىدا ئۇنى كۆرۈپ، قوشۇمام تۈرۈلدى. بىراق، ئۇنداق نەزىرى پەس، روھى يالاق، قەلبى نىجاسەت ئادەملەر بىلەن تەڭ بولۇشنى راۋا كۆرمىدىم. ئۇنداقلار بىلەن دۇئېلغا چۈشۈش مەزلۇم ئاياللار بىلەن چېلىشقانغا ئوخشاش بىر ئىش - دە!

سۆيۈملۈكۈم، سەن ئۆزۈڭنى قورشاۋ ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلىۋاتامسەن؟

ئۇ نېمە دېسە دەۋەرسۇن، نېمە قىلسا قىلىۋەرسۇن، ئۇنىڭ پىچىقى ھەرقانچە ئىتتىك بولسىمۇ ھېچنېمىنى كېسەلمەيدۇ. ھاياتتىكى ئۇنچىكى تۇسالغۇلارنى پەرۋايىمىزغا ئالمىغىن، ئۇ قاۋاپ - قاۋاپ قالامدۇ، غاجاپ - غاجاپ ياتامدۇ!

مەن سېنى چاقىرغاندا ھېچ ئىككىلەنمەيلا چىقىۋەر. كەينىمىزدىن گەپ قىلغۇچىلار خاتىرىلىرىگە بىز ھەققىدە يېزىقىدىن يېڭى توقۇملارنى توقۇسۇن.

مېنى چەكسىز مۇھەببەت بىلەن سۆيگەنلىكىڭنى ئۇ بىلىدۇ.

ۋاھ، لەنىتى ئېشەك، ئۆز ئىززەت - ئابرۇيىنى ساتقۇچى ئەبلەخ، بىز ئاشۇ مىليون خەلق قاتارىدا كەلگۈسىمىز، پەرزەنتىمىز ئۈچۈن ماكان قۇرساق نېمە بوپتۇ؟

كەل ئاپپىقىم، بىز توي قىلايلى!

# سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ

## 1

سەن بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان كۈنى، مەن سېنىڭ ئىشىكىڭنىڭ بوسۇغىسىدا ئىدىم. يىم يېپىلغان ئىشىكىڭنىڭ يوچۇقىدىن تەشنالىق بىلەن قارىدىم. سەنمۇ ئاق يۆگەك بىلەن بۆشۈكۈڭدە يېتىپ مەن تەرەپكە قارىدىڭ. بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ئۆزئارا ئۇچراشتى.

بىز بىر يەردە چوڭ بولدۇق. قول تۇتۇشۇپ مەكتەپكە بارغىنىمىز، تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ساھىللار ئارا ئوينىغىنىمىز باللىق ھاياتىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك ئۇنتۇلماس خاتىرىسى.

سەن تېزلا كۆزگە كۆرۈندۈڭ. سەنئەتكارلار ياراتقان نەپىس سەنئەت بۇيۇمىدەك كىشىلەرنى ئۆزۈڭگە تېزلا جەلپ قىلىۋالدىڭ.

سەن كۈندىن ـ كۈنگە غۇنچىدەك ئېچىلدىڭ. تەبىئەت، سەرخىل جاۋاھىراتلار سېنى يېپيېڭى ياساندۇردى. ھۆسنى ـ جامالىڭ ۋايىغا يېتىپ تېخىمۇ گۈزەللەشتىڭ.

بىز ياشلىق دەرۋازىسىنىڭ بوسۇغىسىغا يېتىپ كەلدۇق. يۈكسەك ئارمانلار ئەۋج ئۇرغان، ئۇلۇغ ئارزۇ ـ ئىستەكلەر يوشۇرۇنغان، ئىنسان ئەقىل ـ پاراستى چېچەك ئاچقان ياشلىققا قەدەم تاشلىدۇق.

سەن تېخىمۇ رەڭدارلاشتىڭ، مەنمۇ سەگەكلەشتىم، بۇرۇتلىرىم خەت تارتتى.

سەن باللىقتىكى شېرىن خىيال، گۆدەكلىكىڭنى كەينىڭگە

چۆرۈپ تاشلىدىڭ. مېنىڭمۇ يۈرىكىم ئويغاندى، روھـــم دەرد تارتتى.

بىزنىڭ قەلبىمىزنىڭ ئىلگىرىچىكىگە مۇھەببەت يىپى باغلىنىپ قالدى.

بىز شېرىن مۇھەببەتنىڭ ھەرخىل گۈللىرىدە بېزەلگەن گۈزەل دۇنياغا ئۆزىمىزنى تاشلىدۇق.

## 2

سېنى ئىزدەپ باردىم. داداڭ مەيدەمنى ئىتتىرىپ ئۆيۈڭدىن چىقىرىۋەتتى.

مەن بىز تۇنجى رەت سۆيۈشكەن ساھىلنىڭ قىرغىقىدا سېنى ئۇزاق ساقلىدىم، سەن كەلمىدىڭ. تەنھالىق ھەم روھىي غېرىبلىق ئىچىدە سېبىنىڭ بۇ يەرگە، مېنىڭ قېشىمغا كېلىشىڭنى كۈتتۇم.

گۇگۇممۇ چۈشتى. قۇياشنىڭ ئاداقى نۇرلىرى دەريا بويىنى سۆيۈپ قويۇپلا غايىپ بولدى. مەن يۇلتۇزلارنىڭ يارقىن چىرايىغا تىكىلىپ غايىبانە ۋاقتىمنى ئۆتكۈزدۈم.

سۇبھى سۇزۇلدى. قۇياش نۇرىمۇ قۇمۇشلۇقنىـــڭ تۇۋىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ يىراقلارغا كەتتى. مەن ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم. غېرىب كۆلبەمدە ھېچنەرسە ۋە ھېچكىمشى يوق ئىدى. ئۆيۈم گويا قەبرىدەك غېرىب بولۇپ قالغانىدى.

مەن ئۆيۈمگە قايتىپ كەلگەن ئاشۇ كۈندىن تارتىپ سېنى قايتا ئۇچراتمىدىم.

## 3

ماينىڭ يىگىرمە بەشى، سەن تۇغۇلغان كۈن. سەن بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان ئاشۇ كۈنى مەن ئىشىكىڭ ئالدىدا ئىـــدىم. سەن

تۇغۇلغاندا ھەممىدىن بەكرەك خۇشال بولغىنى مەن دېسەم بەلكىم ئىشەنمەيسەن. ئىشەندۇرۇش ھەم ئانچە مۇھىم ئەمەس. ئىشقىلىپ شۇ كۈنى سەھەرگىچە كىرپىك قاقماي چىققىنىم ئۆزۈمگە ئايان.

بۈگۈنمۇ دەل سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ. سېنىڭ قايسى قىرغاقتا ئىكەنلىكىڭنى بىلمەيمەن. ئەينى چاغدا تېرىۋالغان گۈللىرىمدىن بىر دەستە قىلىپ، كونىراپ كەتكەن لوڭقامغا سېلىپ قويدۇم. يىگىرمە ئىككى تال شامنى كۈجە ئورنىدا ئەبجەق كارىۋتىمنىڭ ئەتراپىغا تىزدىم. ئۇ گويا مېنىڭ تۈنۈگۈنۈم ھەم بۈگۈنۈمدەك كۆيۈۋاتىدۇ.

خاسىيەتلىك چۈشلەر ئۆتۈپ كەتتى. شېرىن دەقىقىلەرنىڭمۇ يىلتىزى قۇرۇمىدى. بىراق، ئەزىزىم، سېنىڭ قايسى قىرغاقتا ئىكەنلىكىڭنى بىلمەيمەن.

ئۈمىد بار يەردە ھايات بار، ھايات بار يەردە مامات بار. بىز تېخى ماماتلاشمىدۇق.

كوچىدا يامغۇر يېغىۋاتىدۇ. مەن دېرىزەمدىن سىرتقا بىر خىل مەيۈسلۈك ئىچىدە قارىدىم. سېنىڭ بىلەن مېنىڭ يامغۇرلۇق كوچىدا ھېچنېمىنى پەرۋايىغا ئالماي ھېلىقى تاش ئورۇندۇق بار كونا جايغا كېتىۋاتقانلىقىمىزنى كۆردۈم. يۈرىكىم تىترەپ كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ماس كەلگەن گەۋدىسىگە قارىغىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. ئۇلار ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىپ بولدى.

پەرىشتەم، مەن ئىككىمىزنى — سەن بىلەن مېنى نەگە بارسام ئۇچرىتىپ تۇرىمەن. بىزنىڭ مۇقەددەس مۇھەببىتىمىز بىز ماڭغان بارلىق يوللارنىڭ قىرغاقلىرىغا گۈل بولۇپ ئۈنۈپتۇ. مەن ئۇ گۈللەرنىڭ ھىدىنى ئەينەك قۇتىغا قاچىلاپ قويدۇم.

سېنىڭ قايسى قىرغاقتا ئىكەنلىكىڭنى بىلمەيمەن. بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنۈڭدە، سەن مېنىڭ يېنىمدا.

بىز بىللە ئوينايدىغان چاغلارنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى مانا مۇشۇ سۆيۈملۈك دەقىقىلەردىلا ھېس قىلدىم.

# بەخت دەرىخى

خېلى يىللار ئىلگىرى ئايرىلىپ كەتكەن سۆيۈملۈك مەھبۇبەم بىلەن دېڭىز ساھىلىدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ خۇددى مەن بۇرۇن سۆيگەندەك شوخ، جانلىق چىرايلىق تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ياشلىق باھارىمىزدىكىدەك ئوتلۇق كۆرۈشتۇم. ئۇ مېنى ئۇزاق قۇچاقلىغاندىن كېيىن: «بىزدە تېخىچە ئۈزۈلۈپ كەتمىگەن بىر سۆيگۈ يىپى مەۋجۇت ئىكەن» دېدى. ئۇنىڭ چىرايلىق، نۇر يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ: «بىزدە ئۇ يىپ مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدۇ» دېدىم.

بىز دېڭىزنىڭ گۈزەل ساھىلىدا ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىق ھاياتىمىز ئۈستىدە توختالدۇق. ياشلىقتىكى سەۋەنلىكلەرنى قايتا تەكرارلىمىدۇق ھەم ئۇ كۈنلەرگە سالۋات دېدۇق.

بىز كېتىۋاتىمىز. ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا بەخت دەرىخىنى قايتا ئاپىرىدە قىلدۇق. بۇ يېشىل دەرەخ بىزنىڭ بۈگۈنكى ھاياتىمىزنىڭ ئەڭ جەڭگىۋار ۋە بۈيۈك ناخشىسى.

بىز كېتىۋاتىمىز. دېڭىزدا، يېگانە قولۋاق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ھايات دولقۇنلىرىنىڭ دەھشەتلىك قايىنىمىدا مەغرۇر كېتىۋاتىمىز.

بىز كېتىۋاتىمىز. بىزنىڭ ئارمىنىمىز، بىزنىڭ غايە، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىمىز بىزنى كۈتۈۋاتىدۇ. بىز ئاشۇ ئارمان بوستانلىقىنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمىز. «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس»، «ئىش ئۈملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە» دېيىشىپ، بىر ئېتىقادنىڭ كۈچى بىلەن بىز مەڭگۈ قول تۇتۇشۇپ ئالغا باسىمىز.

# سۆيگۈ مەكتۇپلىرى

ئەگەر ئالسا بۇ كۆڭلۈمنى ئاشۇ شىراز جانانى،
بېرەتتىم قارا خالغا سەمەرقەنت ھەم بۇخارانى.
— ھاپىز شىرازى

1

تۈن يېرىملاشتى، ھايات ئۇچۇن كۆرەش قىلغۇچىلارنىڭ دېرىزە پەردىلىرى چۈشۈرۈلدى. نامراتلارمۇ ئىشىكلىرىنى يىم يېپىشتى. ساھىللارمۇ كۈنچى بۇلۇڭلاردىن پاناھلاندى.

ئالەمدىكى ماي بوياق رەسىم تېخى چالا ئىدى. رەڭگە چىلانغان موي قەلەمنىڭ تال - تال چاچلىرىغا قايغۇ ئارىلىشىپ كەتكەندەك، شۇنچە غېرىب ھەرىكەت قىلاتتى. مەن قولۇمدىكى ئىشنى تاشلاشنى راۋا كۆرمىدىم. تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ باردىم.

سەۋر ماڭا بۈيۈك ھاياتنى سۆيدۈردى. مەن مەڭگۈلۈك سۈكۈت بولمىغان تەنھا ئۆيۈمدە مۇھەببەتتىن باشقىنى ئىزدىگىنىم يوق. ناخشىغا ئوخشاش ساپ سۆيگۈ مېنىڭ ھەربىر تىنىقىمدىن گۈل بولۇپ تۆكۈلىدۇ.

ئەي مېنىڭ ئۇماق كەپتىرىم، مەكتۇپنى ئالغاچ كەت!
سېنى سۆيىمەن ئامرىقىم، پەقەت سېنىلا سۆيىمەن.

2

مەن سەندىن: «سىنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا نېمە بار» دەپ سورىغىنىم ھېلىھەم ئېسىمدە، سەن ماڭا بالىلارچە تەلمۈرۈپ: «مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ئازابلىق قان، ھەسرەتلىك كۆز ياش بار» دەپ جاۋاب بەرگىنىڭنى ئەسلەيمەن. مۇبادا، ئۇ قايغۇلار سېنىڭدە راستلا بولسا، ئۇ مېنىڭ ئازابىم، كۆز يېشىم، مېنىڭ دەرد ـ ئەلىمىم.

مەن ھاياتىمنىڭ باش ـ ئايىغىنى سېنىڭ قۇچىقىڭدا ئاشكارا قىلدىم. ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇت پارچىلىرىدىن دالىلارغا يامغۇر تۆكۈلگەندەك، مەنمۇ ساڭا ھەممىنى، ھەممىنىلا بەردىم.

يىغلامسىرىغان كۆزلىرىڭنىڭ قارىچۇقلىرىدا، قەلبىڭنىڭ ئاھۇ ـ زارلىرىنى كۆرگىنىمدە، ھەممە يەر ماڭا قاراڭغۇ بولۇپ تۇيۇلدى. رەزىللىك ئىچىدە ھايات كەچۈرۈۋاتقىنىڭنى دېمىسىمۇ ھەممە يەر رەزىللىك تۇزانلىرىغا تولۇپ كەتتى. چاقناپ تۇرغان گۈزەللىك، پارلاپ تۇرغان سۆيگۈ ئۆچۈپ كەتتى.

سۆيۈملۈكۈم، بىز مۇشۇ ئازاب ئىچىدە ھەممىنى يېڭىشىمىز كېرەك. بىز قويغان دەرەخنىڭ مېۋىلىرى ھامان پىشىپ يەرگە چۈشىدۇ، گېزى كەلگەن ھايات دېگەننى ئالقانغا ئېلىپ، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئاشۇ دولقۇنلۇق دەرياغا قويۇپ بەرگۈلۈك.

سېنى سۆيىمەن ئامرىقىم، پەقەت سېنىلا سۆيىمەن.

3

ئۇخلاپ قالغىنىمدا كۆرىدىغىنىم پەقەت چۈش، ئويغانغاندا كۆرىدىغىنىم ئازاب.

مەن سېنى سۆيگەنلىكىم ئۈچۈن ئازاب ئىچىدە ياشايمەن. سېنىڭ روھىڭ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ھەسرەت بولۇپ مېنى قىينايدۇ. مەن ئاۋات بازارنىڭ دوقمۇشىدا تۇردۇم. بىر ساھىل ماڭا قولىنى

ئۆزاتتى. مەن ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە بېرەلمىدىم، يانچۇقۇم قۇپقۇرۇق ئىدى. قەلبىمدىكىنى ئۇنىڭغا بېرىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مەن تېپتىنچ ئېقىۋاتقان دەريا ساھىلىدا ئولتۇردۇم. دەريا سۈيى قەغەزدىن ياسالغان كىچىك كېمىلەرنى نەلەرگىدۇر ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇ سەندىكى نەرسىلەرنى نەگىمۇ ئېلىپ كېتەلىسۇن.

چىغىر يولدىكى ئەگرى - توقايلىقنىڭ قەيەردە تۈگەيدىغانلىقىنى بىلمىدىم. كېتىۋاتىمەن، كىشىلەر مېنىڭ نەدىن كېلىپ نەگە كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيدۇ. ھايات تېپىشماقلىرىنى ھەربىر باسقان قەدىمىمدە كۆرۈۋاتىمەن. كېچىدىكى ھاياتنىڭ كۆرىدىغىنى پەقەت يۇلتۇزلارنىڭ نازۇك تىترەشلىرى بىلەن ئاينىڭ ئەلەملىك شۇئىرلىشى.

چۆچۈپ ئويغاندىم، ناخشىلىرىم سۇمبۇل چاچلىرىڭدا ئويناۋاتىدۇ، مېنى قۇچىقىڭغا ئال جېنىم، قۇچىقىڭدا جان بېرىش مەن ئۈچۈن خۇشاللىق.

سېنى سۆيىمەن ئامرىقىم، پەقەت سېنىلا سۆيىمەن.

4

نامراتلىقتىن ھالىمدىن كەتتىم، ئۇستىۋېشىمدىكى جۇل - جۇل كىيىملىرىمنى سەندىن يوشۇرالمايمەن.

سەن بۇ دۇقمۇشتىن ئۆتكىنىڭدە ساڭا ھەممىدىن بەكرەك دىققەت قىلىدىغىنى پەقەن مەن. سەن مېنىڭ مۇزدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايىمغا قاراپمۇ قويماستىن ئۆتۈپ كېتىسەن. مەن تاكى سېنىڭ قاراڭ يىتكۈچە قاراپ تۇرىمەن.

نامراتلىقىم ئۆزۈمگە ئايان، ئاشخانا ئوچىقىغا ئوت قالاش، چېنە - قاچا يۇيۇش، كاۋاپ پىشۇرۇش. . . بۇ چىرايلىق كىيىمگە نىقابلانغان ئاشۇ ھايۋان مىجەز ئىپلاسلارنىڭ سەلتەنەت تۇرمۇشىدىن

كۆپ ئۇلۇغ.

مەن پەقەت ئۆزۈملا ئۈچۈن ماڭمايمەن. مەن مېنى سۆيگەن كىشىلەر ۋە ئۆزۈم سۆيگەن ئادەملەر ئۈچۈن ياشايمەن. تەڭرى مېنى سۆيۈپ ئاپىرىدە قىلدى، مەنمۇ ھاياتلىقنى سۆيۈپ ياشايمەن.

كەچ كىردى. مەن يەنە سېنى ساقلاۋاتىمەن. سەھەر يۇلتۇزى ئۈستۈمدىلا پارلاۋاتىدۇ، دېرىزە كۆزنىكىدىن كارىۋىتىمغا كۈمۈش شولا چېچىۋاتىدۇ.

ئاپپىقىم، سېنى ھەقىقىي سۆيگەچكىلا قەلبىمدىن چىقارغۇم كەلمەيدۇ.

كەلگىن، ۋاقتىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتمىسۇن.

5

مەن دېرىزە تۈۋىدە تۇرۇپ «كەلگىن جېنىم» دېگەن ناخشاڭنى ئاڭلىدىم.

دەريانىڭ شاۋقۇنىمۇ، قۇشلارنىڭ سايرىشىمۇ خۇددى سېنىڭ ناخشاڭنىڭ ئۆزى. ئىزغىرىن شامال دېرىزە ئەينەكلىرىنى چېكىپ يېقىملىق كۈي ئۆي ئىچىگە ئەنبەردەك تۆكۈلگەندە ئۇ سېنىڭ ناخشاڭنى ئەسلىتىدۇ.

ناخشاڭنىڭ يۈرىكىم قاتلىمىغا چوڭقۇر كىرىپ، ئۇماق پەپىلەشلىرى ئارقىلىق ھاياتىمنى ئويغاتقانلىقىنى ئەمدىلا بىلدىم.

سەن ناخشا ـ كۈيلىرىڭنى گەرچە توختاتمىغان بولساڭمۇ ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىكى كونا ئۆستەڭ بويىدىكى قارا سۆگەت يېنىدا تۇرۇپ ياش تۆكۈۋاتىسەن. بۇ ئۆستەڭ سۈيىنىڭ نەدىن كېلىپ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەن. باھار گۈللىرىنىڭ ۋاقىتسىز سولاشقىنى، يوپۇرماقلارنىڭ سارغايغانلىقى ھەرگىزمۇ ئۆلۈمدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ناخشاڭ ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن قوزام، ماڭا يىراقتىن بولسىمۇ مەڭگۈلۈك ناخشىلارنى ئېيتىپ بەر، مەن

قايغۇلىرىمنى ئۇنتۇپ قالاي.

6

سەن بۈيۈك مۇھەببەت بىلەن پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىق ياراتتىڭ.
ئۇ بايلىقلار بولسا سېنىڭ ئىپپىتىڭ، غۇرۇرۇڭ... سەن شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىرلىنىشكە، سۆيۈشكە ئەرزىيسەن.
مەن سېنى سۆيىمەن ئەزىزىم، پەقەت سېنىلا...

7

بۇ يەردە نېمە بار؟
بۇ يەردە مەن بار جېنىم، بۇ يەردە ئازاب ھەم تراگېدىيە بار.
ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكىڭنى بىلىمەن. سەن ماڭا تەسەللىي ھەم ئىچ ئاغرىتىش ئېلىپ كەلدىڭ، بۇ مەن ئۈچۈن بىر مەسخىرە.
بىچارىلەرچە قارىغىنىڭدىن زېرىكتىم، مېنى ئىچ ئاغرىتىپ سۆيگەنلىكىڭدىن تېخىمۇ نەپرەتلەندىم.
بۇ يەردە مەن بار ئاپپىقىم، پەقەتلا مەن بار. ناۋادا مېنى ئىزلەپ كەلسەڭ، ماڭا چوڭقۇر مۇھەببەتتىن سۇغۇرۇلغان جەڭگىۋار سۆيگۈ ئېلىپ كەل. مەن ئۇنى سېنىڭ ماڭا بەرگەن تۇنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى قەلبىڭ دەپ قوبۇل قىلاي.
بۈگۈن مېنى ئىزدەپ كەلمىدىڭ. گەرچە بۈگۈن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ بىز يەنە كىچىكمەيمىز. مۇھەببەت ۋە سۆيۈشتە مەڭگۈ كېچىكىش مەۋجۇت ئەمەس.
سەن مېنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سۆي. بۇ سۆيۈش مەن ئۈچۈن سۆيۈشلەر ئىچىدىكى ئەڭ بۈيۈك سۆيۈشتۇر.

## 8

بىر دەقىقىمۇ توختاپ قالمىسام دەيمەن، قەدەملىرىمدىن گۈللەر چېچىلىپ تۇرسا، گۈزەل ناۋالار ئېغىزىمىزدىن تۆكۈلۈپ تۇرسا، مۇھەببەت گۈللىرى ھەممە يەردە ئېچىلىپ تۇرسا...

تىرىكلىكىم ئۆزۈمگە ئايان، يوللىرىمدا ئەپلەپ يۈرىمەن. كۆزۈمنىڭ قارىچۇقلىرىمۇ ساق، ئۇنىڭمۇ كۆرۈۋاتقىنى كۆپ، تىلىممۇ كەمتۈك ئەمەس، ئۇمۇ تەلۋىلەرچە سۆزلەپ يۈرىدۇ.

بارلىقىم، ئۈمىد - ئارزۇيۇم، چەكسىز سۆيگۈ - مۇھەببىتىم ھەمىشە ئۇن - تىنسىز ھالدا ساڭا تەلپۈنىدۇ.

دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتتۇم. سېنىڭ ئۆيۈڭ دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قورغاننىڭ ئىچىدە. ئىشىكنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيمەن.

يۈرىكىم سېنى سىرلىق قەسىرىڭنىڭ تاملىرى يېرىلغۇدەك چاقىرۋاتىدۇ.

كۆڭلۈڭدىكى سىرىڭنى يوشۇرمىغىن، قەلبىم سېنى چۈشىنىشكە نەقەدەر تەشنا - ھە!

سېنى سۆيىمەن، پەقەت سېنىلا...

## 9

مەيلىڭ بولمىغان مۇھەببەت ئۇچۇن بەدەل تۆلىمە، مەيلىڭ بولمىغان كۈلكىنى زورمۇزور كۈلمە، مەيلىڭ بولمىغان ناخشىنى ئېيتما، مەيلىڭ بولمىغان يولنى ماڭما.

ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ھاياتلىقتىكى ئالدىراقسانلىق كىشىگە بەخت ئېلىپ كەلمەيدۇ.

ئادەملەرنــــى چۈشەن، كەمتەر ھەم ئېھتىــــياتچان بول. ئەتىرگۈللىرىڭنى ياخشى ئادەملەرگە بەر، ياخشى ئادەملەر گۈللەرنى ئۆز قەلبىدە ئەھيا قىلىدۇ. گۈللىرىڭ نامەرت، تۈزكورلارنىڭ ئايىغى بولۇپ كەتمىسۇن.

ھاياتنى سۆي، ھاياتىڭ، قىزغىن ئارزۇ ـ ئارمىنىــــڭ، كۈچلۈك ئىستەكلىرىڭ ئۇلۇغ بولسۇن، دۇنيانىڭ ئىشلىــــرىغا ئىنچىكە قارا.

ئەي مېنىڭ ئاي يۈزلۈك گۈزىلىم، سەن ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ئىچىدىن ئۆزەڭگە كېرەك بولغان نەرسىنى ئىزدەپ تاپالىغىنىڭدا ئۆز ـ ئۆزۈڭدىن سۆيۈنگىن.

10

قاچان ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. غۇربانە ئۆيۈمنىــــڭ دېرىزىلىرىنى بىر كىملەر چەككەندەك قىلدى.

قۇشلارنىڭ سايراشلىرىنىمۇ غۇۋا ئاڭلىدىم. تولىمۇ يىراقتىن بىر تىۋىش كېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

ئۇخلاۋەردىم. قوشنىلىرىمنىڭ بىرەرسى كىرىپ ئويغۇتۇپمۇ قويمىدى. كۈننىڭ چۈش بولۇپ كەتكىنىنى بىلسەممۇ ئورنۇمدىن تۇرمىدىم.

بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى. كۆزۈمنى ئاستا ئېچىپ قارىۋىدىم ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. مەن شۇ چاغدا ئىشىكىمنىــــى بورانىنىڭ ئېچىۋەتكەنلىكىنى بىلدىم.

كوچىدىكى ھەممە ئاۋاز كىچىككىنە ھۇجرامغا ئۇسۇپ كىردى. مەن گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئىسسىق ئورنۇمدىن مىدىرلاپمۇ قويماي يېتىۋەردىم. كۆز قارىچۇقلىرىمدا ئۇيقۇ تېخى كەتمىگەنىدى.

بىر چاغدا قىزلارنىڭ ئۈنىدەك يېقىملىق بىر ئاۋاز قۇلاق تۈۋىمدە ياڭرىدى. ئۇ بىر قىزنىڭ چېلىۋاتقان نەي ساداسى ئىدى.

ئۇ نېيىنى يېنىمدىلا چالدى. مەن پۇتۇنلەي ئويغاندىم. نەي ساداسىنىڭ ياڭراق دەۋەت قىلىشلىرى ئىچىدە مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

سېنى سۆيىمەن ئاپپىقىم، پەقەت سېنىلا. . .

## 11

كېتەر ۋاقتىم بولۇپ قالدى. ئەڭ ئاخىرقى ناخشامنى ئېيتىپ تۈگىتەي، سەن بالىكوندىكى كەپتەرلىرىڭ بىلەن بىرگە مەن تەرەپكە ئۇچۇپ كەل، بۇ يەرنىڭ ئاسمىنى سېنىڭ ئۆگزەڭگە تۇتىشىدۇ.

ناخشام تۈگەيلا دەپ قالدى. كۆز ئالدىمدا ھەممە نەرسە غايىپ بولۇۋاتىدۇ، دەرەخ يوپۇرماقلىرىمۇ سارغىيىپ يەرگە چۈشتى.

مەن سېنىڭ چىرايىڭنى ئاخىرقى قېتىم بىر كۆرۈۋالاي. ئېگىلىپ تازىم قىلاي، ئېغىر يۈكۈڭنى ئۆشنەمگە ئارتىپ سېنى ئاسارەتتىن ئازاد قىلاي.

مەن قەلبىمدىكىنى بىرلا، پەقەت بىرلا ئادەمگە بېرىشنى ئەڭ لايىق تاپتىم.

## بەخت

مەن ھايات سەپىرىمدە مۇنداق بىر ئىشقا دۇچ كەلگەنمەن. بىر كۈنى بوغچا كۆتۈرگەن بىر ئايال ئىشىكىم ئالدىدىن ئۆتتى. مەن ئۇنىڭدىن:

— نەگە كېتىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدىم.

— ئېرىمدىن ئاجرىشىپ كەتتىم، ئۆز ئانامنىڭ قەشىرىگە كېتىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ.

— ئېرىڭىزدىن نېمىشقا ئاجرىشىپ كەتتىڭىز؟ — سورىدىم مەن يەنە.

— بەختكە ئېرىشەلمىدىم، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ.

— ئېرىڭىزنىڭ تۈگىمەس بايلىقى بار ئىدىغۇ، — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ.

— بەختكە بايلىق بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدىكەن، — دېدى ئۇ. ئاندىن ئۆز مەنزىلىگە قاراپ كۆز ئالدىمدىن يىراقلاشتى. مەن ئۇنىڭ قارىسى يوقتۇغىچە قاراپ تۇردۇم.

بىر مەزگىلدىن كېيىن، يىراق تاغلىق يېزىدىكى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە بولدۇم. ئۇ ئىنتايىن نامرات بولۇپ، ئۆي بىساتلىرىمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ساداقىتى بىلەن ئايالىنىڭ مېھرىبانلىقى قوشۇلۇپ، بۇ ئۆيىنى بەئەينى بەخت ئوردىسىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. مەن ھەيرانلىق بىلەن كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلاپ قايتا نەزەر سالدىم. بەخت ئىچىدە ياشاۋاتقان بۇ ئايال مەن بىر چاغدا كۆرگەن ھېلىقى «بەختسىز» ئايال ئىدى.

# مۇزىكا

ھاياتىمنىڭ ئالتۇن پەسلىدە مۇزىكا مېنى ئۆزىگە ئەسىر قىلدى. ئۇ ماڭا ئۈمىد يۇلتۇزى بولۇپ، ئۈستۈمگە ئۆزىنىڭ رەڭدار شولىسىنى چېچىپ، روھىمغا روشەنلىك بېغىشلىدى. مەن ئاشۇ بەختنىڭ زەڭگەر دالاسىدا ئەتراپنى ئايلىنىمەن. . .

مەن يېشىل مەخمەلدىن لىباس ئارتقان بىپايان، زۇمرەتتەك دالىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇپۇقنىڭ چەكسىز ئېقىمىدا بىر نۇر پەيدا بولدى. ئۇ نۇر ئاستا ـ ئاستا كېڭىيىشكە باشلىدى. مەن دالىغا قارىدىم، ئۇ يەردە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان بولۇپ، باھار ناخشىسى جەۋلان قىلماقتا ئىدى. مەن باھار تۇغۇلغان بۇ يەرنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ زەڭگەر ئاسماننىڭ جىمى جايلىرىنى كۆزەتتىم، جاھاننى مۇزىكا سادالىرى قاپلىغانىدى.

مەن سامادىكى بۇ ساناقسىز كۇيلەرنى ساناپ تۈگىتەلمىدىم. سۈكۈت تېنىمنى چىرمىۋالدى. مەن كۆز ئالدىمدا ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرغان روھىمغا سەپسالدىم ھەم ئاستا پىچىرلىدىم:

مۇزىكا — روھ

روھ — مۇزىكا. . .

# دادا، ئانامنى ئاسراڭ!

دادا، ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتكەن بالىلىق ھاياتىمنى دائىم سېغىنىمەن. ئۇ چاغلار بەختىنىڭ شېرىن پەيزىنى سۈرۈپ ئانام بىلەن سىزنىڭ ماختاپ ئەركىلىتىشىڭىزدىن باشقىنى بىلمەيدىغان بەخۇاش مىنۇتلار ئىدى. مەن باھارنىڭ خۇشپۇراق شاماللىرى يېزىمىزنىڭ جىمى جايلىرىغا چېچىلىپ، زېمىننى يېشىللىق پەردىسى ئوراپ، داللاردا گۈل - چېچەكلەر تەبەسسۇم قىلغاندا ھاياتنى گۈزەللىككە سۇغا قىلغان كېپىنەكنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم. ئۇ ھەربىر گۈلگە قونغاندا مەنمۇ شۇ گۈلنى پۇرىغاندەك شادلىق ھېسسىياتى قەلبىمدە جۇش ئۇراتتى. ئۇ رەڭدار قانىتىنى كېرىپ ئۆرلىگەندە مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پەرۋاز قىلغاندەك بولاتتىم. ئۇ سەھەردىن كۈن پاتارغىچە بىزنىڭ ئاشۇ دالىدا ئەركىن - ئازادە ئۇچۇپ گۈزەللىكتىن بەھرە ئالاتتى. مەن ئۇنىڭ ئاشۇنداق پەرۋازلىرىغا ئەجەپمۇ ھېرىسمەن بوپتىكەنمەن - ھە! ئۇ كەچ كىرگەندە كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپلا تۇرغان ئاقباش تاغنىڭ باغرىغا ئۇچۇپ كۆزىمىزدىن غايىپ بولىدۇ. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالىمەن. دادا، ئۇ تاغدا راستىنلا ئۇنىڭ دادىسى، ئانىسى، قېرىنداشلىرى بارمىدۇ؟ ئۇ ئەتىسى ئۇپۇق قىزارغاندا بۇ چەكسىز دالىغا يەنە كېلىدۇ...

دادا، سىز ماڭا دۇنيادا ھەرقانداق نەرسىنىڭ دادىسى، ئانىسى بولىدۇ دېگەنىدىڭىز. مەن شۇ چاغلاردا كېپىنەكنىڭ دادىسى، ئانىسى بارلىقىنى جەزىم قىلغانىدىم. ئۇلارنىڭ دادىسى، ئانىسىمۇ مېھرىباندۇ - ھە!

دادا، ئاپرېل ئايلىرىدا دائىم مېنى ئاي تولغان كېچىسى باغنىڭ ئارقىسىدىكى بېغىمىزغا سۇ ئاچقىلى ئاچىقىنىڭىزدا مەن ئېچىق ساقلىغاچ يۇلتۇز ساناپ ئولتۇراتتىم، سىز بولسىڭىز قوشنىمىزنىڭ بېغىغا سۇ ئېچىپ بېرىمەن دەپ بىر ـ ئىككى سائەت يوقاپ كېتەتتىڭىز، بىر چاغلار بولغاندا چۆچەكلەردە ئېيتىلغان ھېلىقى يەتتە باشلىق يالماۋۇز كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى ـ دە، سىزنى چاقىرسام قېشىمغا كېلىپ: «ئوغۇل بالا دېگەن باتۇر بولۇشى كېرەك» دەيتتىڭىز بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ. بىز باغ ۋە ئېتىزلىرىمىزغا ئەنە شۇنداق سۇ ئاچاتتۇق. بىر كۈنى كېچىدە بىر ئىت ئىككىمىزنى چۆچىتىۋەتكەندە سىز: «ھۇ، لالما» دەپ تىللىدىڭىز، مەن كۈلۈپ كەتتىم. نېمىشقا دېمەمسىز، سىز مەھەللىمىزدىكى بىشەم، خۇشامەتچى ئادەملەرنىلا «ھۇ، لالما» دەپ قوياتتىڭىز. شۇ كېچىسى ئۇ ئىتنىمۇ «لالما» دەپ تىللىغىنىڭىز مېنىڭ كۈلكەمنى قىستىدى.

دادا، بالىلىق بەڭۋاشلىقىم قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلارغا سىنچىلاپ قارىغانسېرى باشقىچە بولۇپ قالىمەن. ئانامنىڭ گېپىگە كىرمەي قوشنىمىزنىڭ كاتىكىدىن توخۇ ئوغرىلاپ ساتقانلىقىم ئۈچۈن سىزدىن قورقۇپ ئىككى كۈن ئۆيگە كىرمەي بالىخانىدىكى سامانلىقتا مۆكۈنۈپ ياتقاندا، سىز ۋە ئانام مېنى ئىزدەپ بارمىغان كەنت، يېزىلار قالمىغانىدى. قورسىقىم بەك ئېچىپ، ئۈچەيلىرىم تارتىشىپ كەتكەنلىكتىن ئوغرىلىقچە قازناققا كىرگىنىمدە ئانام مېنى تۇتۇۋېلىپ تازا ئۇردى. ئۇرۇپ بولۇپ مېنى قۇچاقلىغىنىچە ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، مەنمۇ يىغلىدىم. ئائىلىمىزگە، قوشنىلىرىمىزغا مالاللىق يەتكۈزۈپ قويغانلىقىمدىن پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي يەتكۈچە ئازابلاندىم. سىز شۇ چاغدا مېنى ئىزدەپ شەھەرگە كەتكەنىدىڭىز. قايتىپ كېلىپ مېنى كۆردىڭىزيۇ، ماڭا گەپ قىلمىدىڭىز، مەنمۇ گەپ قىلىشقا پېتىنالماي ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا شۈمشىيىپ ئولتۇردۇم. شۇ

كېچىسى مەن پەقەت ئۇخلىيالمىدىم. سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ غىپپىدە مەكتەپكە كەتتىم. مۇئەللىمدىن، ساۋاقداشلىرىمدىن كەچۈرۈم سورىدىم.

دادا، مەن شۇندىن بېرى ئۆزۈمگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، سىنىپ ۋە مەھەللىدىكى ئىلغار ئوقۇغۇچىلار بىلەن رىقابەت بەيگىسىگە چۈشىدىغان بولدۇم. بىرىنچى مەۋسۇمدە ئۇلارغا يېتىشتىم. مەۋسۇملۇق باھالاشتا ئەخلاقى ياخشى ئەمەس دېگەن سەۋەب بىلەن ئۇچتە ياخشى بولالمىدىم. بىراق، ئۈمىدسىزلەنمەي تېخىمۇ تىرىشقاچقا يىل ئاخىرىدىكى باھالاشتا ئىلغار ئوقۇغۇچى بولۇپ مەيدەمگە قىزىل گۈل تاقىدىم. شۇندىن كېيىن دۇنيادا قىيىن ئىش مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. ئوتتۇرا مەكتەپكىمۇ بىرىنچى بولۇپ تاللاندىم. سىز شۇ چاغدا پېشانەمگە سۆيۈپ قويغانىدىڭىز، ئاناممۇ يۈزۈمگە بىر نەچچىنى سۆيۈپ قويغانىدى. بۇ ئىشلار ماڭا غايەت زور ئىلھام بولدى. مەن يۈگۈرۈش سىزىقىدا ئالدىدا يۈگۈرۈپ ئالىي مەكتەپ دەرۋازىسىدىن بىرىنچى بولۇپ كىردىم ھەم پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، ۋەتەن، خەلقىمگە تۆھپە قوشۇشقا بەل باغلىدىم.

دادا، سۆيۈملۈك دادا، مېھرىبان ئانامنىڭ پەرىشتىدەك نۇرلۇق سىماسى كۆز ئالدىمدا دائىم قۇشتەك ئۇچۇپلا يۈرۈيدۇ. چۈشۈمدە ئۇنىڭ سىزگە چاي قايىنىتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، يىرتىلىپ كەتكەن چاپىنىڭىزنى پېشايۋاندا مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ ياماۋاتقانلىقىنى، ئوماق سىڭلىم، ئىنىلىرىمگە نان چىلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ئېغىلدىكى كالا - قويلارغا ھەلەپ ئېتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، يالغۇز ئولتۇرۇپ مېنى سېغىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «ئانا» دەپ بىر نەچچە رەت جۆيلۈپ كەتكىنىمنى سىز بىلمەيسىز... ئۇ نېمىدېگەن ئاددىي ھەم مۇقەددەس كۆرۈنۈشلەر - ھە؟

دادا، سىز ئورما ئورغاندا، تونۇردەك ئىسسىققا قارىماي باشاق تېرىپ، ھېرىپ ـ چارچاپ كەتسىمۇ سىزگە، ئۆكىلىرىمغا تاماق ئېتىپ بېرىۋاتقان، كەچتە ئورۇن تەييارلاپ ئۇلارنى يېشىندۇرۇپ، يۇيۇندۇرۇپ ياتقۇزىدىغان، سەھەردىن كەچكىچە ئىغىل ـ قوتانلاردىن چىقماي چارۋىلارنىڭ پېيىدا بولغان ئانامنى سېغىنىدىم. ئۇ ھېلىھەم ئاشۇ گۆدەك قېرىنداشلىرىمنىڭ كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇش بىلەن ئاۋارىدۇ؟

دادا، بەزى چاغدا ئانامغا ئورۇنسىز كايىپ قالىسىز، ئۇنىڭغا بىھۇدە ئازار بەرمەڭ دادا! ئۇ ئائىلىمىزنىڭ شامى، بىزنىڭ بەختىمىز، سىزنىڭ بۇگۈنكىز ھەم كەلگۈسىڭىز. ئۇنى يەتتە قەۋەت كۆرپىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويسىڭىزمۇ ئۇ ھەرگىز ئولتۇرمايدۇ، يەنىلا بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن باۋاش كالىدەك خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ ئاجايىپ سېھرىي كۈچكە ئىگە پەرىشتە، سىز ئۇنى ئاسراڭ، دادا! ئۇ سىزنىڭ كەلگۈسىڭىز...

# ئوقۇتقۇچى ۋە مەن

ئاشۇ سەلتەنەتلىك يۈكسەك قەسىردە، ئالتۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بۇ دۇنياغا مۇھەببەت، ئەقىل نۇرى چېچىۋاتقان ئاشۇ كەمتەر كىشى — ئوقۇتقۇچى.

مەن قاتتىق تاشلىق خاتىرە دەپتىرىمنى ۋاراقلاپ پىلاتون ۋە ئارستوتېلنى كۆردۈم. ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ يىراقتىكى بۈيۈك ئۇستازى. ئۇلارنىڭ سىيماسى ھېلىھەم قەلبىمىزنى نۇرلاندۇرۇپ كەلمەكتە. مەن ئۇلارنىڭ روھىنى بۇ مۇقەددەس زېمىندا كۆردۈم. ئۇ روھ بىزگە ئويغاقلىق ئاتا قىلماقتا.

مەن ياشاش ئۈچۈن تۇغۇلدۇم. ياشاش ئۈچۈن ئىزدىنىمەن، ئىزدىنىش ئۈچۈن ياشايمەن.

تەڭرى ماڭا «يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارالمىشىڭ ئۆزۈڭدىن» دېگەندە، مەن تەكلىماكان دېڭىزى ساھىلىدىكى قەدىمىي قەلئەدە، بىر چىرايلىق سارايدا، ئاتامدىن مىراس قالغان بۆشۈكتە ئويغاق ياتقانىدىم. شۇ چاغدا مېنىڭ بۇ دۇنياغا بولغان قىزىقىشىم يەنىمۇ ئاشتى بولغاي، ئانامغا «مېنى زاكامدىن ئايرىۋەت، مېنى ئاق يۆگەككە يۆگىمە ئانا، پۇت ـ قولۇمنى يېشىۋەت» دەپ جان ـ جېنىم بىلەن يىغلىدىم. ئانام مېنى يېشىۋەتتى.

مەن خۇدانىڭ «يارالمىشىڭ ئۆزۈڭدىن» دېگىنى بىلەن يارىلىش ۋە يارىتىش ئۈچۈن تۇنجى قېتىم ئەقىل بەرگۈچى، روھ ئاتا قىلغۇچى، ئىستىقبال تاپقۇزغۇچى، پارلاق يول كۆرسەتكۈچى ئوقۇتقۇچىنى تاپتىم. شۇ دەل باھارنىڭ ئىللىق ئاپتىپى تۆكەپ، ياز، پىژغىرىم ئىسسىق باشلانغان، مېۋە ـ چېۋە ۋايىغا يېتىپ مەي

باغلىغان چاغ بولۇپ، مەن ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەنىدىم.

ئۇ مېنى بىر بوستانلىقتا، گۇللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ، قۇشلار سايرىغان گۇلزارلىقتا باشلاپ كىردى. ئۇ مەن ئارزۇ قىلغان بۆشۈك — مەكتەپ ئىدى.

مەن ئۇ يەردە ماڭا ئوخشاش يۇمران كۆچەتلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، بىر نىشان، بىر مەقسەت، بىر ئارزۇ، بىر ئارمان ئۇچۇن چەكسىز دېڭىزغا چۆكۈپ كەتتۇق.

«مەن سەندىن قالامدىم، مەنمۇ بىر ئادەم، مېنىڭمۇ يەتتە ئەزايىمنى خۇدا ئوخشاشلا ياراتقان، سەندە بار كاللا مېنىڭدىمۇ بار، سەندە بار كۆز مېنىڭدىمۇ بار» دەپ رىقابەت دەرياسىغا قولۋاق سالدۇق. مەن سالغان قولۋاق ئەڭ ئالدىدا ماڭدى. ئوقۇتقۇچى: «كەينىدە قېلىشنىڭ ئۆزى يوقىلىش، ھالاك بولۇش، ئاجىزلىق» دېگەنىدى. مەن باشقىلارنىڭ كەينىدە قېلىپ ئاھانەتكە ئۇچراشنى راۋا كۆرمىگەچكە يەنىمۇ دولقۇنلۇق دەرياغا بارلىقىمنى ئاتتىم. دەريا مېنى خۇددى مېھرىبان ئانامدەك ئۆز باغرىغا ئالدى، مەنمۇ ئۇنى ئانام كەبى سۆيدۇم.

شۇ ئانا دەريادا ساق ئون بەش باھارنى سۆيدۇم. ئاخىر گۈزەل بىر قىرغاقتا مەن كۈتكەن بەختكە نائىل بولدۇم. بەخت دېگەن ئاشۇنداق قان ۋە تەر بىلەن قولغا كېلىدىغان بىر گۈزەل ساھىبجامال ئىدى.

قىرغاقتا ھېلىقى ئوقۇتقۇچىمنى ئۇچرىتىپ قالدىم. . . ئۇنىڭ چاچلىرى خانتەڭرىدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى ئىچىدىن قۇياشتەك يېلىنجاپ تۇرغان ئالەمچە سۆيگۈنى كۆردۇم. ئۇ مەندىن رازى ئىدى. چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىدىم.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئوقۇتقۇچىم قېرىپ كەتتى. ئەجەل ئۇنى ئاخىر باقىي دۇنياغا چاقىردى . مەن ئۇنىڭ قەبرە تېشىغا مۇنۇ بىر كۇپلېت نەزمىنى پۈتۈپ قويدۇم:

سەن ئاددىي شام، سەن ئاددىي چىراغ،
بار روھىڭدا ئەسىرچە قۇياش.
قىزىل گۈل ئۈنگىدەك بىر ئوچۇم تۇپراق،
ساڭا يۈز مىڭلىغان قەلبلەر تۇتاش.

* * *

ئوقۇتقۇچى — يېشىل باھار، ئۇ زېمىنغا يېگىمدىن بىر ھاياتلىقنى ئەھيا ئېتىدۇ.

مەن — يۇمران بىر مايسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن ۋايىمغا يېتىمەن.

ئوقۇتقۇچى — سېخىي قۇياش نۇرى، ئۇ پاساھەتلىك نۇرى بىلەن دۇنيانى قايتا - قايتا تۇغىدۇ، قايتا - قايتا ھاياتلىققا ئۈندەيدۇ.

مەن — ئاشۇ نۇر بىلەن ئەمدىلا يېتىلىۋاتقان، ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان يۇمران غۇنچە.

ئوقۇتقۇچى — يىراقتىن يىراققا ئاققان ئەزىم دەريا. ئۇ ساھىللارنى سۆيۈپ ياشايدۇ.

مەن — زۇمرەت ساھىلىدىكى يېگانە قولۋاق، مەن ئاشۇ دەريا بىلەن ھاياتلىققا ئېرىشىمەن.

ئوقۇتقۇچى — ئاسماننى تىرەپ تۇرغان تاغ، مۇقەددەس چوققا، ئۇ بۇلۇتلارنى قۇچاقلايدۇ. . .

مەن ئۇنىڭ ئېتىكىگە چۈشكەن تامچە، ئاپئاق قار، مەن ئۇنىڭ مېھرىبان باغرىدا كۈلۈپ ياشايمەن.

ئوقۇتقۇچى — بىر ئۇۋا — تاغ چوققىسىدىن ماكان تۇتقان؛
مەن بىر قۇش — ئاشۇ ئۇۋىدا ياشىغان. . .

ئوقۇتقۇچى — زۇمرەت ئاسمان — پۈتكۈل دۇنيانى قۇچاقلىغان.

مەن — بىر يۇلتۇز — كۆكتىن ساقىغان، زېمىنىنىڭ باغرىدا ئايلىنىپ زەر نۇرلار چاچقان.

ئوقۇتقۇچى — ئىنسانىيەت روھىنىڭ ئىنژېنېرى. ئۇ قاراڭغۇ دىللارغا مەشئەل تۇتىدۇ، قاقشال دەرەخلەرگە شولا چاچىدۇ.

مەن — بىر ئۆڭكۈر، ئاشۇ نۇر قوينىغا ئىنتىلىپ ئۆتىمەن.

ئوقۇتقۇچى — بىر لىرىك كۈي، بىر شېئىر؛ بۇ شېئىرنى مىليونلىغان ئىنسانلار ياد ئېتىپ ياشايدۇ.

مەن — بىر ياد ئەتكۈچى ھەم بىر قەدىرلىگۈچىمەن.

# تارىم دەرياسى

ئۇ — يىراقتا ئېتىلغان ئوق، مەڭگۈ توختىماس ئېقىن، كۈن - تۈن بويى ياڭرىغان كۈي، ئەبەدىلئەبەد ھارماس ناخشا.

ئۇ — سەھەر پەيتىدىكى تاڭ نۇرى، كېچىدىكى ئاي شولىسى، ئەتىگەن ئۇچقان قۇش.

ئۇ — ئاشىق - مەشۇقلار ئارىلىقىغا تارتىلغان يىپ، ئىككى قىرغاق ئۇلارنى مەڭگۈ بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ.

ئۇ — مىڭلىغان «مەن» لەر، يۇرەكنىڭ ئەڭ تېرەن قاتلىمىدىن ئىرغىپ چىققان كۆز ياش؛ ئانا يەرنىڭ كۆكسىدە ئارام ئالماي پارلاپ تۇرغان قۇياش.

ئۇ — ھاياتنىڭ ۋاقىت سائىتىنى بەلگىلەيدىغان سائەت ئىستىرېلكىسى — ئەسلا توختىماس ئاۋاز.

ئۇ — بالىسىنىڭ دەردىدە كۆيۈپ كۈل بولغان ئانا، دۇنياغا ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى ئىلاھ، قۇشلارغا روھ ئاتا قىلغان مۇزىكا.

ئۇ — قىزىل گۈل بەرگىلىرىدىكى يامغۇر تامچىسى؛ سامادىن يەرگە ئاققان يۇلتۇز پارچىسى.

ئۇ — مەھمۇدنىڭ ئالتۇن تاشلىق لۇغىتىدىكى مارجان سۆزلەر؛ يۇسۇپنىڭ بىر - بىرىگە زەنجىرسىمان باغلانغان نۇرلۇق مىسرالىرى.

ئۇ — مەن، ئۇ — بىز، ئۇ — بۈيۈك دەريا، ئۇ — بىز سۆيگەن زېمىن.

ئۇ — مەڭگۈ بىزگە تەئەللۇق پىلانېتا.

# نۇزۇگۇم

ئۇنى «تۇمەن كۆل» ئانا بۇ دۇنياغا بىر پەرىشتە قىلىپ ياراتتى. سۇمبۇل چاچلىق بۇ گۈزەل بۇيۇك قەشقەر يېرىدە چوڭ بولدى.

پەلەك بورانلىرى بۇ زېمىننى قاراڭغۇلۇق، ئاچلىق، مۇستەبىتلىك ئىچىدە تاسقاپ، خاتىرجەملىك ئىچىدىكى بەخت گۈللىرىنىڭ يۇمران بەرگىلىرىنى ئۇچۇرۇپ تاشلىدى. قارا كۆز، چىرايلىق نۇزۇگۇم بۇ تەقدىرگە دۇچار بولدى. ئۇ سۆيگەن ئانىسىدىن، كۆيگەن دادىسىدىن، ئاشۇ زۇمرەتتەك كۆل، ئۆستەڭلىرىدىن ئايرىلىپ چەيلەندى. ئۇز پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بۇ قىسمەتتىن بىر خىل جەسۇر روھ بىلەن شىكايەت يازدى. ئۇ شۇنداق ياشىغانلىقى ئۈچۈن قەتلى قىلىندى.

ئۇ يىراقتىكى كۈن. ياق، تۈنۈگۈنكى ئىش. ياق، بىز كۆرگەن تارىخ.

مەن قىزلىرىمغا نۇزۇگۇمنىڭ رەسىمىنى سىزىپ بەردىم.

ئۇلار نۇزۇگۇمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

# تاشۋاي

ئۇنىڭ جەسىتى تالادا قالغانىكەن، ئۇ قاتتىق سوغۇقتا مۇزلاپ ئۆلۈپ قالغانىكەن، ئۇ بىزنىڭ ئاشۇ قەدىمكى شەھىرىمىزنىڭ بىر تار كوچىسىدا، بىر كاھىش تامغا يۆلىنىپ پانىي دۇنيادىن خوشلاشقانىكەن، ئۇ دۇنيادىن ئاشۇنداق غېرىبلارچە كېتىپ قالدى. . .

يانۋارنىڭ قاتتىق سوغۇق بىر كۈندۈزى، قولىدا «قەشقەر راۋابى» تۇتقان بىر بالىنىڭ يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا مۇزلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى تېمىپ تۇرغان بۇ بالا تېخى ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەن بولۇپ، مۇشۇ كۈندۈزنىڭ سوغۇقىدا تەگرى ئاتا قىلغان جېنىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. مەن ئۇنى كۆتۈردۇم. ئۇماق قولىدا مەھكەم قاماللىغان راۋابمۇ مەن بىلەن بىللە ماڭدى. مەن ئۇنى ئۆز ئۆيۈمدە يۇيۇپ - تاراپ يەرلىكىگە قويدۇم. راۋاب مەندە قالدى. ئۇ ماڭا ئاشۇ كوچىدا ئۆلۈپ قالغان بالىدەك بىچارە، مىسكىن كۆرۈندى. مەن ئۇنى تۇنجى رەت قولۇمغا ئالدىم. ھەممە يېرى گۈل نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن راۋابقا قاراپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ھەممە يېرى «تاشۋاي» دېگەن ئىسىم بىلەن تولغانىدى. مەن راۋابقا يەنىمۇ سىنچىلاپ قارىدىم، تاشۋاينىڭ ئاشۇ مىسكىن روھى بىلەن غېرىب گۈلەختە ئېيتقان ناخشىلىرى بويىنىنى قىسىپ تۇرۇپتۇ. مەن تارىغا قىستۇرۇلغان پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان زەخمەكنى بۇ ئالتۇن مىراسنىڭ سىم تارلىرىغا ئۇردۇم. راۋابتىن تاشۋاينىڭ ھەسرەتلىك ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. زەخمەكنى

يەنە ئۇردۇم، راۋابتىن تاشۋاينىڭ پىغانلىق ئاۋازى ئاڭلاندى. . . مەن مىنىڭ قايغۇ ئىچىدە راۋابنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇۋالدىم. ئۇ: «مېنى ئارامىمغا قوي، مەن بىر پەس خاتىرجەم بولاي» دېدى. مەن ئۇنى ئارامىدا قويدۇم.

## سىيىت نوچى

مەن ئۇنى ھېيتكاھنىڭ غەرب تەرىپىدىكى بىر كوچىدا ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ بىر قولىدا بادام دوپپىسىنى، بىر قولىدا ئۇچتۇرپان ئامبىلى يېزىپ بەرگەن «ئۆلۈم خېتى»نى كۆتۈرگىنىچە كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇنى توختاتتىم. خەتنى كۆرۈپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلدىم. بىراق، ئۇ: «بۇ مىللىتىمىزنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىگە توغرا كەلمەيدۇ» دەپ خەتنى بەرمىدى. ئۇ دوتەي مەھكىمىسىگە ئالدىراپ كەتتى. ئەخلاق؟ . . . مەن ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم، ئۇ كۆزۈمدىن غايىب بولدى. شۇنداق، كۆزىمىزدىن غايىب بولدى. . .

مەن ئەتراپقا نەزىرىمنى تىكىپ ئۇزاق ئويلاندىم. . .

دانىشمەن دادام: «نادانلىق، ساۋاتسىزلىقتا قالغان مىللەت ئاسانلا زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ» دەپ تەلىم بەرگەنىدى. ئەمما، بىزدە ئەزان ئېيتىپ قويۇلغان مۇقەددەس ئىسىم ـ فامىلىسىنىمۇ يازالمايدىغان «نوچىلار» خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. باشقىلارنى بىرنى قويۇپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىدىغان ئەزىمەتلەرمۇ «خەت» دېسە، يەيدىغان نەرسىمۇ دەپ ئادەمنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. بېلىگە بەلۋاغ باغلاپ، يېنىدىن خەنجەر ئۈزمەي، شەھەر سوراپ يۈرگەن گاڭگۇڭلار ساۋاتسىزلىق ئاسارىتىدە قانۇن دەرۋازىسى ئىچىدە گويا ئەما ئادەمدەك غېرىبلىق ناخشىسىنى ئېيتىپ ئولتۇرىدۇ. ئەقىلدىن ئاداشقان «ئۇلار» زامانىمىزنىڭ مەشھۇر «سىيىت نوچى»لىرى ئىدى.

سىيىت نوچى بۇ دۇنياغا توغۇلمىغان بولسا، بىز ھەممىمىز

ساۋاتسىزلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي كېتەتتۇق. ئۇ تارىخىمىزدىكى نادانلىق ۋە ساۋاتسىزلىقنىڭ بىر بالا - قازا ئىكەنلىكىنى بىزگە تونۇتقان تۇنجى ئادەم.

# ئىنساپ

مەن بازار تەرتىپىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەر توپىغا ئارىلاپ كىردىم. تاسادىپىي ئالدىمدا غوۋغا كۆتۈرۈلدى. مەن دەرھال باردىم، ئەھۋال جىددىي ئىدى. كۆزلىرىدىن ساددىلىق، ئەپتىدىن نامراتلىق چىقىپ تۇرغان دېھقان ھېلىلا يانچۇقىدىن يوقالغان 100 سوم پۇل ئۈچۈن ئاللا - توۋا سېلىۋاتاتتى:

— بۇرادەرلەر، ئوغرىنىڭ كىملىكىنى دەپ بەرسەڭلار، مەن بىچارىگە بەك ئۇۋال بولدى، ئۇ پۇلغا ئىككى خالتا خىمىيىۋى ئوغۇت سېتىۋالماقچىدىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغانلار ئىچىدىن سالاپەتلىك بىر كىشى:

— ھەي، قانداق نېمە ماۋۇ، «تونۇيمەن» دەپ قويسام شۇنداقمۇ ئېسىلىۋالغان بارمۇ! — دېدى.

مەن ئويلىنىپ قالدىم. بۇ كىشى تونۇيمەن دەيدۇ يۇ نېمىشقا يانچۇقچىنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ بەرمەيدۇ؟ مەن دېھقاندىن ئىشنىڭ ئۆتمۈشىنى سورىدىم. دېھقان پۇلنى ئوغرىغا قايسى تەرىقىدە ئالدۇرۇپ قويغانلىقىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن:

— بۇ كىشى ئىسپات بېرەلەيدۇ، ئۇلار يانچۇقۇمغا قول سالغان ئوغرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەر، — دېدى ئەستايىدىللىق بىلەن توپ ئىچىدىن ئىككى كىشىنى كۆرسىتىپ.

— سىلەر ئوغرىنى ئېنىق كۆرگەنمۇ، — دەپ سورىدىم مەن ئۇلارنى يېنىمغا چاقىرىپ.

— ياق، بىز كۆرمىدۇق، — دېدى ئۇلار سەل ئەندىككەن

ھالدا.

— راستىنى ئېيتىڭلار، ھەقىقىي كۆرگەن بولساڭلار كۆزۈڭلارنى يۇمۇۋالماڭلار، — دېدىم.

— تەقسىر بىزنى تولا ئاۋارە قىلمىسىلىچۇ، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى. غەزەپلەنگەن پۇل يوقاتقۇچى ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ياقىسىنى تۇتتى.

— سەن ھېلىقى «سېنىڭ پۇلۇڭنى ئالغان ئوغرىنى تونۇيمەن» دەپ ئېيتقان ئىدىڭغۇ؟ مانا ئەمدى...

ئەتراپتىكى ئادەملەر ھەدەپ سۆزلەيتتى:

— يۈز سومغىمۇ شۇنچە قىلامدۇ، ساقچى ئەكەلگىنىنى تېخى...

— پۇلنى مەھكەم ساقلىسا بولمامدۇ؟

— تازا مۇتتەھەممۇ نېمە بۇ، ئۇ كىشىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىۋالغىنىنى...

— قارا ئۇنىڭ چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كېتىپتۇ.

مانا ئۇلار ئۇ بىچارىنى ئەيىبلەپلا كەتتى. مەن توپ ئارىسىدىن پۇل يوقاتقۇچىنى بىر چەتكە تارتىپ چىقتىم، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇردەك قۇيۇلاتتى.

— كۆردىڭىزمۇ ساقچى ئەپەندى ماۋۇ ئادەملەرنى، ئۇلار نېمە ئۈچۈن بىر ئوغرىنى قانات ئاستىغا ئالىدۇ، — دېدى مەيۇس ھالدا! مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەردىم، ئىككىمىز ئادەملەر توپىدىن يىراقلاپ كەتتۇق.

مەن قايرىلىپ ئادەملەر توپىغا قارىدىم، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەقىقەتكە كۆزىنى يۇمۇۋالغانلار بىزنىڭ كەينىمىزدىن كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى.

# ھالاكەتتىن قۇتۇلۇش

ئۇمىد ۋە سۆيگۈ ئىچىدە تېگىرقاپ يۈرگەن بىر ياش قاغجىراپ كەتكەن چۆلدە يالغۇز كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كېلەچىكى ئۈستىدە ئويلاپ يەنىمۇ ھەسرەت ئىچىدە ئۆرتەندى. ئۇ ئاخىر بىر خارابىزارلىقتا كېلىپ توختىدى. ئۇ ئۇ يەردە مەڭگۈ دەرۋىش بولغانىدى. ئۇ ئاشۇ چەكسىز كەتكەن دۆۋە - دۆۋە قۇم بارخانلىرى ئىچىگە قاراپ ئۆزىلا ئاڭلىيالايدىغان، ئەمما باشقىلارنىڭ قۇلىقىغا يەتمەيدىغان ئاۋازدا گۇدۇڭشىپ سۆزلەشكە باشلىدى: «بۇ جۇدالىق، مەغلۇبىيەت، بۇ ھالاكەت» . ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغان قۇشلار، ھالاۋەت ۋە بەخت ئىچىدىكى غەمسىز دۇنيا، بارلىق نەرسىلەرگە شاپائەت قىلغۇچى دېڭىز، كۈن - تۈن بويى ئۆچمەي يېلىنجاب تۇرىدىغان يالقۇن، بۇلۇتلار بىلەن بوي تالىشىپ تۇرغان يۈكسەك چوققىلار، ئېگىز يېشىل يوپۇرماقلىرىدىن ئايرىلىپ يالىڭاچلىنىپ قالغان دەل - دەرەخلەر، بىر چاغلاردا ئالتۇن باشاقلار بىلەن تولۇپ، ئەمدىلىكتە قاقاس بولۇپ قالغان ئېتىزلار، سۇلىرى قۇرۇپ قالغان بۇلاقلار، قۇرۇغان دەريالار، تۇۋرۇك، مۇنارلىرى چېقىلغان ئايۋان - سارايلار. . . ئۇ خىيالىدا بۇلارنى كۆرۈپ يەنىمۇ لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. ئۇ شۇنداق بىر خىل قورقۇنچ ئىچىدە تىترەيتتى. ئۇ ئالدىغا بىر قەدەم چامدىدى. بىراق، بىرسى ئۇنى چامدىغىلى قويمىدى. نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىمۇ ئوخشاشلا چامدىغىلى قويمىدى. ئۇ يەنە ئۈنسىز شىۋىرلىدى. «بۇ —

يوقىلىش، بۇ — ئۆلۈم، بۇ — ھالاكەت» ، ئۇ ئۆزىنى پەقەتلا كونترول قىلالمىدى. ئۇ يەنە ئالدىغا چامدىدى. بەختسىزلىككە، يوقسۇزلۇققا، ئاجىزلىققا ۋە زوراۋانلىققا تەن بەرمەستىن يەنىمۇ ئالغا قاردى. ئۇ ھالاكەت ئىچىدە ئەقىل ـ ئىدراكقا مۇيەسسەر بولدى. ئۇ يوقىلىش ئىچىدە تىرىلدى. ئۇ مەغلۇبىيەت ئىچىدە جانلاندى.

# بالىسى ۋە دادىسى

بىر كەپىدە نامرات ئاتا ـ بالا ھايات كەچۈرەتتى. ئۇلار تۇرمۇشىنى تاغ ئېتەكلىرىدىن تېرىپ كەلگەن ئوتۇنلار بىلەن قامدايتتى. بىر كۈنى ئۇلار ئوتۇنلىرىنى ناۋايغا سېتىپ كەپىگە يېنىپ كەلدى. ئۇلار ھايال ئۆتمەيلا ئۇخلاپ قالدى. تۈن يېرىم بولغاندا بۇ ئاتا ـ بالا ئوتۇن كەسكىلى تاغ باغرىغا باردى. دادا ماغدۇرسىزلانغان ھالدا ئوتۇن كېسەلمەي بىر خادا تاش ئۈستىدە جىملا ئولتۇردى. بالا بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا نۇرغۇن ئوتۇنلارنى يىغىۋەتتى. دادىسى بالىسىغا كايىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ھۇ بەتبەخ سەن مېنىڭ كۈچۈمنى ئوغرىلاپ كېتىپسەن، ياشلىق باھارىمنى ئېگىلىۋاپسەن، ئەقىل ـ پاراسىتىمنى تارتىۋاپسەن، مەن پالەچ، ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قاپتىمەن، — دېدى.

بالا غەزەپ بىلەن دادىسىغا:

— سەن قاچانغىچە ياشايتىڭ، سەن قېرىدىڭ، ھالىڭدىن كەتتىڭ، ئۇ ماغدۇرسىز قوللىرىڭ بىلەن قانداقمۇ ئوتۇن كېسەلەيتىڭ، — دېدى.

ئۇلار ئىككىسى گويا دۇئېلغا چۈشكەن رەقىبلەردەك بىر ـ بىرىگە ئېتىلدى. بۇ چاغ سۈبھى شاماللىرى تۈن بۇلۇتلىرىنى يىراققا ھەيدىگەن چاغ بولۇپ، ئىسسىق يوتقاندا بىرگە ياتقان ئاتا ـ بالا ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— دادا، سىز ھاياتمۇ؟ — سورىدى بالىسى.

— خاتىرجەم ئۇخلاۋەر ئوغلۇم، — دېدى دادىسى ئوغلىنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ئۇلار قوياش چىققاندا يەنە شۇ تاغقا ئوتۇن كەسكىلى ماڭدى.

# ئوت

قاتتىق سوغۇق بولغان چاغدا ئۆيدە ئوت بولمىسا، ئىسسىق جېنىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز.

قۇياش يەر شارىغا ئوت ئاتا قىلمىسا، دۇنيادا ھاياتلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ.

ئوت مەۋجۇت بولغاچقا بىز ئىپتىدائىي ھالەتتىن بۈگۈنگە يېتىپ كەلدۇق، يەنە ئوت بىلەن يىراققا سەپەر قىلىمىز.

مەن ئۆزۈمگە ئاستا قاراپ باقتىم، يۈرىكىمنىڭ ئەڭ تېرەن قاتلىمىغا قاراپ باقتىم. ئوتۇم ئۆچۈپ قالاي دەپ قاپتۇ. مەن قورقۇپ كەتتىم. لاغىلداپ تىترەپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم .

ئوت بولمىسا ھېچ نەرسە قىلغىلى بولمايدۇ ئەمەسمۇ؟ مەن يۈرىكىمنى پۈۋلىدىم. يۈرىكىم سەل يالقۇنجاشقا باشلىدى. مەن قەلبىمدە ئاستا ـ ئاستا يېنىۋاتقان ئوتقا ئاستا شىۋىرلىدىم.

ئوت — مۇقەددەس كۈچ.
ئوت — جاسارەتلىك روھ.
ئوت — ئىگىلمەس ۋىجدان.
ئوت — تەۋرەنمەس غۇرۇر.

# كەپتەر ۋە كەپتەرۋاز

بىر توپ كەپتەر ئۆز ئاسمىنىدا قانات قېقىپ ھاياتىنى خۇش ئېتىۋاتاتتى. يەنە بىر توپ كەپتەر كەپتەرۋازنىڭ ئۆگزىسىگە ئۇچۇپ كېلىپ قوندى. ئۇلار ئۆگزىگە چېچىپ قويۇلغان دانلارغا قاراپ خۇشاللىقتىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇلار دانلارنى دانلاشقا باشلىدى. شۇ چاغدا كەپتەرۋاز ئۇلارغا تور تاشلىدى، كەپتەرلەر تور ئىچىدە تۇرۇپ ئاسماندىكى قېرىنداشلىرىغا قارىدى. شۇنداق، بىز كىچىككىنە تاماگەرلىك بىلەن نەپسىمىزنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىمىز. تەبىئىتىمىزدە بۇ خىل ئىللەت بار بولغاچقا قەدەم تاشلاپ، غۇلاچ كېرىپ، كەڭرى، ئازادە يۈرەلمەيۋاتىمىز. شۇنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەككى، بىز كەپتەرۋازنى تىللىماي قاغجىراپ قۇرۇپ كېتىۋاتقان روھىمىزنى تىللايلى.

# قۇش باققۇچى

قۇشچى قەپىسىنى ئورمان بىلەن قاپلانغان دەريا بويىغا ئەكەلدى. ئۇ قەپىسىنى بىر چەتتە قويۇپ ئۆزى يېشىل چىملىقتا سوُنايلىنىپ ياتتى، بىر توپ چىرايلىق قۇشلار قەپەسنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىشقا باشلىدى، ئۇلار ئاللىنېمىلەرنى دەپ سايرىشاتتى. قەپەستىكى قۇشمۇ بىر نېمىلەرنى دەپ جىملا تۇردى. قۇشچى ئەتراپتا ئەگىپ يۈرگەن قۇشلارغا قاراپ:«سىلەر مېنىڭ قۇشۇمنىڭ جىمجىتلىق ئىچىدىكى ئەركىنلىكىنى بۇزۇۋاتىسىلەر » دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى. قۇشلار قۇشچىغا قاراپ قويۇپ يەنە قەپەستىكى قېرىندىشى بىلەن چوڭقۇر مۇڭداشتى.

# ئۆلۈم ناخشىسى

بىز چىرايلىق ئېچىلغان سەرخىل گۈللەرگە قاراپ: «بىر مىنۇت بولسىمۇ گۈلدەك ياشىغان ئەلا» دەپ كېتىمىز.

بىز يەنە باراقسان ئۆسكەن يېشىل يوپۇرماقلارغا قاراپ: «ئېھ يېشىللىق، سەن مەڭگۈ ھايات» دېيىشىمىز.

بىز تىك قىيالاردا، مەزمۇت تاغلار باغرىدا ۋەتىنىنى قوغداۋاتقان مەغرۇر قارىغايلارغا قاراپ: «مەڭگۈ ساڭا ئوخشاش باش ئەگمەي ياشايمىز» دەپ ئەرزىمەس قەسەملەر بىلەن بەند بولىمىز. دۇنيادىن قۇرۇق گەپلەر بىلەنلا ئۆتىمىز. بىز ئۇنى دەپ بۇنى دەپ، ئاخىر ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالىمىز.

ئۆلۈم ناخشىسى كۆز ئالدىمىزدا چىرايلىق قىزدەك بىزگە كۈلۈپ باقسىمۇ، بىز ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا قاراشنى خالىمايمىز، بىراق ئۇ بىزنى ھامان ئۆزىگە قارىتىدۇ.

# ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش

زىمىستاننىڭ قاتتىق سوغۇق بولغان بىر كۈندۈزى قارا قاغا تار تۈرمە ئىچىدە سوغۇق دەردىدىن توڭلاي دەپ قالغان مەھبۇسقا مەيۈس قارىدى. مەھبۇس لاغ - لاغ تىترەۋاتقان قاغىغا ئىچ ئاغرىتىپ: «كەل، مەن سېنى قۇتۇلدۇرۇۋالاي، تالادا مۇزلاپ ئۆلۈپ قالمىغىن» دېدى.

قاغا مەھبۇسنىڭ بۇ خىل مېھىر - شەپقىتىگە سۆيۈنۈپ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.

— تەقسىر، ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، مەن سىز بىلەن بىرگە ئاشۇ يەردە ئىسسىق ياشاشتىن، بىپايان ئاسمىنىمدا ئۆلۈپ قېلىشنى خالايمەن، — دېدى - دە، ئۇچۇپ كەتتى.

مەھبۇس ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قاغىغا قاراپ ئۆز - ئۆزىگە ئاستا شىۋىرلىدى: «سەن ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇڭ».

# نىمىشقا

مەن بۇ دۇنياغا بۇرۇنلا تۇغۇلۇپ قالغانىكەنمەن. مەن دەريا، دېڭىزلار ۋە تاغلار بىلەن بىرگە چوڭ بولدۇم. مەن ئۆز ئورنۇمدا تۇرۇپ قالغىنىمغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى. بىراق تاغلار ئاسمانغا تاقاشتى، دېڭىزلار كەڭرىپ ئالەمدىن ئاشتى، دەريالار غۇلاچمۇ غۇلاچ ئۇزىراپ مەنزىلسىرى كېتىۋەردى.

مەن بىر خىل ئۆرتىنىش ۋە ھەسرەت ئىچىدە ئۇلارغا قاراپ: ئۆز ـ ئۆزۈمگە سوئال قويىمەن: «نىمىشقا، زادى نىمىشقا. . .» دەپ.

كۈنلەر خۇددى تۆگە كارۋىنىدەك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئەگىشىپ ئۆتىۋەردى. مەن يەنە تۇرغۇن ھالەتتىكى جىسىمغا قاراپ، يەنە مەن بىلەن بىرگە ئاپىرىدە بولغان دوستۇم تاغ، دوستۇم دېڭىز ۋە دەريالارغا ئۆكۈنۈش ئىچىدە قارايمەن.

ئۇلار نىمىشقا. . . ؟

مەن نىمىشقا. . . ؟

مەن تالاغا چىقمايدىغان بولدۇم. بىرخىل روھىي ئازاب ئىچىدە بۇگۈنۈم ۋە كەلگۈسۈمگە قاراپ تىمتاسلىق ئىچىدە ئولتۇرىدىغان بولدۇم. مەن كىتاب ئىشكاپىمدىكى چىرايلىق تىزىلغان كىتابلىرىمنى بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشكە باشلىدىم. سادىر پالۋان بىلەن نۇزۇگۇم ماڭا غەزەپ بىلەن قارىغاندەك، سىيىت نوچى ماڭا پەشۋا ئاتقاندەك پۈتۈن بەدىنىم سوغۇق تەرگە چۆمۈپ، خۇددى شېخىدىن غۇلاپ چۈشكەن كۈز يوپۇرمىقىدەك تىترەپ كەتتىم. مەن كۆزۈمنى بىر پەس يۇمۇۋالدىم. ئۇلار يەنە كۆزۈمگە مىختەك

تىكىلىپ قاراپ تۇردى. بىر غەيرىي ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلاپ كەتتى:

سەن نېمىشقا، زادى نېمىشقا. . .

مەن يۈگۈرگەن پېتىم سىرتقا چىقىپ كەتتىم. يېشىل ئاسمان ئۆز قۇياشىنى كائىنات قوينىغا نۇر بېرىشكە قويۇپ بېرىپتۇ. مەن بۇ چەكسىز ئاسمىنىمغا قاراپ بار ئاۋازىم بىلەن توۋلىدىم.

مەن نېمىشقا، زادى نېمىشقا. . .

# خالاستان[1]

## (چاتما نەسر)

### مۇقەددىمە

قۇياش ئاپىرىدوت ئالەمگە ئاپىرىدە بولدى. ئۇ نۇرغۇن تۇرغۇن يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ئاتەش چېچىپ ماپتىن پۈتكۈل كائىناتقا نۇر سوۋغا قىلدى. يەرنىڭ مەغرىب ۋە مەشرىقىدىن تارتىپ جىمى جايلىرىدا تاغلار تۇغۇلدى، دەريا، دېڭىزلار كۆز ئاچتى، ئىنسانلارغا ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى تۇپراق يارالدى. قۇياش ھاياتلىققا نۇرغۇن زىرائەتلەرنى سېخىيلىق بىلەن بېرىۋەتتى. دۇنيادا يېڭى بىر ئېرا باشلاندى.

ئانا ماكانىمىزدىكى تاغلارنىڭ بىرى خانتەڭرى، يەنە بىرى ئالتاي، يەنە بىرى كۇئېنلۇن، يەنە بىرى مۇقەددەس قاراقۇرۇم ئىدى. بۇ تاغلاردا ئىنسانلار ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى. مەدەنىيەت، يېزىق ۋە ناخشا ـ مۇزىكا دۇنياغا كەلدى. غۇر ـ غۇر مەيىن شامال بۇ نەرسىلەرنى ئالەمنىڭ يىراق ـ يىراق بولۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە ئېلىپ كەتتى. . . زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يېزىلار شەھەرلەرگە، قىشلاقلار يېزىلارغا كۆچتى. نۇرغۇن شەھەرلەر دۇنيانىڭ ياقۇت كۆزىگە ئايلاندى. مەن بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى ئۇلۇغ قارا قۇرۇم ئاتا تەرىپىدىن قۇرۇلغان قەدىمىي شەھەرگە تەڭرىنىڭ شاپائىتى بىلەن قەدەم تەشرىپ

---

[1] خالاستان — زەرەپشان دەرياسىنىڭ بىر ئېقىنى، قاغىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى دەريا نامى.

قىلدىم. ئۇ ماڭا يىغلاپ تۇرۇپ، ياق، كۈلۈپ تۇرۇپ قوچاق ئاچتى. ئۇ مېنىڭ ئەڭ گۈزەل جەننىتىم. . .

## بۇ يەر قاغىلىق

مەن كۆزۈمنى ئېچىپ ئەتراپقا باقتىم. يېنىمدىلا ئاق شايىغا يۆگەلگەن بىر پەرىشتە ماڭا كۈلۈپ باقتى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ مېنىڭ بوينۇمغا ئېسىلىپ مېنى سۆيدى. مەن كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. كۆزۈمنى ئاچسام ئۇ قۇياش نۇرى بىلەن بىرگە زېمىنىنىڭ ئۈستىدە گويا يېڭى ئۈچۈرما بولغان كۆك كەپتەر باچكىسىدەك ئۇچۇپ يۈرمەكتە ئىدى. مەن ئۇنىڭغا يەنىمۇ سىنچىلاپ قارىدىم. ئۇ مېنىڭ قىپقىزىل يۈرىكىمدىن ئۇچۇپ چىقىۋاتقان ئوتلۇق سۆيگۈ ئىكەن. مەن سۆيگۈمنى، مۇھەببىتىمنى بارلىق ياخشى نەرسىلەرگە ھەدىيە قىلىمەن.

مەن بازارغا چىقتىم. مېنىڭ خەلقىم خورجۇن - خالتىلىرىغا لىققىدە ئازاب توشقۇزۇپ كوچىلاردا ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ سۇلغۇن چىرايلىرى شۇنداق پارلاق كۈندۈزدە قۇياش ئىلاھى ئاتا قىلغان نۇردىن بەھرە ئالالماپتۇ. روھى يۇيۇپ - تاراپ يەرلىككە قويۇلغان ئەرۋاھتەك چۈشكۈن. مەن بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالماي ۋارقىراپ كەتتىم. ئەتراپىمغا نۇرغۇن ئادەملەر ئولاشتى. ئۇلار ماڭا قاراپ كۈلۈشتى. مېنىڭ ئەسەبىيلەشكەنلىكىمنى كۆرۈپ «ساراڭ» بولۇپ قاپتۇ دېيىشتى. مەن يەنىمۇ قاتتىقراق تولۇلدىم، ۋارقىرىدىم، ئەتراپىمغا ئولىشىۋالغان ئادەملەر ماڭا قاراپ، «بۇ ساراڭنى چالما - كېسەك قىلىپ ھەيدىۋېتەيلى، ئۇ شەھەرنىڭ كەيپىياتىنى بۇزدى» دەپ ماڭا قارىتىپ چالما - كېسەكلەرنى ئاتتى. ئۈستۈمدىن قانغا مىلىنىپ كەتتى. مەن ئاشۇ يەردە قىمىر قىلماي تۇرۇۋەردىم. يۈرىكىمدىن ئۇچۇپ چىققان ناخشام يەنىمۇ پەرۋاز قىلىشقا

باشلىدى.

قۇياش قارا قۇرۇم تاغ تىزمىلىرىغا قىزغۇچ شەپەق نۇرىنى چېچىپ ئاستا ـ ئاستا كۆزۈمدىن غايىب بولدى. مەن ھېلىقى يەردە يېتىپ قالدىم. ئۇ يەر مېنىڭ ئەمەسمۇ! مەن ئۆز يېرىمدە ئۆلۈپ كېتىشنى خالايمەن. جەسىتىم تار كوچىدا قالسىمۇ، مېنى چالما ـ كېسەك قىلغان ھېلىقى ئادەملەر ھامان بىر كۈنى ئۆز يېرىمگە دەپنە قىلىدۇ.

مەن قەشقەردىن خېلى يىراق ئاشۇ يۇرتنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرىمەن. ئۇ خالاستان دەرياسىنىڭ تامچە ـ تامچە زەمزەملىرى بىلەن چېچەن خوتۇن ـ قىزلىرىنى، كۆزلىرىدىن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە باتۇرلۇق يېنىپ تۇرغان ئەر ـ يىگىتلىرىنى ئارمانغا يەتكۈزىدۇ.

مەن مەسچىت مۇنارىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ يىراقتىكى قاراقۇرۇمنى كۆردۈم.

## قارا قۇرۇم

ئۇ مۇقەددەس تاغ. مىڭلىغان دەريا ـ ئۆستەڭلەرنى ئاپىرىدە قىلغان ئىلاھ.

مەن تۇمانسىمان ئاپئاق بۇلۇتلار بىلەن بوي تالىشىپ مەغرۇر غادىيىپ تۇرغان ئۇ سەلتەنەت باغرىغا قاراپ خېلى ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن، قۇياش كۆزۈمدىن غايىب بولدى. قاراڭغۇدا كۆرىدىغىنىمىز پەقەت قاراڭغۇلۇق. مەن بىر شامالغا ئەگىشىپ ئۇ تاغقا باردىم. ئۇ يەرگە باردىم يۇ، قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇنىڭ مىليونلىغان يۈرىكى بىلەن مىليونلىغان كۆزى بار ئىدى. ئۇ يۈرەكلەر يىغلايتتى. يۈرەكلەرگە ئەگىشىپ كۆزلەرمۇ يىغلايتتى. بۇ كۆزلەردىن ئاققان ياش خالاستان دەرياسىنىڭ سۈيى ئىدى. ئاتا ئازابلىق ياش تۆكىدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنە شۇ نەچچە مىڭ

ئەسىرلىك ئازابلارنى ئۆزىنىڭ تېرەن قاتلىمىغا يوشۇرغانىدى.

مەن تاڭ ئاتقىچە ئۇ يەردە تۇردۇم. كۆز ياشلاردىن تىنىدىم. مەن ئەتراپىمغا نەزەر تاشلاپ مەيۈسلۈك ئىچىدە قارىدىم. ماڭا ئوخشاش ئادەملەر ياش ئىچمەكتە ئىدى.

بىز بۇ بۈيۈك ئاتا تاغنىڭ كۆز يېشىنى ئىچىمىز. ئۇنىڭ كۆز يېشى ئادەملەرنىڭ ئازابى ئىدى.

## تەجەللى ياشىغان ماكان

مەن بىر كوچا دوقمۇشىدا تەجەللى ئۇستاز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. مەن بالىلىق ھۆرمىتى بىلەن ئۇ پەرىشتىگە ئېگىلىپ سالام بەجا كەلتۈردۈم. ئۇ دانىشمەن بوۋاي ماڭا ئىللىق جاۋاب ئورنىدا پېشانەمگە سۆيۈپ قويدى. بىز گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلغان يەردە ئەمەس، يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ كەتكەن بىر ئورمان ساھىلىغا بېرىپ مۇڭداشتۇق. بۇ كىشى ماڭا نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى، ئارزۇ - ئىستەكلەرگە قايسى يول بىلەن يېتىش كېرەكلىكى توغرىسىدا تەلىم بەردى. مەن دانىشمەنلەرنىڭ دانا سۆزلىرىنى ياشاش قىبىلنامەم قىلدىم. بۇ ئەقىل ئۇنچىلىرىنى يۈرىكىم بەتلىرىگە نەقىش قىلىپ ئويدۇم. تەجەللى بىر قاتار ئەقىل مېۋىلىرىنى ماڭا بېرىپ كۆزۈمدىن غايىب بولدى. مەن سوغا تەشنا ئاۋۇ سارغايغان يوپۇرماقلارنىڭ سولغۇن ھالىغا قاراپ ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم:

— مەن سىلەرگە سۇ ئەكېلىپ بېرىمەن! — دېدىم.

ياڭراق ئاۋازىمنى ئاڭلىغان تەجەللى بىر كۆك نۇردىن نامايان بولدى. ئۇ يۇمشاق قوللىرى بىلەن بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ! — دېدى - دە، كۆز ئالدىمدىن غايىب بولدى.

## ياڭاق

بۇ يەردە ياڭاق كۆپ بولىدۇ. ياڭاقنى كۆپ ئىستېمال قىلغۇچىلار ئەقىللىق بولىدىكەن.

كۆپنى كۆرگەن پېشقەدەم مۇئەللىم نەۋرىسىنى ئەركىلىتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپىسىغا بىر قانچە تال ياڭاق سېلىپ بەردى. ئۇ گوۋدەك بالا دەرۋازا ئالدىدىكى كونا قارىياغاچ سايىسىدا ئولتۇرۇپ ياڭاق بېقىشقاتاتتى. بىر توپ ئادەم كېلىپ ئۇنىڭ ياڭاقلىرىنى تارتىۋالدى، بالا يىغلىغىنىچە بوۋىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ داتلىدى. بوۋىسى:

— ئوغلۇم، ياخشى نەرسىلەرنىڭ ئىگىسى كۆپ بولىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ ياخشى نەرسىلىرىمىزنى ئۆزىمىز دېگەندەك قەدىرلىيەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، خەقلەرنىڭ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. سەن گۇناھنى ئۆزۈڭدىن كۆر، ياڭاقلىرىڭنى مۇشۇ ھويلىدا چېقىپ يېسەڭ باشقىلار كۆرمەيدۇ ئەمەسمۇ...

مەن ياشانغان مۇئەللىمنىڭ پىكرىنى ماقۇل تاپتىم. بىز ئۆزىمىزنى مەھكەم تۇتۇشىمىز، ئىشىمىزغا پۇختا بولۇشىمىز كېرەك ئىكەن. شۇنداق بولغاندا ياخشى ياشىيالايدىكەنمىز.

## ئالدامچىلىق

مەن چوڭ كوچىنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان سودا بازىرىدا ئايلىنىپ يۈردۈم.

ئۇ گويا ئادەم دېڭىزى ئىدى. ئادەملەر دەريادەك ئۇيان - بۇيان ئاقاتتى. مەن ئادەملەر توپلىشىۋالغان بىر دۇكاننىڭ ئالدىدا توختىدىم. دۇكاندار ماللىرىنى ھەدەپ كۆككە ئۇچۇرۇپ ماختايتتى.

— خالايىق، بۇ مۇقەددەس بەيتۇل ھەرەمنىڭ مېلى، ئۇلۇغ

خۇدا شاپائەت، بەخت ـ سائادەت ياغدۇرغان قىبلىگاھىمىزنىڭ مېلى!

مەن رەختلەرگە زەن قويۇپ سەپسېلىپ چىقتىم. باشقا نۇرغۇن ئادەملەر، يىراقلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر، يېزىلاردىن كەلگەن دېھقانلار مىگبىر جاپادا تاپقان پۇللىرىغا ئۇلۇغ «ھەرەم» نىڭ ئاشۇ ماللىرىدىن ئېلىپ كېتىشتى. مەن سودىگەردىن سورىدىم:

— تاغا، بۇ ماللار راست ھەرەمنىڭمۇ؟

ئۇ گېپىمدىن ئاچچىقلاندى بولغاي، سۆزلەپلا كەتتى.

— ئۇكام، تەقى ـ تۇرقلىرىدىن قارىغاندا ئوقۇغاندەك قىلىلا، مەن ياشنىپ قالغان موللا ئادەممەن. بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى. مانا مۇشۇ روزا ـ رامىزان كۈنلەردە مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ بېرىمەن. بۇ ماللار ھەرەمدە ئىشلەنگەن. . .

مەن بۇ ئادەم بىلەن گەپ تەگىشىشنى راۋا كۆرمەي، رەختلەردىكى «china» (جۇڭگو) دېگەن خەتنى ئوقۇپ قويۇپلا ئۆز يولۇمغا راۋان بولدۇم. شۇنداق، ئادەملەر بىر ـ بىرىنىڭ نادانلىقىنى بىلىۋالدى. شۇڭا، نادانلىقتىن پايدىلىنىپ مەقسەتلىرىگە يېتىشىۋاتىدۇ.

## مۇساپىرلار قەسرى

شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ قەسىر ئەسلىدىن بىر باينىڭ ھەشەمەتلىك مېھمانخانىسى بولۇپ، يېتىم ـ يېسىرلەرگە ۋەخپە قىلىپ بېرىلگەنىدى. بۇ يەرنى ھەر يەرلەردىن كەلگەن چوڭ ـ كىچىك مۇساپىرلار ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ھەرەمخانىسى قىلىۋالغانىدى. بىر كۈنى مەن ئۇ يەرگە باردىم. ئۇ يەردە دەھشەتلىك ئۇرۇش بولۇپ كەتكەنىدى. قىيا ـ چىيا، پىغانلىق ۋارقىراش ـ جارقىراشلار سارايىنى بىر ئالغانىدى. مەن ئىككى ياقا

يۇرتلۇقنىڭ قانغا مىلەنگەن ئۇستۇبىشىغا قاراپ ئاچچىق خۇرسىندىم.

تۇۋا ئىلاھىم، ئۇلار نېمە تالىشىۋاتقاندۇ، تالىشىدىغان نېمىسى باردۇ؟ . . . مەن بىر بىرى بىلەن زەھەرلىك چاياندەك ئېلىشىۋاتقان، قەدىمكى رىم قۇللىرىدەك مۇشتلىشىۋاتقان، ئەقىل ـ پاراسىتىنى يۇندا ئازگىلىغا تاشلاپ قويۇپ، دەلدۇش، ساراڭلارچە يۇرۇۋاتقان ئۇ بىر تىللىق دوستلىرىمغا غەزەپ كۆزلىرىمدە چەكچىيىپ قارىدىم. غەزەپ ـ نەپرىتىم ئىچىمگە سىغماي تۇۋلاپ كەتتىم: «ھۇ، مۇناپىقلار، سىلەر مەڭگۇ مۇشۇنداق قەلەندەر بولۇپ ياشاۋاتىسىلەر». ئۇلارنى سۈكۈت باستى. ئۇلار جىمجىت ئولتۇراتتى.

## تونۇر كاۋىپى

ئىلاھىم كارامەت ياراتقان بۇ زېمىننىڭ جىمى يۇرتلىرىدىكى ئۆزگىچە تائاملارنى ئالاھىدە قەدىرلەشكە، ماختاشقا ئەرزىيدۇ. مەن بۇ يەرنىڭ تونۇر كاۋىپىغا ئالاھىدە قىزىقىپ قالدىم. ھەر كۈنى دېگۈدەك كاۋاپخانىغا بېرىپ ئۇ تائامدىن ھۇزۇر ـ ھالاۋەت تاپىمەن.

بىر كۈنى كاۋاپچى تاماق ئۇستىلىدىكى سۆڭەكلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. تويۇقسىز بىر سۆڭەك زۇۋانغا كەلدى:

— ئۇستام، بىز سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالايلى، بىزنى بۇگۈندىن ئېتىبارەن ئىتقا تاشلاپ بەرمەڭ. ئۇ بىزنى يەپ يەنە بىزگە خىرىس قىلىدىكەن. بىز جان بەرگەن نەرسىنىڭ بىزگە ئاپەت بېرىشىنى ياقتۇرمايمىز. خالىسىڭىز بىزنى ئاشۇ ياۋاش ـ يۇمشاق قويلارغا تاشلاپ بېرىڭ. ئۇ ئىتقا ئوخشاش چىشلەشنى بىلمىسىمۇ قاۋاشنى بىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. . .

كاۋاپچى سۆڭەكنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويدى ـ دە، سۆڭەكلەرنى يەنە ئىشىك ئالدىدا

تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان ئىتلارغا تاشلاپ بەردى.

## خالاستان

مەن بىر ئوتتۇنچى بىلەن بىللە جاڭگالغا ئوتتۇنغا باراتتىم. ئۇ قېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئېشىكى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بىر ناخشىنى جاراڭلىق باشلايتتى، بىراق ناخشىنىڭ ئاخىرىنى چىقارمايلا ئۇيقۇغا كېتەتتى.

مېنىڭ بىر بېلىقچى ئاغىنەم بار ئىدى. ئۇ داۋاملىق بېلىق تۇتقىلى دەرياغا باراتتى، تورنى بىر قانچە قېتىم تاشلاپ قويۇپلا بېلىق چۈشمىسە قۇرۇق قول قايتىپ كېلەتتى.

يەنە بىر دوستۇم بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنى يۈگۈرۈشكە خۇشتار ئىدى. بىراق، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىلەردە يېرىم يولدىلا توختاپ قالاتتى.

يەنە بىر مۇنچە ئاغىنىلىرىمنىڭ ئۇنداق قىلىۋېتىمەن، بۇنداق قىلىۋېتىمەن، دەپ يوغان سۆزلەپ ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالماي يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم.

مەن بۇ خالاستان دەرياسىنىڭ گۈزەل ساھىلىدا تۇرۇپ ئۈنىمىدىن:

— ئەي دەريا، سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىدىم.

— مەن قاراقۇرۇم قولىدىكى ئالتۇن يادىن ئېتىلىپ چىققان كۈمۈش ئوق بولىمەن، — دېدى دەريا.

— سېنىڭ نىشانەڭ قەيەر؟

— مېنىڭ نىشانەم ئۆزۈن، — دېدى دەريا.

— سەن ئۇ يەرگە بارغۇچە ھېرىپ قالمامسەن؟

— مەن ھېرىپ قېلىشنى ئويلىغان بولسام ئالتۇن يادىن ئايرىلىپ قالمىغان بولاتتىم. مەن ئوقتەك قىزىپ، پوقتەك

سوۋۇيدىغانلاردىن ئەمەس — دېدى دەريا.

مەن گەپ قىلماي تۇرۇپلا قالدىم. ھەيۋەتلىك ئېقىۋاتقان بۇ ئۇلۇغ ئېقىن ماڭا بىر روھ ۋە جاسارەت بېغىشلىدى.

## مىراس

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دادامنىڭ ئالمىدەك چىرايىدا خەرىتە سىزىقلىرىدەك ئۆتۈشمە سىزىقلار پەيدا بولدى. ئۇ يۇمشاق كىرېسلو ئۈستىدە يېتىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ قېرىغانلىقىنى ئاخىرقى قېتىم ھېس قىلىپ، بوغدا چوققىسىدەك ئاقارغان ئاپئاق ساقىلىنى سىلاپ قويدى. ئۇ خىيال سۈرەتتى، چوڭقۇر سۈكۈت دېڭىزىنىڭ تىرەن قاتلاملىرىغىچە ئۆزەتتى. ئۇھ تارتىپ شۈنداق ئازابلىق ئۈنسىز ياش تۆكەتتى. مەن ئۇنىڭ نېچۈن بۇنچە ھەسرەتلىنىۋاتقانلىقىنى بىلمەن. ئۇ تولىمۇ يىراقتا قالغان ئالتۇن باھارىنى، يوقالغان گۆھىرىنى، ئىسراپ قىلغان ئابىي كەۋسەرلىرىنى خىيال قىلىۋاتىدۇ، ئۇ ئۆز ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ ئەقىلسىزلىقىنى ھېس قىلدى بولغاي...

دادام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. مېھرىبان ئانام خېلى بۇرۇنلا باقىي ئالەمگە كېتىپ قالغاچقا دادامنى كۈتتۈم. ئۇ ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ بوۋامدىن قېپقالغان كۆركەم ساندۇقنىڭ يېنىغا ئاستا يېقىنلاشتى. ئۇ ياپراقتەك تىترەۋاتقان بارماقلىرى بىلەن ساندۇقنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىن بىر جۈپ «قىزىل ئۆتۈك»نى ئېلىپ كۆزىگە سۈرتتى، بىر ئۆز ۇنغىچە ئۇنى سىلىدى. ئاندىن ماڭا مەنىلىك قاراپ دېدى:

— ئوغلۇم، دادامدىن قالغان بۇ ئۆتۈكنى مەن كىيگەن، ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلاي دەپ قالدى، ساڭا مىراس قالدۇرغۇدەك باشقا ئالتۇن - كۈمۈشلىرىم يوق. ساڭا قالدۇرغىنىم مۇشۇ بىر جۈپ ئۆتۈك، ئۇنى كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا كىيىۋال.

مەن ئۆتۈكنى كىيىۋالدىم. بىراق، ئۇ پۇتۇمغا چوڭ كەلگەچكە ماڭالماي يىقىلىپ چۈشتۈم. مەن ئۆتۈكنى سېلىۋېتىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. دادام ئۆتۈكنى سېلىۋەتكەنلىكىمنى كۆرۈپ، ماڭا غەزەپلىك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ۋارقىرىدى:

— ئەبلەخ، ئۇ داداڭنىڭ مىراسى، داداڭ نېمە كىيگەن بولسا شۇنى كەي، نېمە قىلغان بولسا شۇنى قىل! . . .

مەن ئامالسىز ئۆتۈكنى يەنە كىيىپ دادامنىڭ ئالدىغا تىزلاندىم. ئۇ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن، بېشىنى يۇمشاق پەر ياستۇققا ئاستا قويدى.

دادامنىڭ روھى مېنى كۆرۈۋاتامدىغاندۇ؟ مەن قورقۇنچ ئىچىدە ئۆز ئۆزۈمچە ئويلاندىم. بۇ مىراس ئۆتۈكنى كىيىۋېرەيمۇ؟ سېلىۋېتەيمۇ؟ . . .

# خازان ئۆمۈر

ئاق قۇشقاچ يىراق تاغ جىلغىسىدىن ئۇچۇپ كەلدى. ئۇ شەھەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قېرى ئارچا دەرىخىگە قونۇپ، شەھەرنىڭ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان كەڭ ئاسفالت يولى، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تەكشى بىنالارغا ئۇزاق قارىدى.

كېيىملىرى جۇلجۇل، ساقال - بۇرۇتى ئۆسۈپ كەتكەن، يۈز - كۆزلىرىنى كىر قاپلىغان ياش دىۋانە نەچچە ئون يېرىگە ياماق چۈشكەن ئەسكى خۇرجۇننى كۆتۈرۈپ، بۇ قەدىمكى دەرەخ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ ئارام ئېلىش ئۈچۈن يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان خۇرجۇننى مۈرىسىدىن ئېلىپ يەرگە قويدى. بىر ئاز ئارامنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، كۆن بويى تىلىگەن يارماقلىرىنى ساناشقا باشلىدى. خۇشاللىق، شادلىق قېنى ئۇنىڭ كۆرۈمسىز چېھرىنى قاپلىدى. غايىۋانە بىر لەززەت پۈتۈن بەدەنلىرىگە تاراپ، تېنى شامدەك ئېرىدى. ئۇ كېرىلىپ ئاسمانغا قارىۋىدى، ئاق قۇشقاچنىڭ سىپسىق مايىقى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇچۇپ چۈشۈپ چاپلاشتى.

# پاسىق

ھايات ئىچىدە ئەركىنلىك بار، ئەركىنلىكنىڭ ئۆزى بەخت دېمەكتۇر. مېنى غالچا، چاكىنا، پەس ئادەملەر بىر يەرگە مەھكۇم قىلىپ، مېنىڭ ئەركىنلىك، ھايات ۋە مۇھەببەت يولۇمنى توسۇپ قويدى. ئۇلار مېنى ئۆز ئىرادىسىگە تېز پۈكتۈرمەكچى بولدى. مەن بىر قورشاۋ ئىچىدە قىسىلىپ قالغان روھىمغا قامچا ئۇردۇم. ئۇ ئۆز ئىسكەنجىسىدىن ھالقىپ ئۆتتى.

مەن قۇم دۆۋىلىرى ئەسلىي ھالىتىدىن بۇزۇۋېتىلگەن بىر چۆلدە غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ماڭدىم، مېنىڭ ناخشامدىن قۇملارنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، ئۇلارنىڭ يىغىسى مېنى يىغلاتتى، مەن ئۇلارنىڭ تېنىگە قاراپ ئۇسسۇزلۇق ئىچىدە جان تالىشىۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

ئاشۇ بىچارە قۇم بارخانلىرى يەنىمۇ يىغلاشقا باشلىدى. مەن غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم: «ھەي، چېچىلاڭغۇ ئەبلەخلەر! » قۇملار جىممىدە بولۇپ قالدى. بۇ سۈكۈت ئىچىدە يىراقتىن تۆگە كارۋىنىنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. ئۇ يېقىنلاپ كەلدى. كۆزلىرىمگە تۆگە كارۋىنى ئەمەس، «ئالۋاستىلار كارۋىنى» كۆرۈندى. ئۇلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئەگىشىپ، بىر ئۇزۇلمەس يىپ كەبى تارتىلدى. مەن بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇلارنىڭ تەلەتىگە زەن سالدىم. ئۇلار «تاڭ راھىبىنىڭ» ھاياتلىق يولىنى توسۇپ، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇققا دۇچار قىلغان «پاسىق سۆڭەكلەر» ئىدى.

# دېھقان يىگىت

زەڭگەر رەڭ بوغدايلىقنىڭ ئۈستىنى ياز بۇلۇتلىرىنىڭ كۆلەڭگىسى سىيپاپ ئۆتتى. سەھەرنىڭ سالقىن شامىلى ياپراقلارنى ئەركىلەتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن قۇياشمۇ ئۇپۇقىدا جەۋلان قىلىپ پارلىدى.

تۇن يېرىمىغىچە ئېتىزلىرىغا سۇ ئېچىپ چارچىغان دېھقان يىگىت باغنىڭ كەينى ئېشىكى بىلەن ئۆيگە كىرىپ ئايالى خېلى بۇرۇنلا راسلاپ قويغان ئىسسىق يوتقاندا ئۇيقۇ سۈيدى. ئۆينىڭ نەم ھاۋاسى ئۇنىڭغا ھۇزۇر بېغىشلايتتى.

ئوغلاقتەك بېقىلغان مۇشۇك يىگىتنىڭ ئۇڭ تەرىپىدىكى كۆرپىدە تاتلىق چۈش كۆرۈۋاتاتتى. قېرىلىق قىرولىرى بېشىغا قونغان چوڭ ئانا سۈت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلىدى.

جىمجىت تۈن، يىراقلاردا پاقىلارنىڭ كوركىراشلىرى، ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلىرى، يەنە نەدىندۇر بىرىنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان مۇھەببەت ناخشىسى ياڭرايتتى. قورۇنىڭ ئالدىدىكى قەدىمكى دەريا شۇنداق شاۋقۇن سالغىنىچە توختىماي ئاقاتتى. ئانا ئوغلىنىڭ چۈش ناخشىسىنى ئاڭلىغاچ ئويغا چۆكتى...

تۈن يېرىمىدىن ئېشىپ ئۇپۇق سۇزۇلەي دەپ قالدى، ئانا ئوغلىنى ئويغاتتى:

— ئوغلۇم كۆزۈڭنى ئاچ، خوراز چىللىدى. مۇرەڭنى بېسىپ تۇرۇۋاتقان شەيتاننى قوغلىۋەت. يەر سېنى چىللىماقتا، مايسىلار سېنى كۈتمەكتە.

# خۇراپاتلىق

بوۋام داخان، ئاتام رەمچى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ خىل كەسپلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ، كۆكسلىرىنى كېرىپ يۇرۇشىدۇ. مازار ـ ماشايىخلارغا باش ئۇرۇپ، تەڭرى يولىنى تەرك ئېتىدۇ.

كېسەللىك تۈپەيلى ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي قالدىم. ئاتام، بوۋاملار ماڭا خەيرخاھلىق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە:

— بوپتۇ ئوغلۇم، بىزمۇ خۇدادىن شۇنى كۈتكەندۇق، سېپىمىزدە ئادەم ئاز ئىدى، ئەمدى ياخشى بولدى، ئۇلۇغ تەڭرىمىزگە سەجدە قىلغىن، — دېدى.

— ياق، سىلەرنىڭ بۇ خىل ئادىتىڭلارنى ياقتۇرمايمەن، مەن ئۆز ئېتىقادىم بىلەن ياشايمەن، — دېدىم. ئۇلار:

— ئوغلۇم، تەقدىرگە بويۇن ئەگمەي چارەڭ يوق، — دېدى. مەن ئەسەبىيلەرچە تۇۋلاپ:

—تەقدىرگە بويسۇنىمەن، ئەمما سىلەرگە بويسۇنمايمەن، مەن سىلەرگە ئۆز تەقدىرىم ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغانلىقىمنى كۆرسىتىپ قويىمەن، — دېدىم.

بوۋام مەسخىرىلىك كۈلۈپ:

— سەن تەقدىر بىلەن ئېلىشماقچىمۇ؟ — دېدى.

— ياق، مەن ئۈمىد بىلەن ياشايمەن، قەلبىمدە ئۈمىد ناخشىسى ياڭرايدۇ، — دېدىم.

— قۇرۇق گېپىڭنى قوي، مەن سېنىڭ ئۇنداق گەپلىرىڭنى ئۇقمايمەن.

— توغرا، مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئېچىنىمەن، — دېدىم.

— سەن ئاتاڭغا ھاقارەت قىلىۋاتىسەن، — دېدى ئۇ.

— سەن ھاقارەت قىلىشقا ھەقلىق، چۈنكى سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ھالاك قىلىۋاتىسەن ئەمەسمۇ، — دېدىم.

# ئاقسۇ قىسسىسى

## 1

مەن بۇ ئاجايىپ سېھىرلىك ھاياتلىق ئالىمىگە ئاپىرىدە بولۇپ، قۇياشنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىگە ھەيران بولغانمەن. ئۇ پۈتكۈل ھاياتلىق ئالىمىگە ھاياتلىق شىپاسى تارقاتقۇچى ئەڭ قۇدرەتلىك بىر كۈچ ئىكەن. مەن ئۇنى «ھاياتلىقنىڭ شاھىتى» دەپ ئاتىدىم.

شۇندىن كېيىن مەن بىر يول تاللىدىم. ئۇ ئۆزۈم تاللىغان، ئۆزۈم ياراتقان ھەم ئۆزۈملا ماڭىدىغان بىر يول ئىدى. مەن بۇ يولدا مېڭىپ مەڭگۈ ئۆلمەسلىكنىڭ «سېھىرلىك ئالىمى» نى تاپماقچىمەن.

مەن سەپەرگە ئاتلاندىم. چەكسىز قۇملۇقنىڭ غەربىي گىرۋىكىدىكى پەرىشتىلەر كۆلگەن، پەرىشتىلەر تاۋاپ قىلغان بىر زۇمرەتتەك ماكانغا قەدەم تەشرىپ قىلدىم. ئۇ يەردە ئىككى ساھىلى بۈك - باراقسان ئورمان بىلەن قاپلانغان بىر قەدىمىي دەريا بار ئىدى. ئۇ دەريا غەربتىن شەرققە توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان جۇشقۇن دەريا ئىدى. مەن ئۇ ئېقىننىڭ ساھىلىغا كەلدىم. ياپيېشىل ئوت - چۆپنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ دەريانىڭ ئېقىنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەڭگۈلۈك ناخشامنى شاۋقۇنغا جۆر قىلدىم. بىزنىڭ تېنىمىز بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى. بىز ناخشىمىزنى ياڭراتتۇق، ناخشىمىزدىن سۆيۈنگەن ئارچا دەرىخى: «ئۆزئارا قوشۇلماي تۇرۇپ ۋىسالغا يەتكىلى بولمايدۇ» دېدى.

## 2

مومام ھېكايىچى ئىدى. مەن كىچىكىمدىن مومامنىڭ ئاجايىپ ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى سادىردەك، رۇستەمدەك تاۋلىدىم. دۇنيادا ھېچنېمىدىن قورقماسلىق روھىنى يېتىلدۈردۈم. ئاجىزلارغا خەيرخاھلىق قىلىشنى، ياۋۇزلارغا نەپرەتلىنىشنى، دوست بىلەن دۈشمەننى ئېنىق ئايرىشنى، ئۆزىنى بىلىشنى ئۆگەندىم. مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنى ئېنىق ئايرىيالايدىغان كۆزگە ئىگە بولدۇم. بوۋام دائىم دېڭىز سەپىرى قىلاتتى. ئۇ ئۆز كېمىسىنىڭ يوشۇرۇن خادا تاشلارغا ئۇرۇلۇپ كېتىشىدىن قورقمايتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن قورقمايدىغانلىق روھى، ئەلۋەتتە. مەنمۇ شۇنداق جاسارەتلىك روھقا ئىگە جەڭچى. دەريا ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ، ئۇ ئۆز تېنىنى ئېگىز قورام تاشلارغا ئۇرۇپ شىددەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا جانلىق ھايات.

بەخت — باتۇرلۇقنىڭ مەھسۇلى، بەخت — ھاياتنىڭ چېچىكى. مەن بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈنلا مېڭىۋاتىمەن. ئاشۇ دەريادەك ياشايمەن.

## 3

ئۇ مېنى ئۆز باغرىغا چاقىردى. مەن ئانام كەبى ئۇلۇغ دەريانىڭ مېھرىبان قۇچىقىدا بەخىرامان بوۋاقتەك، بەخت ئىچىدە كۈلۈۋاتقان يۇمران بېلىقچاندەك، چەكسىز دالىدا تايتاڭشىپ ئويناۋاتقان بوتىغا بالىسىدەك بەخت ناخشىسىنى ياڭراتتىم. ئۇ مېنىڭ ئۇستۇبېشىمنى يېنىك ـ يېنىك سۆيدى. خۇددى ئانام مېنى دادامنىڭ قۇچىقىدىن ئېلىپ قانماي سۆيگەندەك سۆيدى، ئەركىلەتتى. مەن يۇلتۇزلار ئارا ئۈزۈۋاتقان تولۇن ئايدەك بۇ مېھرىبان ئانامنىڭ

باغرىدا بەخىرامان ئۈزدۈم. قارىغاي، شەمشاد، كەڭ غوللۇق قېيىن دەرەخلىرىگە قونۇۋېلىپ ئاللىقانداق بىر خىل يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتىۋاتقان قۇشلار مېنىڭ ئۆز ئانامنىڭ قۇچىقىدا ئەركىن ئويناۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ ماڭا بەخت تىلىدى.

4

تۈنۈگۈنكى يول مەڭگۈ ئارقىدا قالغان يول، مەن بۈگۈننىڭ يولىدا گېگانت قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتىمەن.

شۇنداق، بۈگۈن — ئۇلۇغ، بۈگۈن — مۇقەددەس، بۈگۈن — بەخت، بۈگۈن — غەلىبە، بۈگۈن — مۇھەببەت، بۈگۈن — ۋىسال، بۈگۈن — كۈرەش، بۈگۈن — ئارمان. مەن بۈگۈننىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتىمەن. ئۇ زەڭگەر سامادا تەڭرى تېغىدىن ئۇچۇپ كەلگەن مەيىن شامالدەك لەپىلدىمەكتە ئىدى. مەن بۇ يولدا موللا مۇسانىڭ مۇقەددەس قامۇسىنى قۇچاقلاپ، لۇتپۇللا بىلەن سىرداشتىم، مەن تۇمان باسقان يەنە بىر دالىدا نىمشېھىتنىڭ ئۇلۇغ سىماسىنى كۆردۈم. ئۇلار شۇنداق روھلۇق ئىدى. دەريا ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە توختىماي سۆيمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇپرىقىدىن قىزىلگۈل ئۈنۈپتۇ، مەن چەكسىز ھۆرمەت ئىچىدە بۇ گۈللەرنى پۇرىدىم. ئۇنىڭ خۇش ھىدى تېنىمنى جەننەتكە ئېلىپ كىردى.

كاللامدا بىر خىيال، قەلبىمدە بىر ناخشا: «مەنمۇ ئادەم، بارلىقىنى ئاشۇ ئېقىن دەرياغا بېغىشلىغان ئادەملەردەك ئادەم. بۇ دۇنياغا سايىدەك پەيدا بولۇپ، ئىستەك يوقاپ كېتىدىغان ئادەملەرنى ئادەم دېگىلى بولماس. مەن ئۆزىنى ئادەم سانايدىغانلارنىڭ پىكىردىشى، سەپدىشى، يولدىشى ھەم دوستى».

## 5

مانا بۇ ئاقسۇ، ئۇ تەڭرىتاغنىڭ ئوغلى، تارىمنىڭ قىزى. مەن ئۇنىڭ توپىرىقىنى كۆزۈمگە توتىيا قىلىپ سۈرتتۈم. ئەنبەر كەبى ساپ شامالىلىرىدىن لەززەتلەندىم.

ئېھ، بۇ ئۇلۇغ ۋەتىنىمنىڭ قوينىدا گۈللەپ ياشناۋاتقان ئالتۇن زېمىن! مەن دەرەخلىرىڭنى قەلەم، سۇلىرىڭنى سىياھ قىلىپ سېنىڭ ئۆتمۈشۈڭنى، كەلگۈسىڭنى ۋە ھازىرىڭنى سىزىپ چىقىمەن.

يول، ئۇ مېنىڭ يولۇم. مەن بۇ يولدا ئۆزۈملا ماڭىمەن.

ئۇپۇق سىزىقىدا بىر باغچا بار، ئۇ مېنىڭ جەننىتىم. . .

# دادام

قۇياش پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئاتىسى، يەر ئىنسانلارنىڭ ئانىسى. قۇياش نۇرى بولمىسا ھاياتلىق مەۋجۇت ئەمەس، يەر بولمىسا ئادەملەرمۇ مەۋجۇت ئەمەس. مەن مۇشۇ دۇنيادىكى ئەڭ جاپاكەش ئاتىنىڭ بالىسى. دادام قارا ئالتۇن كېنىنىڭ قورقماس باتۇرى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىزمىتىدىن پەخىرلىنىپ، ئۇنى دۇنيادىكى ھەرقانداق كەسىپكە تەڭ قىلمايدۇ.

بىر كۈنى ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرسام، دادام غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ ناخشىسىغا قىزىقىپ، شۇ ناخشىنى ئېيتىپ بەر، دەپ تۇرۇۋالدىم. ئۇ ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ ناخشىسىنى باشلىدى:

خاڭچىمەن، خاڭ ئۈستى ئۆزۈن ھەم يىراق،
قەلبىمدىن كەسپىمگە ئۇرغۇيدۇ ئىشتىياق.
شۆھرەتنى قوغلىشىپ ئۇچمايمەن ھەرگىز،
مەن ئۈچۈن بىھاجەت نام، ئابرۇي ـ ئاتاق.

مەن دادامنىڭ يالقۇنلۇق ناخشىسىنى ئاڭلاپ، ھاياجىنىمنى باسالماي، ئۇنىڭغا ئەركىلەپ، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدىم. مەن ئۇنىڭ يىللار تامغىسى بېسىلغان ياداڭغۇ چېھرىگە قاراپ كۈلدۈم. مېنىڭ بۇ كۈلۈشلىرىم ئانام مېنى ئەركىلەتكەن چاغدا كۈلگەن كۈلكىلىرىمگە پەقەت ئوخشاشمايتتى. مەن دادامنىڭ يىرىك ساقاللىرىنى سىلاشقا باشلىدىم. بۇمۇ مېنىڭ ئوماق، بۇدرۇق قوللىرىم بىلەن ئانامنىڭ يۈزىنى سىلىشىمغا پەقەت ئوخشىمايتتى.

— ئوغلۇم، ئاپاڭنى سېغىندىڭمۇ؟

مەن ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ يۈزىدە ياش ئەگىشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزۈمنى باسالماي يىغلاپ كەتتىم. بىزنىڭ يىغىمىزدىن بىر خىل ئېچىنىش، نەپرەت، قايغۇ ۋە سېغىنىشلارنىڭ خۇش پۇرىقى بىلەن مۇڭلۇق ساداسى جاراڭلاپ تۇراتتى. مەن دادامنىڭ سېغىنىش يېشىنى ئاپامنىڭ قولياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ قويدۇم. ئۇ قولياغلىقنى قولىغا ئالدى ـ دە، بىر نەچچىنى سۆيۈپ كەتتى. ئاھ، بۇ قانداق قەلبتۇ؟ دادام ئىككىمىز بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، قورسىقىمىزنى تويغۇزدۇق، ئۇ يېنىك ـ يېنىك نەپەس ئېلىپ، ئاندا ـ ساندا يۆتىلىپ قوياتتى. مەن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، غەمكىن قاراپ قويدۇم. ئۇ ماڭا قارىمايتتى. بەلكىم شۇ تاپتا ئاپامنى ئويلاۋاتقاندۇر...

دادام بۇگۈن سەھەردىلا خاڭغا كەتتى. مەن ئۇنى ئىزدەپ بېرىۋېدىم، نەچچە يۈز ئادەمنىڭ ئارىسىدىن قايسىسى دادام ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدىم.

— ئوغلۇم!

دادامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردۈم.

— مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ — دېدى دادام قولۇمنى تۇتۇپ.

مەن دادامغا مەھكەم يېپىشتىم. ئۇ مېنىڭ ھەقىقىي مېھنەت، جاپا ـ مۇشەققەت ئاسمىنىدىكى شۇڭقاردەك دادام ئىدى. مەن ئۇنى ھېلىقى ناخشىنى ئېيتىپ بېرىشكە دەۋەت قىلدىم. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ناخشىسىنى باشلىدى:

خاڭچىمەن، خاڭ ئاستى ئۇزۇن ھەم يىراق،
قەلبىمدىن كەسپىمگە ئۇرغۇيدۇ ئىشتىياق... ...
... ...

ئۇنىڭ بۇ ناخشىسى زېمىندىكى تۈگىمەس بايلىق — قارا ئالتۇن كان ئىچىدىن ھەيۋەت بىلەن جاراڭلىماقتا ئىدى.

# ئاق ئەتىرگۈل

## (ئايالىمغا بېغىشلايمەن)

1

سەن چەكسىز شېرىنلىك ئىچىدە مەۋجۇتلۇققا ئايلاندىڭ، سېنى ئاي بىلەن قۇياش يۇلتۇزلار تۇركۈمىگە ھەدىيە قىلدى. مەن ئاشۇ سامانيولىدا سېنى ئۇچرىتىپ، ھاياتىمنىڭ مەڭگۈلۈك ئەتىرگۈلى قىلىپ كۆكسۈمگە تاقىدىم.

2

مەن ھېچقانداق ئادەم تۇتۇپ باقمىغان ھەم پۇراپ باقمىغان ئاق ئەتىرگۈلگە قاراپ بىر يېپيېڭى دۇنيانى ياراتتىم.

3

ئۇ جۇلالىنىشقا باشلىدى. سۈۋاركىنىڭ نۇرىدەك كۈچلۈك نۇر كۆزلىرىمنى قاماشتۇردى. مەن ئۇنىڭغا ئىنچىكە نەزەر تاشلىدىم. نازۇكلۇق ۋە چەكسىز ئاياش بىلەن پۇرىدىم. ئۇ تېخىمۇ چىرايلىق تۇسكە كىردى. مۇھەببەت مەن بىلەن گۈل ئارىلىقىغا ئەبەدىلئەبەد ئۇزۇلۇپ كەتمەيدىغان يىپ بولۇپ تارتىلغانىدى.

4

ئاق ئەتىرگۈل — سۆيۈمدىكى تولۇن ئايغا ئوخشايدۇ. ئۇ مەن تالىغان ئەڭ پاك سۆيگۈ. ئەبەدىلىيەتكە پۈرلىشىپ كەتمەيدىغان ئاق يەكتەك. ئۇ مەۋجۇتلۇقۇمنىڭ مەبۇدىسى.

5

سۆيۈش — ياشاش، سۆيۈش — مۇھەببەت. پاك روھىمدا پەقەت بىرلا مەبۇد تۇپراقتا كىرگۈچە ھاياتتۇر.

6

مەن بىر سەيياھ سۈپىتىدە سەپەرگە ئاتلاندىم. دەريا - كۆللەر، چۆل - جەزىرىلەر، تاغ - داۋانلاردىن ئاشتىم. كۆرمىگەننى كۆرۈپ، بىلمىگەننى بىلدىم. چەكسىز مۇساپە مېنى بۇ دۇنياغا قايتىدىن ئاپىرىدە قىلدى.

مەن ئۇخلاش ئۈچۈن چاپىنىمنى سېلىپ بېشىمغا تەكىيە قىلدىم. ئوڭ يېنىمدا يول، سول يېنىمدا بىر زۇمرەت كۆل بار ئىدى. كۆل زەڭگەر كۆزلۈك ساھىبجامال قىزنىڭ كۆزىدەك يېشىل ئىدى. كۆلنىڭ ئەتراپى قۇمۇشلۇق بىلەن ئورالغان بولۇپ، نەپىس سىزىلغان ماي بوياق رەسىمدەك كۆركەم كۆرۈنەتتى. كۆلنىڭ شەرقىي گىرۋىكىدە ئاق قۇدەك ئاپئاق بىر جۈپ ئاق ئۆردەك لەرزان ئۈزۈپ يۈرەتتى. مەن ئۇخلىمىدىم، مەن ئۆردەكلەرنىڭ ئازادە ئۈزۈشلىرىگە مەستخۇشلۇق ئىلكىدە مەپتۇن ئىدىم. ئۇلار ئاشۇ كۆلدە ئەركىن ئۈزۈپ يۈرەتتى.

# بىر تۇپ سۆگەت دەرىخى

ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىمنى دائىم ئەسلەپ تۇرىمەن. كىچىك چاغلىرىم، گۆدەكلىكتىكى كەپسىزلىكلىرىم، ئاسمانغا پىچاق ئېتىپ ئۆتكەن بەخۇۋاشلىقىم بىر مىنۇتمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇ چاغ مېنىڭ ھېچنېمىدىن غەم ـ ئەندىشە قىلمايدىغان، توققۇزۇم تەل، قولۇمنى قەيەرگە سوزسام شۇ يەرگە يېتىدىغان ئاقسۆڭەك ۋاقتىم ئىدى.

دادام مېنى: «ئوغلۇم مېنىڭ كەلگۈسۈم، ئىز باسارىم» دېگەچكە، مەن دادام ئۈچۈن جاننى پىدا ئەيلىدىم.

دادام ئورمان قاراۋۇلى ئىدى، مەنمۇ ئورمان قاراۋۇلى بولدۇم. دادام دائىم ياۋا توڭگۇز ئوۋلايتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ «توڭگۇز» ئوۋلىدىم. دادام بۇ توڭگۇزلارنىڭ ئورمانلىرىمىزنى چەيلىشىگە پەقەت يول قويمايتتى. توڭگۇزلارنىڭ دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى، يۇمران شاخلارنى ۋەيران قىلغانلىقىنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسا «ئالماس قىلىچى» بىلەن چېپىپ تاشلايتتى. ئۇ ماڭا: «ئوغلۇم، توڭگۇز دېگەن بەك قۇۋ، ھىيلىگەر كېلىدۇ. ئۇ ساڭا يىغلامسىراپ قارىسا ھېسداشلىق قىلىپ كۆلۈپ باقما، ئۇ سېنى قارماققا ئىلىندۇرۇۋالسا بوش قويمايدۇ» دېدى.

مەن توڭگۇزلارنى كۆرۈپ قالساملا، غەزەپلەنگەچكە نەشتىرىمنى سانجىيدىغان بولدۇم...

كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈۋەردى. مەنمۇ چوڭ بولدۇم. باللىرىممۇ بويىغا يېتىپ قالدى. دادام شۇ چاغدا بېغىمىزغا قويۇپ قويغان بىر تۇپ سۆگەت دەرىخىمۇ نەچچە ئەۋلاد بادرا قالدۇردى. بىز ئۇ

بادرىلارنى نەچچە ـ نەچچە ئىمارەتلەرگە ۋاسا قىلدۇق، يەنە نۇرغۇن كېرەكلىك جايلارغا ئىشلەتتۇق. بۇ بىر توپ سۆگەت دەرىخى يەنە بادرا بېرىۋاتىدۇ.

بىر باھاردا سۆگەت دەرىخى كۆكلىمەي قالدى. مەن ھەيران قالدىم، سۆگەت دەرىخىنىڭ ئەتراپىدىكى توڭگۇز ئىزلىرىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. سۆگەت دەرىخىنى ئەسلىدە توڭگۇزلار قورۇتۇۋەتكەنىدى. غەزەپتىن تىترەپ كەتتىم. ئۇۋ مىلتىقىمنى ئېلىپ ئۇيان ـ بۇيان نەزەر سالدىم، ئۇلار كۆرۈنمەيتتى. ئۇلارنى ئىزدەپ تاپالمىدىم، پەقەت تاپالمىدىم، كۆزۈم كور بولۇپ قالدىمۇ؟ ياكى بولمىسا غەزەپ ۋە نەپرەتتىن مېنىڭ يۈرىكىمدە ئىستەك غايىپ بولدىمۇ؟ . . . مەن ساراڭدەكلا بولۇپ قالدىم. . .

## بوۋام ئېيتقان ناخشا

مەن بوۋامدىن ئۆگىنىۋالغان بىر ناخشىنى جاراڭلىق ئېيتىۋاتاتتىم، دوستلىرىم مېنى زاڭلىق قىلىپ كۈلدى.

— نېمىشقا كۈلىسىلەر؟ — دەپ سورىدىم.

— سېنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتىمىز، سەن بىر كونا مۇقامنى توۋلاۋاتىسەن، — دېدى ئۇلار مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك.

مەن ئۇلارنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي، بوۋامنىڭ بۇ قەيسەر ھەم جەڭگىۋار ناخشىسىنى ئېيتىشقا باشلىدىم، چۈنكى ئۇنتۇشنىڭ يوقىلىش ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم.

# قاپاق تېرەك

ئۇ ئانا زېمىنىنىڭ تىرەن قاتلاملىرىغا يىلتىز تارتىپ يەر شارىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا گويا گېگانت ئادەمدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ يەر مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئالدى، مەن چوڭ بولغان يېزا، مەن پادا بېقىپ مۆكۈلۈق نېيىمنىڭ نازۇك ئاۋازىنى ئەتراپقا ئەنبەر قىلىپ چاچقان دالا ئىدى. ئۇ قاپاق تېرەك ئاشۇ يەردە خۇددى دادامدەكلا سۆيۈملۈك تىكىلىپ تۇرىدۇ.

ئۇ نۇرغۇن ئۇچار جانىۋارلارنىڭ پاناھگاھى، ھۆكۈمران ۋە ئاجىز قۇشلار ئۇ قاپاق تېرەكنىڭ ئايرىم - ئايرىم شاخلىرىغا قونۇپ، ئايرىم - ئايرىم ئۇۋا سېلىپ تىنچ ياشاۋاتىدۇ. ئۇرۇش - جېدەل ئۇ يەردە مەۋجۇت ئەمەس، تىل - ھاقارەتتىن ئۇ قۇشلار سەسكىنىدۇ. ھۆكۈمران قۇش ئاجىزلارغا خەير - ساخاۋەت كۆزى بىلەن قارايدۇ. كىچىك جانىۋارلارمۇ ئۆزىنى بىلىپ ياشايدۇ. ئۇلار ھەممىسى ئۇ مۇقەددەس قاپاق تېرەكنى «ئانا يەر» دەپ قەدىرلەيدۇ.

ئۇ ئېگىز دەرەخنىڭ ئۇستىگە زەھەرلىك يىلان چىقالمايدۇ. ئەگەر يىلاننىڭ دەرەخ شاخلىرىغا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن قۇشلار بولسا ئۇ زەھەرخەندىنى تۇرلۇك ھىيلە بىلەن بەربات قىلىدۇ.

ئۇ ئانا تېرەك ئىگە - چاقىسىز، يېتىم - يېسىرلارنىڭ پاناھگاھى، مۇساپىرلار يىراقلاردىن ھېرىپ - چارچاپ كەلگەندە قاپاق تېرەك ئۇلارغا مېھرىلىك باغرىنى ئېچىپ، ئۇلارغا قۇچاق ئاچىدۇ. مۇساپىرلار ئۇنىڭ سايىسىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ، ئۆزلىرىنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلىدۇ.

ئۇ مېنىڭ قاپاق تېرىكىم ھەم سېنىڭ، ئۇنىڭمۇ قاپاق تېرىكى. ئۇ شاخلىرىنى زېمىننىڭ تۆت ئەتراپىغا ئۇزاتقان، بىز ئۇ شاخلارغا ئېسىلىپ ئوينايمىز. رەھمەتلىك بوۋامنىڭ ماڭا: «ئوغلۇم، سەن سايىداۋاتقان تېرىكىڭنى كېسىۋەتكەن ياۋۇزلارغا ھەرگىزمۇ ئاق كۆڭۈللۈك قىلما» دېگىنى ھېلىھەم ئېسىمدە.

مەن قاپاق تېرىكىمنى قەدىرلەيمەن، ئۇنى سۆيىمەن ھەم باشقىلارنىڭمۇ سۆيۈشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

ئېھ، مېنىڭ قاپاق تېرىكىم، سەن ئەبەدىلئەبەد قەددىڭنى ئەگمەي ياشا. . .

# ئورمان

ئۇ بىر كۈچ. ئۇ ماڭا جاسارەت بەخش ئېتىدۇ. مەن ئۇنىڭ مۇقەددەسلىكىدىن سۆيۈنىمەن، چۈنكى ئۇ ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىقنىڭ سىمۋولى.

يۇرتىمىزنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئاسمانغا تاقاشقان تاغ تىزمىلىرى قورشاپ تۇرىدۇ. ئۇ مۇقەددەس تاغلار بوك ـ باراقسان ئورمانلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، گويا ئۆز ۋەتىنىنى ياۋلاردىن قوغداۋاتقان مۇنتىزىم قوشۇنغا ئوخشايدۇ. بىز باللار بىلەن ئۇ ئېگىز چوققىلارغا چىقىپ رەت ـ رەت ئورمانلار بىلەن سىردىشاتتۇق، يەنە كۆپكۆك ئاسماندا ئۇيان بۇيانغا لەيلەپ يۇرگەن غېرىب بۇلۇتلار بىلەن مۇڭدىشاتتۇق. قۇشلار بىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىمىز سۇپىتىدە بىزگە ئەڭ يېقىملىق ناخشا ئېيتىپ، بىزنىڭ غەم ـ قايغۇلۇق كۆڭلىمىزنى ئارام ئالدۇراتتى. بىز ئاشۇ تاغدىكى ئورماندا ئۆسۈپ چوڭ بولدۇق، ئورمان بىزگە باتۇرلۇقنى ئۆگەتتى. ئۇنىڭ بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ تۇرغانلىقى بىزگە تىلىمىز ۋە دىلىمىزنىڭ بىردەك بولۇشىنى، روھىمىزنىڭ پاك بولۇشىنى ئۆگەتتى. بىز ئورمان ئارىسىدا ياشىدۇق ھەم ياشاۋاتىمىز. دادام: «ئورماندا ياۋا تىكەن، خوخا كۆپ، ئۇنى داۋاملىق تېنىدىن بىتچىت قىلىپ تۇرۇش كېرەك» دەپ ئېيتقانىدى. بىز باللار بىلەن ئۇ ئەرزىمەس نەرسىلەرنى تازىلاپ تۇردۇق، ھېلىھەم تازىلاۋاتىمىز.

مەن ئورماننى سۆيىمەن. ئورمان مەن ئەڭ قەدىرلەپ سۆيگەن خەلقىم.

# يىلتىز

تەڭرى ئاپىرىدە قىلىپ مەۋجۇتلۇققا ئايلاندۇرغان جىمى نەرسىنىڭ يىلتىزى بولىدۇ. مۇقەددەس ئارچا، زەيتۇن، قارىغاي دەرەخلىرى نەچچە مىڭ يىللاپ پانىي دۇنيادا ھېچنەرسىگە ئېگىلمەي ياشايدۇ، ئۇنىڭمۇ يىلتىزى بار.

ياۋا گۈل، چىڭگىلەكلەرمۇ ئوخشاشلا تۇغۇلغان. ياشىشى چەكلىك بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭمۇ يىلتىزى بار. تاغ، دەريا، بىپايان دېڭىز، چەكسىز قۇملۇق، يېشىل دالا ھەممىسىنىڭ يىلتىزى بار.

ھايۋانلارمۇ ئۆز يىلتىزى بىلەن ياشاپ، ئۆز يىلتىزى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ.

مەن. . .

مەن ئادەم. مەن يىلتىزىمنى ئىزدەپ قەدىمكى ئەقىدەمگە نەزەر تاشلىدىم، ئۇ مېنىڭ يىلتىزىم يوشۇرۇنغان، مىڭلىغان ئەلئىبھرامىلار يوشۇرۇنغان ئانا قۇملۇق ئىدى. مەن ئۇلۇغ ھەۋۋا ئانامدىن سورىۋېدىم، ئۇ: «يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ، ئۇ مەڭگۇ قۇرۇپ كەتمەيدۇ، پەقەت سەن ئەقىدە قىلساڭلا! . . .» دېدى.

مەن يىلتىزىمنى كۆردۈم. ئۇ ئاشۇ تۆت تاغنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا شەرقتىن غەربكە، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭ سوزۇلغانىدى. مەن ئۇنى ئانام بىلەن دادامنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەيمەن.

مەن يىلتىز، سەن ھەم ئۇ. . . ھەممىمىز يىلتىز. بىز

يىلتىزىمىزنى قۇرۇتمايمىز، ئۇنى ھەرگىزمۇ قۇرۇتمايمىز.

ئېھ سۇرگۈن قىلىنغان شاماللار، سىلەر يىلتىزىڭلارنى ئىزدەپ نەگە ماڭدىڭلار؟...

# يېشىل نۇر

## 1

مەن ئويغىنىپ بىر جۈپ قولۇمنى ئاسمانغا كۆتۈرۈۋىدىم، ئاسماندا بىر نۇر پەيدا بولدى، ئۇ مەن ئارزۇ قىلغان يېشىل نۇر ئىدى.

## 2

مەن كۆزۈمنى يەنە ئېچىۋىدىم، زېمىندا يەنە باشقىچە گۈزەللىك ئاپىرىدە بولدى، ئۇ مەن تەشنا بولغان يېشىل ھايات ئىدى.

## 3

مەن كۆزۈمنى يەنە ئاچتىم. زېمىن يېشىل تون كىيگەندەك ئەتراپ يېشىل نۇر بىلەن چۆمكەلگەنىدى. مەن تەڭرىنىڭ بۇ مۇنبەت تۇپرىقىغا سىنچىلاپ قارىدىم، ھەممە ئۆسۈملۈك، گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەر چەكسىز مېھرى بىلەن يېشىل نۇرنى سۆيمەكتە ئىدى.

## 4

يېشىل نۇر، ئۇ ئۆزىنىڭ يۇلتۇزى ۋە ھىلال ئېيىنى بەكمۇ سېغىنىندۇ.

# 5

يېشىل ئاسمان. . . ھىلال ئاي، يېگانە يۇلتۇز. . .

## چاقماق ناخشىسى

مېنىڭ ئىسمىم چاقماق، مەن قۇياشنىڭ غۇرۇرلۇق، ئەركە ئوغلى. مەن پەقەت غەزىپىم ئۆرلەپ، ئاچچىقىم كېلىپ قالغاندىلا دەھشەتلىك ئاۋاز چىقىرىپ، چاراسلاپ كېتىمەن، سىلەر مېنىڭ ئاۋازىمنى «گۈلدۈرماما» دەپ ئاتايسىلەر. سىلەر كۆرگەن نۇر كۆزلىرىمدىن چىققان غەزەپ ئۇچقۇنى. ئەي ئىنسانلار! ئويلاپ بېقىڭلارچۇ، نېمە ئۈچۈن ۋىجدانىم قوزغىلىدۇ؟ كۆزلىرىمدىن شۇنچە زور ئوت ئۇچقۇنلىرى چاقنايدۇ! . . .

## بوران ناخشىسى

مېنىڭ ئىسمىم بوران، ئەي ئادەملەر! مېنىڭ ئىسمىمغا ۋە يىرگىنچلىك چىرايىمغا قاراپ مەندىن ئۈزۈڭلارنى قاچۇرماڭلار. ئۆزۈم پاك، كۆڭلۈم ئاق، مەن پەقەت سۇرلۇك مارشىمنى ياڭرىتىپ، يەر يۈزىدىن ئەخلەتلەرنى سۈپۈرىمەن، كۈن نۇرىنى توسۇۋالغان بۇلۇتلارنى ھەيدەيمەن. ئەي ئېسىل ئادەملەر مېنى ھاقارەتلىمەڭلار، مەندىن ئۆزۈڭلارنى قاچۇرماڭلار، مەن ئېيتقان ناخشىنى زېھنىڭلارنى قويۇپ تىڭشاڭلار، ئۇ سىلەرنى سەگەكلەشتۈرىدۇ، ئۇيقۇڭلارنى ئاچىدۇ، قاراڭغۇ قەلبىڭلارنى يورۇتىدۇ. سىلەر بىلەمسىلەر، مېنىڭ ناخشام سىلەرگە نېمىدىن بېشارەت بېرىۋاتىدۇ؟! . . .

# ئانا قەسىدىسى

1

ئانا، سىز گويا قۇياشتىن ئاپىرىدە بولغان بىر نۇر دەرنىخسىز. زېمىن سىزنىڭ بۆشۈكىڭىز. سىز بۇ زېمىندا باراقسان بولۇپ ياشىدىڭىز، بىز ئاشۇ دەرەختىن بۇ دۇنياغا كۆز ئاچتۇق.

سىز مېنى «بالام» دەپ چاقىرغاندا، ۋۇجۇدۇم قۇياش سىماسىغا تولىدۇ.

2

سىز بۇلۇتلار قوينىنى يېرىپ چىقتىڭىز. سىز مېنىڭ كۆك ئاسمىنىمدا پارلاشقا باشلىدىڭىز. مەن بىر كىچىك يۇمران مايسا بولۇپ، سىزدىن مېھىر سورىدىم. سىز ماڭا قول ئۇزاتتىڭىز. مەن بارماقلىرىڭىزنى تۇتتۇم. شۇ چاغدا مەندە بىر روھ پەيدا بولدى. ئۇ روھ جەسۇرلۇق، غالىبلىق روھى ئىدى.

مەن ئۇ روھ بىلەن يېڭى بىر دۇنياغا مۇيەسسەر بولدۇم.
مەن شۇ روھ بىلەن مەنزىلىمگە ماڭىدىغان يولۇمنى تاپتىم.
سىز كارۋان بېشى. . .

3

مەن ئەقىل تېپىپ تۇنجى رەت بىر قارا تاغ باغرىغا كەلدىم.

ئۇ تاغ مېنىڭ بوۋام ئوتتۇن ئەكېلىدىغان قورقۇنچلۇق تىلسىمات دۇنيا ئىدى.

مەن تاغ باغرىدىكى بىر قۇش ئۇۋىسىنى كۆردۈم. ئۇ ئۇۋا تىك چوققىنىڭ بىر قاپتىلىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھايىتىمۇ مۇستەھكەم ئىدى. ئۇۋىدا بىر قۇشنىڭ ئۆز باللىرىغا دان بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

ئانا، سىز ئاشۇ ئانا قۇش ھەم بىر مۇقەددەس ئۇۋا، بىز شۇڭا ھېچنەرسىدىن قورقمايمىز. بىز چوڭ بولۇپ يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىمىز، لېكىن سىزدىن مېھرىمىزنى ئۈزەلمەيمىز. سىز بىزنىڭ ۋەتىنىمىز. . .

## 4

ئانا، مەن دەريا بويىغا كەلدىم. تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلار سىزنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىڭىز ئىدى. مەن ئاشۇ سۇلارغا قاراپ مېھرىڭىزنى ئەسلەيمەن.

دەريا — ۋەتەن، سۇ — سىز.

# قار

مەن يېپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك، يۆگەنسىز ئاتتەك، خىيالىي دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە ئويناپ يۈردۈم. دادام بىلەن ئانام مېنىڭ شوخلۇقۇمغا سۆيۈنۈپ مەندەك بىر ئوغلىدىن پەخىرلەندى.

قار ياغقان بىر سەھەر، بىز ساۋاقداشلار بىلەن دالىغا باردۇق، ئاپئاق قارلارنىڭ ئۈستىدە يۇگۇرۇشۇپ ئويناشتۇق، ئاپئاق قاردا ھەۋۋا ئانام بىلەن ئادەم ئاتامنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ ئوينىدۇق. بىر چاغدا دالىدىكى قار ماڭا ئاستا شىۋىرلىدى: «ئەي چېۋەر يىگىت، ئادەم كۆپ ھاللاردا ئۆزىنى بىلمەي قالىدۇ. سەن يىگىت بولۇپ قالدىڭ، باشقىلار سەندىن نېمە ئىش قىلالايسەن دەپ سورىسا، نېمىدەپ جاۋاب بېرىسەن؟ . . .» مەن پاك قارنىڭ بۇ سوئالىدىن ئويغىنىپ كەتتىم، دەل مەن ئويغانغان كۈندۈز قار ياغقان «يېڭى بىر كۈن» ئىدى. مېنىڭ قەلبىمگە قاردەك مۇھەببەت سىلجىپ كىرىشكە باشلىدى.

## گۈل ۋە شۇمبۇيا

گۈل قىزىمنىڭ لېۋىدەك چىرايلىق، شەپەقتەك گۈزەل، قوقاستەك قىزىل، ئەتىردەك خۇش پۇراق. ئۇنى زېمىندىكى ھەممە كىشى سۆيىدۇ، قەدىرلەپ بىر – بىرىگە سوۋغا قىلىشىدۇ، ئەتىۋارلاپ چېكىلىرىگە قىسىشىدۇ.

شۇمبۇيا قاغىدەك كۆرۈمسىز، چوشقا تېزىكىدەك قەدىرسىز. ئۇ زېمىننىڭ جىمى يېرىدە پالاستەك سۆرۈلۈپلا يۈرىدۇ... شۇڭلاشقىمۇ كىشىلەر ئۇنى گۈلدەك ئەزىزلىمەيدۇ.

مەن بۇ يەردە گۈلدەك ھەم شۇمبۇيىدەك ئادەملەرنىمۇ ئۇچرىتىپ تۇرىمەن. شۇڭا، ھامان كۆزۈمدە مۇھەببەت ۋە نەپرەت ئۇچقۇنى چاقنايدۇ...

# ساختا تەبەسسۇم

«ساختا تەبەسسۇم بىلەن جان بېقىۋاتقانلار ھاياتلىق ئالىمىدە ساناپ تۈگەتكۈسىز» . بۇ سۆزۈمگە بەلكىم ئاقىللار ئىشىنەر. ساختا تەبەسسۇم ئاتا قىلغان شېرىن ئۇيقۇدا مەستخۇش يۈرگەنلەر بەلكىم ئىشەنمەس.

ھاياتلىق دۇنياسىدا ھىيلىگەرلىك مەۋجۇت! ئەپتى ئادەمگە ئوخشايدىغان، بىراق كۆڭلى قارا، پەيلى يات ئادەملەر كۆڭلىدىكى قارىلىقنىڭ ئىزناسىنــــى يوشۇرۇش ئۈچۈن يۈزلىــــرىگە ساختا تەبەسسۇم پەردىسىنى ئارتىپ يۈرىدۇ، ئاشۇ نىقابى بولمىسا ئىدى، ئاللىبۇرۇنلا خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭ بەتبەشىرە قەلبى چېقىپ قالغان بولاتتى.

# قەترىلەر

## 1

سەمەندەر ئۆز تېنىنىڭ ئوت ئىچىدە كۆيۈپ كېتىشىدىن قورقىدىغان بولسا، ئوت ئىچىدە ياشىمىغان بولاتتى.
سەن ئۆلۈمدىن قورقامسەن، ئۇنداقتا جەڭ مەيدانىغا بېرىپ باق.

## 2

— سىلەر ئاسمان ـ پەلەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغلارغا قارىغىنىڭلاردا قانداق ھېسسىياتتا بولىسىلەر؟ — دەپ سورىدىم مەن پاكار ـ پاكار دۆڭلۈكلەرگە قاراپ.
دۆڭلەر مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب ئىزدەپ چەكسىز سۈكۈت دېڭىزىغا پاتتى.

## 3

سۆيگۈ قەلبىمدىن، قەلبىم سۆيگۈدىن تۇغۇلغان. روھىم ھەر ئىككىسىنى ياراتقان.

4

دېڭىز دولقۇنلىرى ھەر كۈنى يېڭىدىن ئېيتىلىپ تۇرىدىغان مۇقەددەس ناخشا.

5

مەن روھىيىتى باي بۇ ھاياتىمدا باشقا كىشىلەرنىڭ ماڭا ئىچ ئاغرىتىشىغا موھتاج ئەمەس، چۈنكى مەن ئاجىزلىق تونىنى كىيىپ باقمىدىم.

6

ھاياتىمنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ شېرىن، ئەڭ بەختىيار، ئەڭ غۇبارسىز چاغلىرى مېنىڭ سۆيگۈ گۈلىنى پۈرىغان چاغلىرىمدۇر. بۇ چاغ مەن بىر قىزنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتقان، ئۇ قىزمۇ مېنىڭ قولۇمنى مەھكەم تۇتقان شېرىن مىنۇتتۇر.

7

مەن ئۇنىڭغا قاراپ يىغلىدىم. ئۇمۇ ماڭا قاراپ كۆز يېشى قىلدى. مەن ئۇنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتسەم، ئۇمۇ ماڭا تەسەللى بەردى. مەن كۈلدۈم، ئۇمۇ ماڭا يېقىملىق تەبەسسۇم قىلدى. «مەن سىزدىن مەڭگۈ كۈلكە كۈتىمەن» دېدىم ئۇنىڭغا. ئۇ: «سىزمۇ يىغلىماڭ» دېدى. بىز مەھكەم قۇچاقلاشتۇق. بۇ چاغدا ئاي بۇلۇت ئارىسىدىن جامالىنى زېمىنغا يايغانىدى.

## 8

چۈشىدە مۇھەببەت چۈشىگەن ئادەم ياخشى ئادەمدۇر.

## 9

ئادەملەر مېنىڭدىن: «سەن قانداق كىشىلەردىن نەپرەتلىنىسەن؟» دەپ سورىدى. مەن: «ئالىيجانابلىقنى ھاسا قىلىپ، رەزىللىك ۋە پەسكەشلىك ناخشىلىرىغا خۇپىيانە رېتىمسورلۇق قىلىۋاتقانلاردىن» دەپ جاۋاب بەردىم.

## 10

مۇھەببەت — يۈرەكتىكى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت. ئۇ ئىككىنچى بىر شەخسنىڭ يۈرىكىگە تۇتاشقاندا چوغقا ئايلىنىدۇ.

## 11

مەن گۈزەللىكنى ئىزدەپ، ئۇيۇقتا تۇتىشىپ كەتكەن بىر دۆۋە ئەخلەتنى تىرناقلىرىم بىلەن تاتىلىدىم. بارلىقىنى ئويۇن - تاماشاغا تىكىپ قويغان ئادەملەر مېنى زاڭلىق قىلىپ تازا كۈلدى. مەن ئۇلارنىڭ كۈلكىلىرىگە پەرۋا قىلماي، ئەخلەتنى كولاۋەردىم. ئاخىر گۈزەللىكنى تاپتىم. ئۇ ئاشۇ بۇلغانغان ئالەمدىمۇ ئۆز پەزىلىتىنى نامايان قىلىپ، ئالتۇندەك نۇر تۆكمەكتە ئىدى. ئەتراپىمدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى زوقمەنلىك بىلەن بۇ نۇرغا قاراشتى...

12

مەن ئالەمنى ئايلىنىپ ئىككى مەخلۇقنى ئۇچراتتىم، ئۇلارنىڭ بىرى ئېشەك، يەنە بىرى چوشقا، ئۇلار خاراكتېرى جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ئەسلا ئوخشاشمايدۇ. چوشقا ھۇرۇن، ئەمما ھارماي يەيدۇ؛ ئېشەك بولسا ئاز يەيدۇ يۇ، كۆپ ئىشلەيدۇ. بۇ نېمىدېگەن تەڭسىزلىك ـ ھە!

13

بىز مۇھەببەتلىشىش ئۈچۈن سۆزلەشمەيمىز، پەقەت سۆزلىشىش ئۈچۈن مۇھەببەتلىشىمىز.

14

ئۆز ناخشىسىنى يۈرەكلىك ئېيتالمايدىغان كىشى ئۆزىنىمۇ قوغدىيالمايدۇ.

15

مەن شاۋقۇنلۇق ناخشىسىنى ئېيتىپ، كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ئېقىۋاتقان دەريادىن سورىدىم:

— سەن دائىم توختىماستىن ناخشا ئېيتىپ، شۇنداق شىددەت بىلەن ئاقىسەن، ھارغىنلىق ھېس قىلمامسەن؟ دەم ئېلىشنى ئويلىمامسەن؟

— شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، — دېدى ئۇ قانداقتۇر بىر خىل مەسخىرىلىك ئاھاڭدا كۈلۈپ، — ئارمانغا يەتمەي تۇرۇپ ئارام

ئېلىش ئۆزىنى ئۆزى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر مەن توختاپ قالسام قۇرتلاپ كەتكەن كۆلگە ئايلىنىپ قالمامدىمەن؟

ئەقىللىق گاچىلار مەززىسىز، ئەرزىمەس گەپ قىلىدىغان ناتىقلاردىن ئۇلۇغ!

16

گۈزەللىك بىزنى كۈلدۈرىدۇ. زىيادە گۈزەللىك بولسا بىزنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ ياكى جېنىمىزغا زامىن بولىدۇ.

17

قەلبىمدىكى سۆيگۈ قەلبىڭدىكى ئاشۇ جاراھەتتىن تۇغۇلغان. ئەي گۈزىلىم، سەن ئۇنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەسلىكىگە ئىشەن، ئۇ پەقەت سەن ئۈچۈنلا يارالغان!

18

ياش بىلەن كۈلكە ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ ھەشەمەتلىك قەسرىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھېلىھەم كۆركەم سارىيىمدا ياشاۋاتىدۇ.

نادانلىق — ئۆلۈم، ئەمما زامانىمىزدىكى يېڭى فىرئەۋن[1]لار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى تېخىچە سەزمەيۋاتىدۇ.

---

[1] فىرئەۋن — قەدىمكى مىسىر پادىشاھلىرىنىڭ نامى.

19

ئالىيجانابلىق ئۆز ماھىيىتىنى يوشۇرالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، مۇقەررەر ھالدا رەزىللىك ئۈلۈغلۇق بىلەن تەڭ تۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

20

ئىنسانلار ھاياتنى بىر كۈن سۆيمەيدىكەن، بىر كۈن ئۆلىدۇ؛ ئىككى كۈن سۆيمەيدىكەن، ئىككى كۈن ئۆلىدۇ؛ مەڭگۈ سۆيمەيدىكەن، مەڭگۈ ئۆلىدۇ.

21

مەن ئۆزۈمدىن ئىككى قېتىم نەپرەتلەنگەن: بىرىنچى قېتىم، بەخت شىرەسىدىكى شادلىق رىمكىلىرى چېقىلىپ، بۇ دۇنيانىڭ دورا ئىشىكىگە تۇنجى رەت قەدەم قويغىنىمدا؛ ئىككىنچى قېتىم، ئاشۇ ئىشىكتىن چىقىپ، يەنە شۇ بوسۇغىدىن ئاتلىغىنىمدا. . .

22

ئوتلۇق تەبەسسۇمدىن سۆيگۈ تىلىگەنىدىم، تەبەسسۇم ماڭا نەپرەت ئاتا قىلدى. مېنى سەۋدالىق كوچىسىغا ھەيدىگەن بۇ قانخورلاردىن يەنىلا مېھرىمنى ئۈزەلمەيۋاتىمەن.

## 23

خادا تاشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. مالچى بوۋامنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ چوڭقۇر دېڭىزلارغا يوشۇرۇنغان رەقىب ئىكەن، مەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش خىياللىرىنى سۇرۇپ، تۇن كۆكسىدىكى يارقىن يۇلتۇزغا ئايلىنىپ قالغىنىمنى سەزمەي قاپتىمەن.

## 24

مېنىڭ ھايات سەپىرىمدە ھالاكەتكە يولۇقۇشۇم ، روھىمنىڭ ناپاك بولغانلىقىدىندۇر.

## 25

گاچا ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ، سەن كۈلمە؛ توكۇر ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، سەن زاڭلىق قىلما. ساق تۇرۇپ ناخشا ئېيتمايۋاتقانلارغا كۈل، بېجىرىم تۇرۇپ ماڭمايۋاتقانلارغا مەسخىرە تېشىنى ئات.

## 26

مەن بۇرۇنقى زاماندا ئۆتكەن بىر دانىشمەننىڭ بىر پارچە كىتابىنى بىر قەدىمىي قەلئە خارابىسىدىن تېپىۋالدىم، ئۇنىڭغا ھاياتلىق توغرىسىدا مۇنداق گەپلەر يېزىلغانىكەن:

ھايات — ئېچىلمىغان غۇنچە، توزۇپ كەتكەن گۈل.
ھايات — ئەڭ چىرايلىق بەخت ھەم ۋەيران بولغان تەخت.

ھايات — شىۋىرغانلىق كېچە، دەھشەتلىك قارا بوران.
ھايات — باھار، ئالتۇن كۈز.
ھايات — قار.
ھايات — مۇز.
ھايات — يېقىملىق ناخشا.
ھايات — ۋاپادار ئاشنا.

مەن دانىشمەنلەرنىڭ بۇ بىر قاتار تەبىرلىرىگە قاراپ، ئىچىمدە: توغرا، ھايات ئەبەدىي توزىماس بىر غۇنچە، دېدىم.

## 27

مەن كۆچەت تىكتىم، كۆچىتىم زېمىنىغا گۈزەللىك ۋە خۇشبۇي ھىد چاچتى. مەن ھاياجان بىلەن ناخشىغا جور بولدۇم. ناخشام پەلەككە ئۆرلەپ، ئەتراپقا شادلىق بېغىشلىدى. زېمىنىدىكى جانلىقلار بۇ گۈزەللىكتىن ئورتاق بەھرىمەن بولماقتا ئىدى. مەن مۇشۇ تۇپراقتا ئاپىرىدە بولغانلىقىمدىن رازى ئەلۋەتتە، چۈنكى مەن ھاياتنى قەدىرلەيمەن.

## 28

مەن قەپەستە بىر بىچارە قۇشنى كۆردۇم. ئۇ بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى بىرەر قېتىممۇ ھالاۋەت رىمكىسىدا بەخت شارابى ئىچىپ باقمىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ يېنىغا باردىم، قەپەسنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. مەن ئۇ قۇشقا قاراپ «ئەي قۇش ئۇچۇپ چىق، تەڭرىنىڭ كۆكىدە پەرۋاز قىل» دېدىم. ئۇ سۇكۇتتە ئىدى. مەن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە سۈكۈت ئىچىدە قەبرىگە ئوخشاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ

كۆزىدىن بىر تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى. مەن ئۇنى ئۇچۇر ۋۇۋەتمەكچى بولۇپ قەپەسنىڭ ئىچىگە قولۇمنى ئۇزاتتىم. ئۇزاتتىم يۇ تۇرۇپ قالدىم، چۈنكى ئۇنىڭ پۇتىدا بىر ئالتۇن زەنجىر تۇراتتى. . .

29

ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا باشقىلارنىڭ قولىغا ئايلىنىپ، شۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نېمىدېگەن بەختسىزلىك - ھە!

30

بارلىق قايغۇلىرىم مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا زەھەرلىك يىلاندەك چىرمىشىۋالدى. ئۇلار مەندىن ئۆزلىرىنىڭ قانداق جانىۋار ئىكەنلىكىنى سوراۋېرىپ، مېنى سارالڭ قىلىپ قويايلا دېدى.

31

ھايات مېنى كۆلدۈرمەيدۇ، مەن ھاياتنى كۆلدۈرىمەن.

32

*ئۇ ناخشا ئېيتىدۇ، مەن ئۇنىڭ ناخشىسىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايمەن؛ مەن ناخشا ئېيتىمەن، ئەمما ئۇ مېنىڭ ناخشامغا ھەسەت ئوتلىرىنى چاچىدۇ.*

33

ھايات گۈزەل، چۈنكى ئۇ ھەر خىل رەڭلەردىن خالىي ئەمەس.

34

زېمىن ئانام يىغلايدۇ بالىسىغا قاراپ، بالا يۈرۈيدۇ يۈندا يالاپ.

# مېنىڭ ئانام — ئاشۇ قەلبى نۇر

دۇنيادا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ قايسى بىرى سۆيۈملۈك ئانا توغرىسىدا بىرەر پارچە ئەسەر يېزىپ قالدۇرمىغان! ؟ مەنمۇ شۇلارنىڭ ئىزباسارى سۈپىتىدە ھاياتلىق ئالىمىدىكى ئاشۇ قۇياش سۈپەت ئانىلارنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ باقماقچىمەن.

*　　*　　*

ئانا، مەن باغرىڭنى يېرىپ چۈشكەندە قانچىلىك شادلانغان بولغىيتتىڭ؟ ! كۆكسۈڭدىن ئاپئاق سۈت بېرىپ، ئارزۇ - ئارمانلىرىڭنى ئەللەي ناخشىسى قىلىپ ئېيتىپ، قانچىلىغان تۈننى تاڭغا ئۇلىغان بولغىيتتىڭ! ؟

مانا سېنىڭ جاپالىق ئەجرىڭدە ئۆسۈپ چوڭ بولدۇم. سەن بوينۇمغا يېڭى جىلتىنى ئېسىپ مەكتەپكە ئۇزاتقان چېغىڭدا: «مانا، مېنىڭ ئوغلۇممۇ چوڭ بولدى، ئوقۇيدۇ، ئالىم بولىدۇ، شائىر بولىدۇ» دەپ ئەركىلىتىپ مەڭزىمگە سۆيدۈڭ، مەكتەپكە ئۇزىتىپ قويۇپ، قارام يىتكىچە ئارقامدىن قاراپ قالدىڭ. «ئانا! ئانا! گالستۇكۇمنى ئېسىپ قويۇڭچۇ، بۈگۈن بىزنىڭ پىئونېرلار پائالىيىتى كۈنىمىز» دېگىنىمچە تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولۇپ، ئائىلىدىكىلەرنىڭ بىر دۆۋە كىر - قاتلىرىنى يۇيۇۋاتقان ئانامنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇ قولىنى چېلەكتىكى سۈزۈك سۇ بىلەن چايقىۋەتتى - دە، ئاللىبۇرۇن يۇيۇپ، دەزماللاپ قويغان گالستۇكۇمنى بوينۇمغا ئېسىپ قويۇپ:

— سەن كىملەرنى ھەممىدىن بەكرەك ھۆرمەت قىلىسەن بالام؟ — دەپ سورىدى.

— بىلىم بەرگۈچى مېھرىبان ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلارنى، —

دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ كۈلۈپ قويدى. بۇ ئانامنىڭ مەندىن ھەر كۈنى سورايدىغان سوئالى ئىدى.

مەن مەكتەپكە كەتتىم، كۆڭلۈم يەنىلا ئاشۇ باغرى يۇمشاق، قەيسەر ئانامدا ئىدى. مۇئەللىم دەرستىن قايتىدىغان چاغدا بىزدىن سوراپ قالدى.

— سىلەر ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك نەرسە نېمە؟

— ئۇستازلار، — دەپ چۇرقىراشتۇق ھەممىمىز.

— شۇنداق، — دېدى مۇئەللىم خۇددى ئانامدەكلا كۈلۈپ قويۇپ، — ئاتا - ئانا سىلەر ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك. ئانا بولسا ئۇ بىپايان مېھرى - مۇھەببەت دېڭىزى، سىلەر ئائىلەڭلەردە ئۇلارنى ھۆرمەتلەڭلار، ئىشلىرىغا ياردەملىشىڭلار، ئانا دۇنيادا مۇقەددەستۇر.

* * *

ئالىي مەكتەپنىڭ چاقىرىق قەغىزى قولۇمغا تەگكەن كۈنى خۇشاللىقىم يۈرىكىمگە پاتماي يۈگۈرگەن پېتى ئۆيگە كىرسەم، ئانام يەنە كىر - قات يۇيۇۋاتقانىكەن. مەن ئۇنى كۆتۈرۈۋالدىم، ھەيران بولغان مېھرىبان ئانام ماڭا مەنىلىك قارىدى، مەن ئۇنىڭغا ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى سۆزلىۋىدىم، ئۇ يوغان، ئويچان كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى. ئۇنىڭ تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىقى كۆزى بىلەن لەۋلىرىدە ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئانا يىغلىماڭ، مەن ئوقۇپ ئۆز خەلقىم ئۈچۈن ئالىم بولىمەن. سىزنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىڭىزنى ھەرگىزمۇ يەردە قويمايمەن، — دېدىم. ئۇ مېنى مەھكەم باغرىغا باستى، خۇددى بوۋاق مەزگىلىمگە ئوخشاشلا. . .

* * *

ئوقۇش تۈگەپ يۇرتقا قايتتۇق. سۆيۈملۈك ئانامنى كۆرۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولغانلىقىم ئۈچۈن يۈرەكلىرىم خۇشاللىقتىن تېپچەكلىمەكتە ئىدى. ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ كىردىم. ئانام

دۈمچەيگەن پېتى كىر يۇيۇۋاتاتتى. ئۇ مېنى كۆرۈش بىلەنلا ئورنىدىن ئاستا تۇردى - دە، «ئاھ... بالام!» دېگىنىچە ئۆزىنى ماڭا تاشلاپ، خۇددى بالىلىق چاغلىرىمدىكىدەك بېشىمنى يۇمشاق سىلىدى، مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۇزاق كۆز يېشى قىلدى.

— يىغلىمىغىن ئانا، مەن سېنىڭ تۆھپەڭ، سەن ھاياتلىق ئالىمىدىكى تۆھپىكار جەڭچى.

* * *

مانا ئەمدى ئانىسىز ياشاپ، بىر جۈپ قانىتىمدىن ئايرىلغاندەك بولۇپ قالدىم. ئاشۇ سۆيۈملۈك ئانام مېنىڭ ئىلھامچىم، تاغدەك يۆلەنچۈكۈم، جاپا - مۇشەققەتتە ياردەمچىم ئىدى. ئۇ بۇ پانىي ئالەم بىلەن خوشلاشتى. باقىي ئالەمدە راستىنلا جەننەت بولىدىغان بولسا، بەلكىم ئۇ جەننەتتىن ئورۇن ئالغاندۇ.

مەن ئاشۇ باغرى ئاتەش، قەلبى نۇر مېھرىبان ئانامنىڭ ئەجرى ئۈچۈن نېمە قىلىپ بېرەلىدىم!؟ پەقەت كۆز ياشلىرىم بىلەن نەمدەلگەن بۇ گۈلدەستىنى قەبرىسىگە قويدۇم، خالاس. جېنىم ئانا، مەن ئۈچۈن سىڭدۈرگەن قان - تەرىڭ ئۈچۈن رازى بول.

ئاھ...! ئانىلار، سىلەرنىڭ سېخىيلىقىڭلارنى قۇياشقا؛ مېھرى - مۇھەببىتىڭلارنى دەرياغا؛ تەبەسسۇمىڭلارنى باھارغا؛ كۆز يېشىڭلارنى غۇبارسىز ۋە سۈزۈك تاغ سۇلىرىغا ئوخشىتىمەن. مىڭلىغان - مىليونلىغان ئوردېنلار سىلەرگە مەنسۇپ.

# قېرى دەرەخ

ئۆيىمىزنىڭ ئالدى چەكسىز ئورمانلىق ئىدى. دادام ئادەتتە كەمبەغەل ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بولغاچقىمىكىن ، داۋاملىق بۇ ئورمانلىقتا بېرىپ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان دەرەخلەرنى كېسىپ ئەكېلىپ، نامرات، ئاجىزلارغا ئوتۇن قىلىپ بېرەتتى. قولۇم ـ قوشنىلار بىزنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى.

بىر كۈنى مەن دادام بىلەن ئورمانغا باردىم. ئۇ يەردىكى سانجاق ـ سانجاق ئورمانلار مېنى ھەيران قالدۇردى. مەن قېرىپ ھالىدىن كەتكەن بىر قېرى دەرەخنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇم. ئۇ شۇنداق چوڭ ئىدىكى، چوڭ ئادەملەرنىڭ غۇلچى ئاران يېتەتتى، ھەر تەرەپكە سوزۇلغان شاخلار ئەتراپقا قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى.

دادام دەرەخنىڭ قۇرت يەپ كەتكەن غولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «ئېھ، دەرەخ! يىلتىزىڭ مۇستەھكەم بولغاچقا ھېچنېمە بولماپسەن، يىللار بورىنى جىسمىڭغا چوڭقۇر قورۇقلارنى سالغان بولسىمۇ، ھاياتىي كۈچۈڭ يەنىلا بەرق ئۇرۇپ تۇرۇپتۇ» دېدى.

دادامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى ـ دە: «دادا، سىزمۇ شۇنداق بىر قېرى دەرەخ!» دېدىم.

# شېرىن خىيال

مەن مەست بولۇپ قاپتىمەن. مەن مەست بولۇپ قالغاندىلا ئۆزۈمنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىمنى بىلمەيلا قالىمەن. ئەنە شۇ چاغدا ئۆز - ئۆزۈمگە «ھەي، سەن كىم؟ سەن نەدىن كەلدىڭ؟ كىمدىن تۇغۇلغان بىر نېمە سەن؟» دەپ سورايمەن. بىراق ، مەن ئۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەي يەرگە باققىنىمچە سۈكۈتكە پاتىمەن.

مەن مەست بولۇپ قاپتىمەن. مەن مەست بولغاندىلا تاتلىق شېرىن خىيالغا ئەسىر بولىمەن. شېرىن خىيال مېنى قىزدەك ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ. مەن ئاشۇ شېرىنلىك ئىچىدە ئۆز تېنىمنىڭ يۇندا ئازگىللىغا چىلىنىپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن.

ھەي، شېرىن خىيال. . .

# ئېھ، يىراقتىكى مەيىن سابا

ماشىنامنىڭ ئىچى بەك ئىسسىپ كەتتى. مەن ماشىنىنىڭ دېرىزىلىرىنى ئېچىۋېتىپ سەپىرىمنى داۋام قىلدىم. بىراق، ئىسسىق شامالدىن باشقا سالقىن شامال كىرمىدى. مەن ماشىنامنى توختاتتىم.

يول، چۆل، قاقشال دەرەخلەر، سۇسىز ئېرىقلار، مەن ئاشۇ ماكاندا قالدىم. ئەتراپقا قارىدىم. نەگىلا باقسام ئاشۇ تاقىر هايات...

ئۇسسۇزلۇق مېنى قىيىنىدى. پېژغىرىم ئىسسىق تېنىمدىن ئۆتۈپ جېنىمغا يەتتى. مەن ئوت كېتىۋاتقان يۈرىكىمنى تەسكىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن سۇداننى ئالدىم. ئۇنىڭدىمۇ ئوتتەك قىزىق سۇ بار ئىدى. ئۇ ئاغزىمنى كۆيدۈردى.

مەن ئوت ئىچىدە قالدىم. ھەممىلا يەر تونۇردەك ئىسسىق، تۇرمىدەك دىمىق ئىدى. مەن قىيىن سوراقتا دۇچ كەلگەن جىنايەتكاردەك تەرلەپ، تەپچىپ كەتتىم، كىيىم - كېچەكلىرىم سۇغا چۆشكەندەك ھۆل ئىدى. مەن يەرنىڭ شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇب ياقلىرىغا تىكىلدىم. ئۇ يەردىمۇ شامال، مەيىن سابا كۆرۈنمەيتتى. مەن قۇمغا تىزلىنىپ تەڭرىگە يىغلىدىم.

ئېھ، يىراقتىكى مەيىن سابا...

# جىمجىت تۈننىڭ سالقىن شامىلى

سىز تۈننى كۆرۈمسىز دەپ ئېيتالمايسىز. چۈنكى، تۈن شېرىن ھاياتنىڭ ئەڭ گۈزەل ناخشىسى ئوقۇلىدىغان چاغ. ئاجايىپ كۈلكە، ئالەمچە شادلىق ، دۇنيادىكى بارلىق لەززەت، ئاشۇ چىرايلىق تۈننىڭ قوينىدا. . . ئادەم، دەرەخ، ئورۇندۇق. سىز تۈندەك ئەڭ پاك، سالقىن مەيىن ساباغا تەشنا يۈرىكىڭىز بىلەن يىراق ـ يىراقلارغا نەزەر كۆزىڭىزنى تىكىسىز.

ئۇ يىراقتىن كېلىدۇ، سىزنى سۆيىدۇ، سىزمۇ ئۇنى باغاشلايسىز.

ساھىبجامالنىڭ كۈلكىسىدەك كەچكى شەپەق شىردەك كۈلگىنىچە تۈن قوينىغا مۆكۈندى.

سىز جىمجىت تۈننىڭ سالقىن شامىلىنى كۆردىڭىز. ئۇ ئەتراپنى ئورىۋالدى، ئەتراپقا ئىپار ھىدى چاچتى. ئەتراپقا مۇھەببەت، سۆيگۈ گۈللىرىنىڭ خۇشپۇرىقى تارىدى. سىز قۇياش نۇرىدەك كۆزىڭىزنى يۇمۇۋالدىڭىز. . . بەخت سىزنى ئەسىر قىلدى، سىز مۇھەببەتكە قۇل بولدىڭىز.

تاغ باغرىدىكى كىچىك بىر گۈلزارلىقتا سىز بىر ساھىبجامال شامال بىلەن كۆرۈشتىڭىز. سىز ئۇنى، جىمجىت تۈننىڭ سالقىن شامىلى، دەپ چاقىردىڭىز.

# بۇلۇت

سەن بەخت ئىچىدىكى ھايات. سېنى يىراقتىن ئەگىپ كەلگەن يۇمران سابا سۆيۈپ قويىدى. سەن كۆزلىرىڭنى يۇمۇۋالدىڭ. ئەنە شۇ چاغدا بىر پارچە بۇلۇت ساڭا شېرىنلىك بېغىشلاپ، سېنى خامۇش ھالەتكە ئەكېلىپ قويىدى. سەن بىر خىل لەززەت ئىچىدە بەختنى كۆردۈڭ. ئۇ سېنىڭ چۈشۈڭ ئەمەس.

سەن شۇنداق خۇشاللىقنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىسەن. ئۇ سېنىڭ قەلبىڭ. لېكىن، ئىنسان دېگەن شەيتانغا مەڭگۈ يار بولمايدۇ.

سەن دالىغا چىقتىڭ، ئۇ يەردىكى گۈلنىڭ خۇش ھىدى سېنى ئازراقمۇ جەلپ قىلالمىدى. چىرايلىق ئېچىلغان گۈللەرمۇ سېنى ئويغىتالمىدى. سەن ئەتراپقا باقتىڭ، بىر پارچە بۇلۇتنىڭ سۆيۈشىنى ناھايىتىمۇ ئارزۇ قىلاتتىڭ...

# تەسىرات دېڭىزىدىن ئۇنچىلەر

## نادان ۋە تەخسىكەش

ئۇ ئۇخلىغاندا مۇشۇكنى كۆرگەندەك بولىمەن. ئۇ ئويغانغاندا ئىتنى كۆرگەندەك بولىمەن.

## ئىناقلىق

ئادەملەر يۇلتۇزدەك ياشاشنى بىلگەندە ئاندىن قۇياشقا ئايلىنالايدۇ.

## خىتاب

قۇملار بېسىۋاتىدۇ، تەكلىماكان يىغلاۋاتىدۇ. . .

## ياش

ئۇ يۈرەكنىڭ خۇنى، بارلىق ساپ ھۇجەيرىلەردىن ھاسىل بولغان تامچە. ئۇ ئازاب ۋە خۇشاللىقتىن ئاپىرىدە بولىدىغان ئەڭ مۇقەددەس نۇر.

## گۈزەللىك

ئۇ يۇندا ئازگىلىدىمۇ نۇر چېچىپ تۇرالايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئىگىسى كۆپ.

## مۇھەببەت

مەن بىر قىزنى ھاياتىمنىڭ بىر ئۆمۈر مەھبۇسى سۈپىتىدە سۆيدۈم. ئۇمۇ مېنى لەيلى كەبى سۆيدى.
بىز بۇ ئەرزىمەس ھاياتنى گۈزەللىككە پۈركىدۇق. دانىشمەن بىزدىن: «سىلەرنىڭ مۇھەببىتىڭلار قەيەردە؟» دەپ سوراپ قالدى. بىز تەڭلا: «ئۇ تېخى تۇغۇلمىدى» دەپ جاۋاب قايتۇردۇق. دانىشمەن كۈلۈپ كېتىپ: «مۇھەببەت — ئۇ پەرزەنت» دېدى.

## سۇ

ئۇ يەردىكى نۇر. ئۇ ھاياتلىقنىڭ ھاياتى. سىز ئۇنىڭ بىلەن ھايات.

## ھەقىقەت

بىر قەسىر، ھەيۋەتلىك بىر قەسىر، روھىم ئۇنىڭدا تۆرەلدى. ھازىر بېجىرىم، ئوماق چوڭ بولۇۋاتىدۇ.
بىراق، ۋۇجۇدۇم ھىجران بۆشۈكىگە تېڭىقلىق... بەلكىم روھىمنى چوڭايتىۋاتقان يەنىلا شۇ ھىجران سۆيگۈسىمىكىن؟

## پەزىلەت

پەزىلەت — گۈزەللىك تاجىسى. ئۇنىڭ جۇلاسى بەخت، ئۇ دەشت ـ باياۋاندا بولسىمۇ، مەن يەنىلا ئۇنى سۆيىمەن.

## ئۆمۈر

تۈنۈگۈن مەن كۈلۈپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتقانىدىم. بۈگۈن يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتىۋاتىمەن. ئەتىچۇ؟ . . .
تەسەۋۋۇر كۆزلىرىم بەكمۇ ئاجىزلاپ كەتتى. ئاھ، مەن ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.

## ناتىق

بىر ناتىق ئادەملەر توپلاشقان سورۇندا توختىماستىن ھەقىقەت ئۈستىدە سۆز ئېچىۋىدى، كىشىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. مېنىڭچە، ئۇ ھەقىقەت ئىشىكىنى چەككەنىدى.

## ئاسمان

يامغۇر ئاسماننىڭ كۆز يېشى، ئاسمان غەزەپلەنگەندە ياش تۆكىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئاجىزلىقى ئەمەس.

## ئاگاھلاندۇرۇش

ھەقىقەت — بوۋاقتەك پاك، سۇبھىدەك گۈزەل، ئۈپۈقتەك يارقىن، قۇياشتەك نۇرلۇق.
كىمكى تۆھمەت سىرتمىقى بىلەن ھەقىقەتنى بوغۇشقا

ئورۇنىدىكەن، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇمۇ ئۆزىگە ئوخشاش كىشىلەر تەرىپىدىن بوغۇلۇشقا ئۇچرايدۇ.

## لەش ۋە نىلۇپەر

ئېقىن دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئىككى كۆل بار. بىرى نىلۇپەر كۆلى، يەنە بىرى لەش كۆلى. نىلۇپەر كۆلىگە سۇ كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدۇ، شۇڭا چىرايلىق ئېچىلغان نىلۇپەرلەر قەلبلەرگە گۈزەللىك بەخش ئېتىدۇ. لەش كۆلىگە بولسا دەريا سۈيى كىرىپ ـ چىقىپ تۇرمايدۇ، شۇڭا بۇ كۆل سېسىق ھەم بەتبۇي.

نىلۇپەر كۆلىدە بېلىجانلار ئەركىن ـ ئازادە شۇڭغۇيدۇ، لەش كۆلىدە بولسا پاقىلار بىر ـ بىرىنى قىستىشىپ، بىر ـ بىرىنى يەپ ياشايدۇ.

## ئىت ۋە سۆڭەك

ئىت:

— ھەي بىچارە تاشلاندۇق سۆڭەك، مېنىڭ ساڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ، — دەپتۇ.

سۆڭەك:

— نېمە ئۇچۇن ماڭا ئىچ ئاغرىتىسەن؟

ئىت:

— ئادەملەر ئۇستۇڭدىكى تېرەڭنى سويۇۋېلىپ سېنى يالىڭاچ تاشلاپ قويىدۇ. سېنىڭ ئاشۇ بىچارە قىياپىتىڭگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، — دەپتۇ.

سۆڭەك:

— مېنىمۇ ئادەملەر سېنىڭ بىچارە ھالىتىڭگە قاراپ تاشلاپ

قويىدۇ، سىڭىلچە بولغاندا ئۇستۇمدىكى تېرەمنى سويمايلا تاشلاپ بەرسە ياخشى بولاتتىمۇ، — دەپتۇ.

## ئانا

مەن ھاياتلىق دۇنياسىدا بىر دېڭىزنى كۆردۈم، مانا ئۇ — ئانا.

# نۇر گۇلدەستىسى

1

ئەي دىلبىرىم، سەن گۈزەل، مەن بۇلبۇل، مېنىڭ ئاشىقلىق شېخىغا قونۇۋېلىپ چاڭىلداپ سايراۋاتقانلىقىمنى ھەربىر قېتىم كۆرگىنىڭدە قانداق ھېسسىياتتا بولىسەن؟ مەن مەڭگۈلۈك مۇھەببەتنىڭ قۇلى.

2

خىلۋەت بىر باغچىدا يانمۇ يان كېتىپ بارىمىز. ئارىلىقىمىز پەقەت بىر مېتىر. دىلبىرىم ئېيتقىنا، قەلبىمىزدە بىر سانتىمېتىرچە ئارىلىق مەۋجۇتمۇ؟

3

ئەي دىلبىرىم، سەن گۈزەل، بۇنىڭغا كۆز يۇممايمەن، بىراق ماڭا گۈزەللىك توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەلمەيۋاتقانلىقىڭغا ئەپسۇسلىنىمەن.

4

گۈلزارلىق ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرەتتىم. بىر بۇلبۇل ماڭا «سەن نېمە ئۈچۈن مېنىڭ سۆيگەن گۈلۈمنى پۇرايسەن» دەپ خاپا بولدى. مەن گۈلدەك قىزارغان يۈزۈمنى يەرگە قارىتىپ كېتىپ

قالدىم.

5

بىر سۆزۈڭ بىلەن ئۆلدۈم، بىر سۆزۈڭ بىلەن تىرىلدىم. مەن ساڭا مەڭگۈ ئېتىقاد قىلىمەن.

6

سۆيۈملۈكۈم بىلىپ قالغىن، كۆلكەڭدىن شادلىنىمەن، بىراق يىغاڭدىن چەكسىز ئازابلىنىمەن.

10

تۈن. ئايدىڭ كېچە.

سەن تولۇن ئايغا قاراپ ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ماختىدىڭ، مەن يېنىمدىكى گۈزەل ئايغا قاراپ ئۇنىڭ تەڭداشسىزلىقىنى ماختىدىم.

11

مەن سېنىڭدىن «مۇھەببەت»تىن باشقىنى كۈتمەيمەن.

12

تۈندىكى خىيال — تاڭدىكى ۋىسال.

# مەن شۇ

## 1

كۈندۈز ئاخىرلىشىپ قالاي دېدى. قىزغۇچ شەپەق نۇرلىرى دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ يۈزىنى سىيپاپ ئۆتۈپ كەتتى. ناماز شام قۇشقىچى ئۇۋىسىنىڭ يېنىدا بالىلىرىغا چۆچەك ئېيتىپ بېرىۋاتىدۇ. قۇياشنىڭ ئاداققى ناخشىسىمۇ بىزدىن خېلىلا يىراقلىشىپ كەتتى.

گۇگۇم چۈشتى. سېنىڭ مېنى چاقىرغان ئاۋازىڭ نامرات كۆلبەمنىڭ ئىشىكىنى چەككەندە مەن چەكسىز خىيال ئىچىدە سېنى ياد ئېتىۋاتاتتىم. مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم، بىراق ئىشىكنى ئېچىشقا مادارىم يوق. قولۇمنىڭ بارماقلىرى ئىختىيارسىز ئىشىك زەنجىرىگە ئۇرۇلدى. ھەرقانچە ئۇرۇنساممۇ ئىشىكنى ئاچالمىدىم. سېنىڭ مېنى چاقىرغان ئاۋازىڭ قۇلاق تۈۋىمدە تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلاندى. ماغدۇرسىزلاندىم. بىر خىل ئازاب قەلبىمدىكى يارىنى قاناتتى. كۆزۈمدىكى ياش زېمىننىڭ مەگزىنى يۇيۇپ، تېرەن قاتلاملىرىغا سىڭىپ كەتتى. مەن سېنىڭ ئاۋازىڭدىن پۈتۈنلەي ھوشسىزلاندىم.

مېنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلمە جېنىم. چۈشۈڭدە كۆرگەن غۇۋا چىغىر يولنىڭ ئاخىرقى دوقمۇشىغا بارساڭ، قېرى سۆگەتنىڭ ئاستىدا ئۇستۇۋېشىنى كىر قاپلىغان، چاچ ـ ساقىلى ئۆسۈپ تىزىغا چۈشكەن بىر بوۋاي بار. ئۇ خان ـ خاقانلار پۈشتى، پەيغەمبەرلەر نەسەبىدىن. سەن ئۇنىڭغا قولۇڭنى ئۇزات. ئۇ ساڭا سەن ئارزۇ

قىلغان مۇھەببەتنى بېرىدۇ. ساڭا ئاشۇنداق بۈيۈك مۇھەببەتنى ھەدىيە قىلغان ئاشۇ بوۋاي مەن شۇ.

## 2

مېنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلمە جېنىم. جىمجىت ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى تاقاپ قويۇلغان، زەنجىرى ئېلىنغان. بۇ يەرگە ئېزىپ قالغان شامالمۇ، غېرىب ئاسماننىڭ غېرىب قۇشلىرىمۇ كىرەلمەيدۇ. بۇ يەردە تەنھالىق مەڭگۇ ھۆكۈم سۈرگەن.

مەن سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلىدىم. سېنىڭ ئاۋازىڭ مىليون ئاۋازلار ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ بۈيۈك ئاۋاز. مەن ئاشۇ لىرىك ئاۋاز ئىچىدە يەنىمۇ شېرىن ھەم بەختلىك ياشايمەن.

مەن ئىشىك يوچۇقىدىن ئاستا قارىغىنىمدا، سەن مېنىڭ سۆيۈپ باققان قۇشۇمنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپسەن. قۇشۇم ساڭا بىر نېمىلەرنى دېدى، بىراق سەن چۈشەنمىدىڭ، پەقەتلا چۈشەنمىدىڭ. ئۇ ساڭا يەنە ئۇزاقتىن - ئۇزاق شېرىن گەپلەرنى قىلدى. سەن يەنىلا مېنىڭ ئىشىكىم تەرەپكە قارىغىنىڭچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردۇڭ. ياشلىرىڭ كۆزلىرىڭدە يالتىرىدى.

مېنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلمە جېنىم. سەن تەنھا قۇشۇمنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭ. ئۇ سېنى مەن بار يەرگە باشلاپ بارىدۇ. ئۇ يەردە سۈكۈت يوق. ئۇ يەر مىغ - مىغ ئادەملەر دۇنياسى. ئۇ يەردە ئادەملەر ئادەم گۆشى ساتىدۇ. ئۇ يەردە بالا ئاتىسىنى، ئاتا بالىسىنى تونۇمايدۇ. ئادەملەر بىلەن ھايۋانلار ئارىلىشىپ كەتكەن. ئۇ يەردە كىشىلەر قاندا قولىنى يۇيۇپ، ناشتىلىق قىلىدۇ. ئەڭ سەت، رەزىل گەپلەر ئۇ يەردە مېڭىگە قان چۈشۈرىدۇ. ھاياتلىق ئۆركەشلەپ چۇقان كۆتۈرۈۋاتقان ئۇ يەردىكى ھېلىقى يوقسىز، نامرات يىگىت مەن شۇ.

3

مېنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلمە جېنىم. ھەممە ئۈچۈن سىرلىق بۇ قەسىر ھەممە ئۈچۈن ناتونۇش. بۇ يەرنىڭ تاملىرى قان ـ قان يىغلايدۇ. بۇ يىغا مېنىڭ قەلبىمنىڭ خۇنۇك كۆزلىرىدىن ئوخچۇپ چىقىدۇ.

سەن كۆرۈۋاتىسەن، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن دەرىخىم ئۈششۈك تەگكەن مەزلۇم يوپۇرماقلىرىنى ساڭا كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئەمدىلا ئانا تېنىدىن تۇغۇلغان بىخ، يۇمران مايسىلار بۆشۈكىدە تۇنجۇقتۇرۇلدى. بۇ قارا تەقدىر، قارا قىسمەتنى سېنىڭ ئاجايىپ نۇرلۇق كۆزلىرىڭ تەرك ئەتمىدى. سەن ھەممىنى كۆرۈۋاتىسەن. سېنىڭ ئاشۇ كۆرۈۋاتقىنىڭ، سېنىڭ سۆزلەۋاتقىنىڭ مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىكى يوقىلىش، سەن كېتىۋاتقان، مېڭىۋاتقان يولدىكى قورقۇنچلۇق تراگېدىيە.

مېنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلمە جېنىم. سېنىڭ مۇھەببىتىڭ ئۇلۇغ ئەسلىمىگە، ھەسرەتلىك كۈي، لىرىك شېئىرلارغا سىڭسۇن. ئاجايىپ جەڭگىۋار مەزمۇن سىڭگەن، جۇشقۇن ناخشىلىرىڭ كۆكنى يېرىپ ئۆتسۇن. سەن مەردانە قەدەملىرىڭنى دادىل يۆتكەپ سەپەر قىلغىن، بۇ سەپىرىڭدە سەن ئەقىل تاپىسەن، قەلبىڭدىكى ئويغاق قۇشلىرىڭ تېخىمۇ يۇكسەك قانات قاقىدۇ، سولىشىپ قالغان يۇمران گۇللىرىڭ تىرىلىدۇ.

مېنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلمە جېنىم. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىغا قايغۇ ئارىلىشىپ كەتكەن. ھاياتىمنىڭ باش ـ ئاخىرى، ساڭا تونۇش ھەم ناتونۇش بولغان بۇ يەردە ئاستا ـ ئاستا نەپەس ئېلىۋاتىدۇ. ئۇ پۈتۈنلەي ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. مەن سەندىن ھېچنېمىنى يوشۇرمىدىم ھەم ئازراقمۇ قالدۇرۇپ قويمىدىم. سەن مەن ئۈچۈن گۇمانلىق ئادەم ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى ساڭا ھەممىنى

دېدىم.

پادىچى قويلىرىنى ھەيدەپ بىر قورغاننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتاندا قويلىرى يۇت ـ قولى زەنجىرلەنگەن بىر قۇلنىڭ جۇلجۇل تۇرقىدىن قورقۇپ ھەر تەرەپكە قېچىشتى. ھېلىقى قۇل پادىچىغا مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ قورغاننىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

مېنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلمە جېنىم. سەن غېرىب پادىچىنىڭ يالغۇز ھۇجرىسىغا ئىزدەپ بار. پادىچى يىگىت ساڭا ئۆزىنىڭ ھاقارەتلىك قەلبى بىلەن مېنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. ئۇ كۆرسىتىپ قويغان ئادەم پۇت ـ قولى زەنجىرلەنگەن قۇل دەل مەن شۇ.

4

بىئارام بولۇۋاتىمەن. مۇھەببىتىم غەزەپ تۇپەيلىدىن تېخىمۇ قىزغىنلاشتى. تونۇگۇنكى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئېرىقىمىدىكى لاي سۇلار ئېقىپ كەتتى. مېنىڭ كۈتكىنىم جىمجىت كوچىنىڭ ئاخىرىدىكى يەرگە كېلىپ توختىدى. مەن ئۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن ئوتلۇق سۆيۈشتۇم. ئۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆزۈمدىن غايىب بولدى. سىرلىق تۇمان ئۇنى ئۆز باغرىغا ئېلىۋالغانىدى. مەن ئۇنى ئىزدەپ ئارقامغا ئۆرۈلدۇم . ئۇ كۆرۈنمەيتتى، پەقەتلا كۆرۈنمەيتتى.

مېنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلمە جېنىم. مېنىڭ دەرىخىمنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا ئويناۋاتقان شاماللارنىڭ كەينىدىن يۈگۈر. ئۇ شاماللار سېنى مەن بار يەرگە باشلاپ بارىدۇ. ھېلىقى بۇيۈك نەرسىنى ئىزدەپ يۈرگەن چەۋەنداز دەل مەن شۇ.

## 5

گۈگۈم چۈشتى، كېچە يېقىنلاپ بوسۇغا تۇۋىگە كېلىپ قالدى. مەن ئۈمىدكە تولغان كۆزلىرىمدە بۇلۇتلار باغرىغا مۆكۈنگەن تولۇن ئاينى ئىزدىدىم. ئۇ بىر پەستىن كېيىن ئالتۇن نۇرلىرى بىلەن پارلىدى.

ئات تۇۋىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ يىراقتىن بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى. ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىن ئىتتىك ئۆتۈپ كېتىپ، ھەش - پەش دېگۈچە غايىب بولدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئىككىنچى رەت ئاڭلانمىدى.

مېنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلمە جېنىم. سەن گويا بىر تارتىنچاق قۇشتەك قىزغىن مۇھەببەت بىلەن قەلبىم دەرىخىدە مەڭگۈلۈك ئارمان بىلەن سايراشنى ئارزۇ قىلىسەن. مەنمۇ سېنىڭ ئۈمىدكە تولغان ناخشىلىرىڭنى مەڭگۈ ئاڭلاشنى خالايمەن. مامۇقتەك يۇمشاق قۇچىقىڭدا ئەللەيلىنىشنى، چەكسىز سۆيۈلۈشنى ئارزۇ قىلىمەن.

مېنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلمە جېنىم. مېنى سەن ھەر قەدىمىڭدە ئۇچرىتىسەن. مەن ئۆزۈمنى مەڭگۈ يوشۇرۇپ ئالالمايمەن. مەن بۇ تۇپراقنىڭ ھەممە يېرىدە بار. كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ قارا. قۇلىقىڭنى سەگەك تۇت. گەپ - سۆز ۋە سۇكۇتلىرىمنى تېخى سەندىن يوشۇرمىدىم.

## 6

بۇ ئۇيقۇلۇق زېمىندا ياقۇت لەۋلەردەك شېرىن قەدەھنى كۆتۈرۈۋاتىمەن.

قۇشلارمۇ ئۆز جاملىرىدا شاراب ئوتلاۋاتىدۇ. بەختسىز

ئايالنىڭ تۇرقىدەك غېرىپ يېزا يوللىرىدا دېھقان بالىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. مەن مەيۈسلۈك ئىچىدە ئۇ تەرەپكە قارايمەن.

ئاخىرقى سۆزلىرىمنى سۈكۈت بىلەن ئېيتاي، ئۇ سېنىڭ قەلبىڭگە تەنھا قۇشۇمدەك ئۇچۇپ بېرىپ قونغاندا، مەن مەڭگۈلۈك ئارام تاپىمەن. قارا كېچە ھەرقانچە زۇلمەت بولسىمۇ مەڭگۈلۈك بولمايدۇ.

# ئوچۇق چىراي

ئايال پەلسەپە بولغىنىدا ئۇ ئەڭ ئازابلىق.

ئايال شېئىر بولغىنىدا ئۇ تېخىمۇ قايغۇ ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ ئېسىل مۇزىكا بولغىنىدا ھەر قەدەملىرىمىزدە مەغلۇبىيەت بار، ھاياتنىڭ يوللىرىغا ھەسرەت، نادامەت تۆكۈلىدۇ.

ئايال — خۇش ھىد تۆكۈپ تۇرغان گۈلمۇ ئەمەس، بىز ھەممە يەردە ئۇنىڭ كۆلەڭگىسىنىلا كۆرەلەيمىز. ئۇ ھەممە يەردە بار ھەم ھەممە يەردە يوق.

مېنى قاپسىلىپ ياتقان ئورنۇمدىن يۆلەپ تۇرغۇزغىنى كىم؟ مەن ياش تۆكۈپ تۇرغان، كۆزلىرى خۇنۈك قەدىمىي تامغا يۆلىنىپ ئەتراپىمغا سىنچىلاپ قارىدىم.

ئەتراپىمدا ھېچ كىشى يوق ئىدى. قۇلىقىمغا بۇزۇق ئاياللارنىڭ ئەسەبىيلەرچە «ئاھ، پاھ» دېيىشلىرىدەك بىر خىل غەيرىي ئاۋاز ئاڭلىنىپ كەتتى.

مەن ھېچ نەرسە كۆرەلمىدىم.

ئاھ، رەببىم ئاللاھ مېنى تىنچ ياتقىلى قويغىن، قۇلىقىمغا ھېچقانداق ئاۋاز كىرمىسۇن. مەن ئىمتىيازسىز تېنىمنى ئۆز قولۇم بىلەن مۇھاپىزەت قىلاي ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم. . .

ئاۋاز بىردەمدىلا جىمىپ كەتتى. يۈرىكىم تىنچلىنىۋاتقاندا يەنە بىر خىل ئەرلەرنىڭ ناينىڭ ئاۋازى قۇلاق پەردەمنى تىترەتتى. بۇ ئاۋاز بۇزۇق خوتۇنلارنىڭ ئاۋازىدىن بەتبەشىرە ئىدى. تېنىم شۈركىنىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتۇم.

ئاسمان ۋە يورۇقلۇق، تەن ۋە ھاياتلىق، ئېتىقاد ۋە ئىبادەت

ھەممىسى مەن بىلەن بىرگە يىقىلدى.

مەن بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۆلۈپ قاپتىمەن. مېنىڭ ئەتراپىمدا نۇرغۇن ئاياللارنىڭ جەسىتى تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ جەسىتى ئىسسىق لايدەك چىرىپ كەتكەنىدى.

مەن تىرىلىپ قالدىم. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئاياللار كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلار بەلكىم ئەڭ ئوچۇق چىرايغا موھتاجدۇر.

# پەرق ئېتىش

نۇرغۇن ئىشلار كاللامدىن ئۆتمەيدۇ. ھەر خىل ئىدىيىدە ياشاۋاتقان ئادەملەر بىلەن داۋاملىق سالام - سۆھبەت قىلىپ تۇرىمەن. ئۇلار ئايرىم - ئايرىم يوللار بىلەن ئۆز ئىشلىرىغا بەند بولۇپ ياشايدۇ. ئويلايدىغىنى پەقەتلا تۇرمۇش، ئاددىي ياشاشتۇر.

بىر ئوۋچى سەپەرگە ئاتلاندى. قويۇق ئورمانلار بىلەن قاپلانغان يېشىل دالىدا ئۇ كونا قارا مىلتىقىنى بەتلەپ بىر نىشاننى قارىغا ئېلىپ جىملا ياتاتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ياۋا ئىت يۈگۈرۈپ چىقىۋىدى، ئۇ ئۇنى بىر پاي ئوق بىلەن يەر چىشلەتتى ھەم خۇشاللىقىدىن «بۇنىڭ بىلەن يەتتىنچى قېتىم بۆرە ئۆلتۈردۈم» دەپ مەغرۇرلاندى.

بىزدە ئەقىل كۆزى بارمۇ - يوق دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرەلەيدىغان ئادەملەرمۇ ئاز تېپىلىدۇ. ئەقىل دېگەن ئادەتتىكى نەرسە ئەمەستە. ئەلۋەتتە، ئېينشتېيننىڭ ئەقلى بىلەن دۇنيا ئاتوم دەۋرىگە قەدەم قويسا، ئېدىسوننىڭ ئەقلى بىلەن ئاجايىپ - غارايىپ كەشپىياتلار ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدى.

بىر زىيالىي بىپايان زۇمرەت ئېتىزلار قوينىغا ئەسىر بولۇپ، يۇمران ئۆسكەن بۇغداي مايسىلىرىغا قارىغىنىچە «پاھ بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئۆسكەن كۆدىلەر - ھە!» دېگىنىچە ئۆز ھاياجىنىنى باسالماي قالدى.

بىزنىڭ ئارىمىزدىكى نۇرغۇن ئادەملەر چوشقىنى قوي، قوينى چوشقا دەپ ئايرىيالمايدۇ. ئېشەكنى كۆرۈپ ئات دېسە، بۆركۈتنى كۆرۈپ توخۇ دەپ ئالجىسا، ئۆزلىرىنى يەنە «ئادەم» ساناپ باش

كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ.

بىز يەنە جەمئىيەتتە ئۆز قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تويۇنغانلىقىنى ھېس قىلىدىغان ئادەملەرنىمۇ كۆرىمىز. كۈن ـ تۈن بويى ھۈرۈنلۈق كارىۋىتىدا سوزۇلۇپ يېتىپ «چىۋىنىنىڭ» ئېغىزىغا ئەدەپ قىلىپ قويغانلىقىنىمۇ سەزمەي ياتىدىغان ئادەملەرمۇ ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

راست، بىزدە پەرق ئېتىش كۆزى يوق. رېئاللىقتىكى كىشىلەرنى ياشاشنىڭ يېڭى بىر مۇكەممەل ياخشى يولىغا ئېرىشتۈرىدىغان ئەقىل مېۋىسىنى ساتىدىغان كىتابپۈرۈشنى تونۇمايمىز. بىراق، روھىمىزنى بۇلغاپ، ۋۇجۇدىمىزدىكى قاننى زەھەرلەپ، تېنىمىزنى زەئىپلەشتۈرۈۋاتقان ھاراق دۇكانلىرى ئاچىدىغان مەيپۈرۈشلارنى تونۇيمىز. كۈن ـ تۈن بويى ئېرىنى ئالداپ «پۇل» ئۈچۈن تېنىنى ساتىدىغان «بۇزۇق» خېنىملارنى تېخىمۇ تونۇيمىز.

بىز شۇنى ھېس قىلىشىمىز كېرەككى، بىزدە پەرق ئېتىش كۆزى بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا بىز بۈگۈن ۋە ئەتە ياخشى ياشىيالايمىز.

# ناتونۇش

قاتتىق سوغۇق بولغان شىۋىرغانلىق بىر كېچىدە ئۆيۈمدە تەنھا ئولتۇراتتىم. ئىشىك چېكىلدى. مەن ئەيمىنىش ئىچىدە ئىشىكنى ئاچتىم. سىرتتا كىيىم - كېچىكى جۇل - جۇل، چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىر ئادەم بىر جۈپ نارەسىدە بالىسى بىلەن جىملا تۇراتتى. مەن ئۇ بىچارە كىشىدىن كىمنى ئىزدىمەكچى ئىكەنلىكىنى سوراپ بولغۇچە ئۇنىڭ قىيسىق كۆزلىرىدىن ياش ئەگمشكە باشلىدى. مەن موھتاجلىقتا قالغان بۇ «قەلەندەر»نى ئىسسىق ئۆيۈمگە باشلاپ كىردىم. ئۇ ناھايىتى قورۇنۇپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ئازادە، تارتىنماي ئولتۇرۇشىغا ئىجازەت بەردىم. ئۇ مېنىڭ ئاق كۆڭۈل بىر بەندە ئىكەنلىكىمنى بىلىۋالدى بولغاي، تارتىنماي ئولتۇردى. غىزالاندى، چاڭقاپ، ئېچىرقاپ كەتكەن يۈرىكى تويۇندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىزنىڭ ئائىلىمىزگە كۆنۈپ قالدى.

ئۇ ناتونۇش ئادەم ئىدى. بىز يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. سېنىڭ، مېنىڭ دېيىشمىدۇق. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتىۋەردى. مېنىڭ بەللىرىم ئېگىلىپ، مۈكچىيىپ كەتتىم. ئۇ بارغانسېرى غادىيىپ، سەمرىپ كەتتى. بىز بۇرۇنقىدەك مۇڭداشمايدىغان بولدۇق. يولدا ئۇچرىشىپ قالساق سالاملىشىدىغان ئادەتلىرىمىزمۇ تۈگىدى. بىز ئورۇن ئالماشتۇق. . .

# چېچەك

بىر چېچەك دەرەخنىڭ تېنىدىن ئاجراپ چۈشتى. ئۇ ئۇنىسىز ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنىڭ نەگە بېرىشىنى بىلمەي ئاقماقتا ئىدى. ئۇ خېلى ئۇزاق ئاققاندىن كېيىن دولقۇن ئۇنى قىرغاققا تاشلىۋەتتى.

— ئەي سەن كىمنىڭ بالىسى، — دېدى قىرغاق چېچەكنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ. چېچەك زۇۋان سۈرمەستىن جىمجىتلا تۇراتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ كىمنىڭ پۇشتى ئىكەنلىكىنى ئەسلا بىلمەيتتى.

# كۆرۈپ تۇرۇش

كۆزلىرىم روشەن، ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىمەن. دەرەخلەرنىڭ يۇرىكىگە ئۆسكەن ئۆسمە، قوۋزاقلارنىڭ باغرىدا ئۇن ـ تىنسىز يۇرگەن قۇرت كۆزلىرىمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. زۇمرەتتەك يارقىن گۈل ـ گىياھلارنى چەيلەۋاتقان زەھەرلىك يىلان مېنىڭ ئالدىمدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ.

قۇشلار ۋىچىرلىشىپ كەتتى. مەن ئۇيقۇمدىن چاچراپ ئويغاندىم. قۇشلارنىڭ دەرەخ شاخلىرىدا توزغاقتەك تۇزۇپ كېتىۋاتقان ئۇۋىسىغا غېرىبلارچە ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردۇم.

كۆزلىرىم روشەن، ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىمەن.

يەرنى تىلغاپ قان ئىچىۋاتقان ۋەھشىي يىرتقۇچ ھايۋانلار مېنىڭ چۈشۈم ئەمەس. زېمىنىنىڭ تومۇرلىرىدىن سۇ سوراپ قاغجىراپ كەتكەن يۇرىكىنى بەزلەۋاتقانلار چۈشۈم ئەمەس.

ھاۋانى تۇمان باستى. ئاي، يۇلتۇزلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى. مېنىڭ كۆزلىرىم تۇماننىڭ قېلىن پەردىلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتتى. ئۆلۈمنىڭ ۋەھشىيانە قوللىرىدا جان تالىشىۋاتقان نۇرغۇن سەييارىلەرنى ئۇچراتتىم. تېنىم مۇزلاپ بارماقتا، تۇپراقنىڭ ياپراقلىرى تىترىمەكتە.

تۇگىگەن سۇ، ئۆچكەن ئوت، بۇلغانغان ھاۋا. . . ھەممىسى كۆز ئالدىمدىكى ھاياتلىق.

مەن ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىمەن. مەن ئەما ئەمەسمەن.

# سەۋدا

سەن يالىڭاچ تۇغۇلدۇڭ، بىراق يالىڭاچ ياشاۋاتىسەن . سەن «دۇنيا بىمەنە، ھايات بىمەنە، تۇرمۇش بىمەنە، ياشاش بىمەنە، ياشىغاندىن ئۆلگەن بۇيۇك» دەپ جار سېلىپ كوچىنى، بىنالارنى بېشىڭغا كىيىۋالدىڭ.

سەن ئاشۇ ئادەملەر ئارىسىدا خۇددى تېخى زاكىلانمىغان بالىدەك يالىڭاچ بىرنېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتىسەن. سېنىڭ ئارقاڭدىن نۇرغۇن يالىڭاچ ئايالالار، يالىڭاچ ئەرلەر ۋە يالىڭاچ باللار سەن نېمە دېسەڭ شۇنى تەكرارلاپ كېتىۋاتىدۇ. سەن ئۆزۈڭدىن چەكسىز پەخىرلىنىپ ھېس قىلدىڭمۇ، گويا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش ۋەزىردەك شۇنچە چوڭ يولغا پاتمايۋاتاتتىڭ. سەن رەستە، سودا بازارلىرى، مەدىكارلار مەيدانى، پاھىشە ئايالالار كوچىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ بىر دەشت ـ باياۋانغا يول ئالدىڭ. مۇرىتلىرىڭ سېنىڭ ئارقاڭدىن خۇددى ئەرۋاھلاردەك ماڭماقتا ئىدى.

سېنى قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر كونا قەبرىستانلىق كۇتۇۋالدى. سەن ئۇ يەردە خۇداغا تېۋىنىپ ياش تۆكتۇڭ: «ئەي قۇدرەتلىك باش پاناھىم، مېھىر ـ شەپقەتلىك جانابىي ئاللاھ، پۈتكۈل ھەمدۇسانالارنىڭ پادىشاھى، سەن مۇشۇ رەزىل خەلقلەرنى ياراتقۇچە ئۇلارنى پاك قۇرتلار قىلىپ ياراتساڭ بولمامدۇ؟ قۇرتلار ساڭا باش ئېگىپ سېنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشۇڭ بويىچە ياشىماقتى . ئەپسۇس ئادەملەرچۇ؟ ئۇلارنىڭ سېنى ياد ئەتكۈدەك ۋاقتى يوق. ئۇلار مۇھەببەت، مېھىر ـ شەپقەت، ئادالەت، ساۋاپ، ياخشىلىق

دېگەنلەردىن ئوت بىلەن سۇدەك يىراقلىشىپ كەتتى. ئۇلارنى بۇگۈنكى قانۇن ۋە سىياسەت ئوراپ تۇرغاندەك قىلغىنى بىلەن يىلتىزىنى كۆرسەتمەيۋاتىدۇ. دىلىڭىنىڭ مېھرى ئۆچۈپ، قىلىچى سۇنۇپ قالدى. ئۇلار بىر توپ يىرتقۇچلار توپىغا ئايلىنىپ كەتتى.

ئېھ، شەپقەتلىك تەڭرىم، مېنىڭ ۋە ماڭا ئەگەشكەن بۇ ئاق كۆڭۈل مۇرىتلىرىمغا قاراپ بەلكىم ئۆكۈنۈۋاتىسەن. بىز يالىڭاچ تۇغۇلدۇق، يالىڭاچ ياشاۋاتىمىز. بىزنىڭ ئەۋرىتىمىز ئوچۇق بولسىمۇ، ئەۋرىتىنى چۈمپەردە بىلەن ئوراپ تۇرۇپ خۇداغا ئاسىيلىق قىلىپ سان ـ ساناقسىز گۇناھلارنى، جىنايەتلەرنى سادىر قىلىۋاتقان ئاشۇ كىشىلەرگە قارىغاندا كۆپ ياخشى. بىزنىڭ يولىمىز خۇدادىن باشقىنى ئويلىمايدىغان تەركىدۇنيالىق يول».

سەن ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتىڭ. سېنىڭ ئارقاڭدىكى ئاشۇ خەلقلەرمۇ يىغلىدى.

خۇدا سىلەرگە بۇلۇتلارنى سايە قىلىپ بەردى. سىلەر ئۇ يەردە تاڭنى كۈتۈۋالدىڭلار.

# تەڭرى

ئەي ئەقلىمدىن ئازغان ئاسىيلار، مېنى ئارامىمغا قويۇڭلار، مېنىڭ يۈرىكىم تەڭرىگە سېغىنىسۇن، تەڭرىنى ياد ئەتسۇن. مېنىڭ يۈرىكىم تەڭرى ھەققىدە ئۇزاق سۆزلىسۇن. سىلەرنىڭ كۆزۈڭلاردىن زەپ زېرىكتىم. دالىدىكى كۆل رەڭ مانانلار تېنىمنى ئۆز باغرىدا ئەللەيلىتىۋاتىدۇ. سىلەر يەنە مېنى كۆرۈپ قالدىڭلار. دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ ياتتىم. كۆزۈڭلار يەنىلا مەندە بولدى. گۈگۈم پەردىسى مېنى ئوراپ تۇردى. سىلەر مەندىن يىراق كەتمىدىڭلار.

ئەي دىنسىز كىشىلەر، مېنى ئىبادەت قىلغىلى قويۇڭلار. قەلبىمدىكى سۆيۈنۈشلىرىمنى خۇداغا دەۋالاي. قانلىرىمدا دولقۇن ياساۋاتقان مۇھەببىتىمنى ئۇچۇرما قىلاي. تالاي قىلغان ئەقىدىلىرىم، مېھىر ـ شەپقىتىمنى ئىزگۇ شاماللار خۇداغا ئېلىپ بارغاي.

ئەي گۇدەك كۆڭۈلسىز، مۇزدەك سوغۇق، نىجاسەتتەك سېسىق كىشىلەر ھاياتىمنى خاراب ئېتمەن دەپ خام خىيال قىلماڭلار.

ئەي ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى تېخى بىلىپ يەتمىگەن مۇناپىق كىشىلەر، ئارقاڭلارغا يېنىڭلار، قىلمىشىڭلار ئۈچۈن تۇۋا دەڭلار. گۇناھىڭلار ئۈچۈن مېنىڭ ئارقامدىن مېڭىڭلار. خۇدا ھەممىگە قادىردۇر.

مەن قانىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۇ ئازغان كىشىلەرگە مۇراجىئەت قىلدىم، بىراق ئۇلار مېنىڭ سۆزلىرىمنى تىڭشاپمۇ قويمىدى.

ئۇلار نەگە بارسۇن ئۇ يەر باياۋاندەك قۇرۇپ كەتتى. تەگرى بۇ قىسمەتلەرنى كۆرۈپ يەنە گەپ قىلمىدى.

مەن خۇداغا تېخىمۇ يېقىنلاپ باردىم.

## قۇرت

مەن جاھاننى ئايلىنىپ يۈرۈپ، تۇپرىقى تۇگىمەس بايلىقلارنى يوشۇرۇپ ياتقان قەدىمىي بىر جەمئىيەتنىڭ ئىزلىرى بار بىر شەھەرگە ئاياغ باستىم. ئۇ يەرنىڭ ئادەملىــــرى ياۋاش، تەپسە تەۋرىمەس، چاقىرسا ئاڭلىماس، تىللىسا يانماس دۆت ھايۋان سۈپەت كىشىلەر ئىدى. مەن ئەسلىدىنلا ئۇلارغا ئوخشاش مەزلۇم مىجەز كىشىلەرگە ئانچە قىزىقمىغانلىقىمدىن بولسا كېرەك، قايتا ئۇلار ھەققىدە گەپ قىلمىدىم.

بۇ يەردە مېنى ئۆزىگە ئەڭ جەلپ قىلغىنى دەرەخ شاخلىرىنىڭ باغرىدا ئۇيىاندىن بۇيانغا مېڭىپ چۇشكەن، ياپراقلارنىڭ تومۇرلىرىدا ئېقىپ يۈرگەن يۇمشاق قۇرتلار ئىدى. ئۇلار مۇلايىم، مېھرىبان ئىدى. ئۇلارنىڭ يۇمشاق سۆزلىرى گۈزەل ھەم يېقىملىق بولۇپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە بەكلا جەلپ قىلاتتى.

مەن بۇ شەھەردە خېلى يىــــللار تۇرۇپ قالدىم. قۇرتلار ئەسلىدىكىدىن نەچچە ھەسسە ئاۋۇپ كەتتى. دەرەخلەرمۇ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالدى. بىراق، ھېلىقى دۆت كىشىلەر قۇرتلارنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ ياشىماقتا ئىدى.

# چۈمۈلە

ئەي قورقۇشنى بىلمەيدىغان ئەزىمەتلەر، مەن سىلەر ھەققىدە سۆزلەيمەن.

ئەي ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان باتۇر كىشىلەر، مەن سىلەر ھەققىدە، پەقەت سىلەر ھەققىدە سۆزلەيمەن.

سىلەر ئوت ئىچىدە دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى پاچاقلاپ يەنىمۇ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدىڭلار. قولۇڭلاردىكى قەھرىمانلارنىڭ قېنىدا بويالغان بايرىقىڭلار ئىس - تۈتەك ئىچىدە ئۆزىنىڭ پاساھەتلىكىنى يەنىمۇ چوڭقۇر نامايان قىلماقتا. سىلەر دۈشمەن باش شتابىغا غەلىبە بىلەن قەدەم باستىڭلار. ھېلىقى بايرىقىڭلار ئاسماندا يۇلتۇزلار بىلەن يېقىن يەردە تۇردى.

ئەي باتۇر كاپىتان، پاراخوتنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتمىسەڭ ھالاكەت ئاراللىرىدا دوزاخقا مەھكۇم بولىسەن. خادا تاشلار سېنى ئۆز كۈچ قۇدرىتى بىلەن ھالاك قىلىدۇ. دەھشەتلىك قايناملار سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭنى يوقىتىدۇ. سەن ئەڭ تېرەن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغان بولساڭمۇ، ئېتىقاد ۋە ئىمانىڭ بىلەن، تەڭرىنىڭ رازىلىقى بىلەن يولۇڭنى داۋام ئەتكىن. مەنزىل جەسۇرلۇقتا، غالىبلىقتا، ئۆزىنى ھەقىقەتكە بېغىشلاشتا.

ئەي كۆك ئاسماننىڭ باغرىدىكى دارۋاز يىگىت! سەنمۇ مەڭگۈلۈك بەخت، ئامەت ئۈچۈن ئۆزۈڭنى، ھاياتىڭنى، بەختىڭنى، بارلىقىڭنى بېغىشلىغىن.

ئەي بارلىقىنى ھەممە ئۈچۈن ئاتىغان ئەزىز كىشىلەر، مەن سىلەرگە تەشەككۈردىن گۈلدەستە سوۋغا قىلىمەن.

ئەي قەدەملىرى جۇشقۇن مېنىڭ دوستلىرىم، مەن سىلەرنىڭ قاتارىڭلاردا خۇدانىڭ ياراتقان بارلىق جانلىقلىرى ئىچىدىكى كىچىككىنە چۇمۇلىنى سىلەرگە سايە قىلىمەن. ئۇنى سىلەرگە ئوخشاش قورقماس، باتۇر دېسەم ئەجەبلەنمەڭلار. ئۇ كىچىك بولغىنى بىلەن ئىرادىلىك، ئۇنىڭ كىچىك يۈرىكىدە ئۈمىد يۇلتۇزلىرى زىيا تۆكىدۇ. قەلبىدە جاسارەت ئۇچقۇنى چاقنايدۇ. ئۇ كىچىك بولغىنى بىلەن ئۆزىدىن نەچچە يۈز ھەسسە چوڭ مەخلۇقاتلارغا ئوچۇق ـ ئاشكارا ھۇجۇم قوزغىيالايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تېنىنى ئاجىز، يۈرىكىنى كىچىك دېمەيدۇ، پەقەت يۈرەكسىزلىكنى ئاجىزلىق دەپ قارايدۇ.

ئەي يۈكسەك ئادەملەر، جىمجىت، ئۇزۇن قىش تۈنلىرىدە چۇمۇلە ھەققىدە خىيال قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. چۇمۇلە غالىب ئادەمگە ئوخشايدۇ.

## مەسخىرە

كىشىلەر ماڭا قاراپ توختىماي كۈلمەكتە ئىدى. مەن ئۇستۇبېشىمغا قاراپ كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن كۈلۈۋاتقانلىقىنى يەنە بىلەلمىدىم. ئاخىر قەلبىمنى، روھىي ئالىمىمنى ئاختۇرۇپ قورقۇپ كەتتىم.

مەن نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىمەن، بۇنىسى ئۆزۈمگە ئايان ئىدى. ئۆزۈمگە ئايان ئىشلارنىڭ باشقىلارغىمۇ ئايان بولىدىغانلىقىغا ئەلۋەتتە ئىشىنىمەن.

مەن ئاشۇ مەسخىرىلىك تەبەسسۇملاردىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ ئىبرەت قىلدىم. بۇ يولدا مەن گويا تۆگىقۇشى تۇخۇمىدەك ساپلاندىم.

# ھەيكەلتىراش ۋە شەيتان

دادا بولغۇچى ئۆز قەلبىدە پەقەت پەرزەنتى ۋە ئائىلىسىنى سۆيىدۇ.

سەنئەتكار بولغۇچىمۇ ئۆزىنىڭ ئەقىدىسى ۋە خىزمىتىنى ئەڭ سۆيىدۇ.

ھەيكەلتىراش نەپىس، كۆركەم قىلىپ بىر ھەيكەل ياساپ چىقتى. ئۇ ئۆز ئەمگىكىدىن چەكسىز پەخىرلەندى بولغاي، ھەيكەلنىڭ جۇلالىنىپ تۇرغان ئۈستۈنكى چەكسىز زوقلىنىش ئىلكىدە ئۇزاق قارىدى. شۇ چاغدا شەيتان ھەيكەلتىراشنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

— بۇنى سەن ياسىدىڭمۇ؟

— شۇنداق، مەن ياراتتىم، — دېدى ھەيكەلتىراش.

— سەن خۇدادەك بۈيۈك ئىكەنسەن ئۇنى يىغلىتالامسەن؟ — دېدى شەيتان ھەيكەلتىراشقا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ.

— ئۇنىڭ يۈرىكى يىغلاۋاتىدۇ، — دېدى ھەيكەلتىراش. شەيتان بۇنىڭغا قىلچە ئىشەنمىگەنىدى.

— سەن ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى قانداق بىلىسەن؟ — دېدى شەيتان.

ھەيكەلتىراش بىرئاز ئىككىلىنىپ قالدى ـ دە، بىر ئازدىن كېيىن شەيتانغا قاراپ شۇنداق دېدى.

— ئەي شەيتان، ئۇنىڭ تېنى گەرچە تاشتىن ياسالغان بولسىمۇ، يۈرىكى نۇردىن ياسالدى.

ئۇلار سۈكۈت ئىچىدە خېلى ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى.

شەيتان ئۇنى چېقىپ تاشلىماقچى بولۇپ ئۇنىڭ قېشىغا بارغاندا، ھەيكەلنىڭ ئوماق كۈلۈمسىرەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

# تەقدىر

ئىشىك چېكىلدى. ئاستا ھەم قورقۇمسىز ئاۋاز ئۇنىڭ چۈشىنى ئۈزۈپ قويدى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. بىراق، ھەرقانچە قىلسىمۇ ئىشىكنى ئاچالمىدى. ئۇ ئۇزاق ھەپىلەشكەندىن كېيىن ئامال قىلالماي ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ خېلى ئۇزۇن ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئىشىكنىڭ قايتا چېكىلگەنلىكىنى ئاڭلىمىدى. ئىشىكمۇ قايتا چېكىلمىگەنىدى.

يىراقتىن بۆرىنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنى قورقۇنچ باستى. يوتقاننى بېشىغا يۆگەپ جىملا يېتىۋالدى. ئۇ بىر پەستىن كېيىن ئېسىگە كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تېخىچە چۈش كۆرۈۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ئېغىر ئۇھ تارتتى.

ئۇ چىراغنى ئۆچۈرمىدى. ئۇ ئۇزۇندىن ــ ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ رەزىل كېچىدىن جاق تويغانىدى.

ئىشىك چېكىلدى. ئىشىك بۇ قېتىم راست چېكىلگەنىدى . ئۇ سىرتتا، بوسۇغا تۇۋىدە ئىبادەتنى كۆرگەنىدى .

# قەلەندەر

ئەي مېنىڭ سوغۇق كۇندۇزۇم، تېزرەك يېنىمغا كەل، مەن سېنى قارشى ئالىمەن. سېنىڭ نەشتەردەك زۇلمىتىڭ مېنى شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغاتسۇن. مەن ياپراقلىرىنى ئاللىكىملەرگە ھەدىيە قىلىۋەتكەن ئاشۇ تەتۈر پېشانە دەرەخلەر بىلەن شېرىن سۆزلىشەي، ئۇلار ماڭا قانداق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىدىكىنە.

سەن ئاخىر كەلدىڭ. مەن سېنى ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە دەرەخ يېنىدا كۇتۇۋالدىم. سېنىڭ ئەپتىڭدىن تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. سەن ئۇزاق ئۆتمەي بۇ يەرگە گويا ئىستەك تاراپ كەتتىڭ. ھەممىلا يەر سوغۇق ئىچىدە قالدى. دەرەخلەردىكى قۇش ئۇۋىلىرى يالغۇز قالدى. چاتقاللاردىكى چاڭگىلارمۇ توزۇپ كەتتى. سەن بارغانسېرى كۈچىيىپ غالجىرلىشىپ كەتتىڭ. . .

ئەي مېنىڭ سوغۇق كۇندۇزۇم، سېنىڭ ماڭا بەرگەن سوۋغىتىڭ نېمە بولدى؟ سېنىڭ ماڭا ئېلىپ كەلگىنىڭ مۇزدەك كۆڭۈل، سوغۇق تەبەسسۇم، چىرايلىق ئۆلۈم ۋە گۈزەل تىراگېدىيەمۇ؟ سېنىڭ ماڭا بەرگىنىڭ مەجبۇرىي قىلىۋاتقان شېرىن گۇناھمۇ؟

قېنى جاۋاب بەر، ئەي مېنىڭ سۆيۈملۈك كۇندۇزۇم. مەن سەندىن يوقىلىشنى كۇتكەنمۇ؟

ئۇمىد يۇلتۇزۇم خىرەلەشتى. روھىم زۇلمەتنىڭ قارا تۇمانلىرى ئىچىدە گاڭگىراپ قالدى. ئۇ يەنىمۇ ئەسەبىيلەشتى، يەنىمۇ غالجىرلاشتى. ئۇنىڭ زۇلمەت قوللىرى گېلىمنى سىقتى. تۆمۈرچى بوۋاي ئۈز قەبرە تېشىغا خاتىرە قىلىپ ئېسىپ قويغان

زۇلپىقارىنى ماڭا بەردى. مەن ئۇنىڭ قولىغا قەھرىم بىلەن قىلىچ ئۇردۇم.

ئەي مېنىڭ كۈندۈزۈم. سەن بۇ شەھىرىڭدە سان ـ ساناقسىز قەلەندەرلىرىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتىسەن. ئۇلار ساڭا ئۆزىنىڭ يالىڭاچ بەدىنىنى كۆرسىتىپ قويغاندا سەن بەلكىم ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنسەن.

# مۇراجىئەت

هايات بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى. قارلىغاچنىڭ تەنها قالغان ئۇۋىسىغا ئوخشاپ قالغان ئۆمۈرنى يەنە چاقىرىشقا بولىدۇ. مەن ئوتۇنچىنىڭ پالتىسىدا تېخى بۈگۈنلا پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن جىگدە كۆتىكىنىڭ تومۇرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆستەڭنىڭ كىچىك ئېقىنى ئېيتقان ناخشىنى تىڭشاش ئۈچۈن ئولتۇردۇم. ئۇ ماڭا بىر كۈن كەچ بولغۇچە هارماي ناخشا ئېيتىپ بەردى. مەن كەچنىڭ يېپىنچىسىنى تاشلاپ قويۇپ يالغۇز قالغان نامرات كۆلبەمگە كىرىپ كەتتىم. ئۇ يەردە مېنى ئەڭ سۆيۈملۈك تۆت تام، ئەسكى پالاز، ئاتامدىن قالغان قەدىمىي سېلىنچا ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن كۈتۈۋالدى. مەن بۇ يەردە تاڭ سۈزۈلگۈچە سېخىي تۈڭلۈكۈم بىلەن سۆزلىشىپ چىقىمەن. ئۇ مېنى يۇلتۇزلارنىڭ نۇرلۇق خانىسىنى سەيلە ئەتكۈزىدۇ. مەن ئۈمىد ئىچىدە يەنە هاياتقا مۇراجىئەت يازىمەن.

هايات بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى. سۇنغان قانات ئوڭشىلىدۇ. تۇپراقنى جاراھىتىگە تاڭ...

# قىز ۋە دېڭىز

چىرايلىق قىز دېڭىز ساھىلىدا قۇلۇلە قاپلىرىنى تېرىپ ئويناۋاتاتتى. دېڭىزنىڭ كۈچلۈك دولقۇنى بىر بېلىقنى قىرغاققا تاشلىدى. بېلىق بۇ قۇم ساھىلىدا ئۆلۈمگە يېقىنلىشىپ جان تالىشىۋاتاتتى. قىز بېلىقنىڭ كۆزلىرىدىن تامچىۋاتقان ياشقا قاراپ قەلبى قاردەك ئېرىدى ـ دە، بېلىقنى دېڭىزغا قويۇپ بەردى. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمىدى. دېڭىزنىڭ قەھرلىك دولقۇنى بېلىقنى يەنە قىرغاققا تاشلىدى. بېلىق يەنە قىزنىڭ ھېسداشلىقىغا مۇيەسسەر بولدى. دېڭىز ئۇنى يەنە قىرغاققا تاشلىدى ـ دە، قىزچاققا قاراپ مۇلايىم گەپ قىلدى:

— سىز نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىسىز؟

— مەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىمدىلا بۇنداق ئۆلۈپ كېتىشىنى خالىمايمەن، — دېدى قىز كەسكىن ھەم تېز.

ئارىنى بىر ئاز سۈكۈت باستى.

— سىز خاتا ئېيتتىڭىز قىزىم، ئۇنداقلارنىڭ ياشىغىنىدىن ئۆلگىنى ئەلا، — دېدى دېڭىزمۇ مەردانە قىياپەتتە.

قىزچاق دېڭىزنىڭ بۇ گەپلىرىنى چۈشەنمەيلا تۇرۇپ قالدى.

— قىزىم، چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېيتسام، ئۇ زۇلۇم سالغۇچى، ئۇ بوزەك قىلغۇچى، ئۇ ئەزگۈچى، دۇنيادا زوراۋانلىق مەڭگۈ پۈت تىرەپ تۇرالمىغىنىغا ئوخشاش كىچىك بېلىقجانلارغا ئاراملىق بەرمىگەن بۇ زوراۋاننى بىز ئۆلۈمگە بۇيرۇدۇق. ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ يانتاياق بولغۇچىلار ئوخشاشلا زوراۋانلاردۇر، — دېدى دېڭىز غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتالمايۋاتقان

دولقۇنلىرى ئىچىدە تۇرۇپ.

## كېچە

كۈندۈز ئۆتۈپ كەتتى، قۇشلارمۇ سايراشتىن توختىدى. نېپىز مانان ئىچىدە گۆگۈم ئەتراپقا يېيىلىشقا باشلىدى. چەكسىز ئاسماندا يۇلتۇزلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئەگىشىپ رەت ـ رەت پەيدا بولدى.

سېھۇتىگە لىققىنا گۈل قاچىلىغان قىز ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. ئۇ شۇنداق چىرايلىق ھەم گۈزەل ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ سېھۇەتتىكى گۈلدەك قامىتى يۇلتۇزلار ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن ھىلال ئاينىڭ تەبەسسۇمىدەك سۆباتلىق ئىدى.

ئۇ مەندىن خېلى يىراقلاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆزۈمدىن غايىب بولغۇچە قاراپ تۇردۇم. ئۇ ئاخىر كەتتى.

ئۇ خېلى ئۇزۇندىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ سېھۇتى قۇرۇق ئىدى. بۇ كېچىدە ئۇ گۈللىرىنى كىملەرگە ساتتىكىنە؟ مەن تەئەججۈپ ئىچىدە قىزدىن سورىدىم: «قىزچاق گۈللەرنى كىملەرگە ھەدىيە قىلدىڭىز» . ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويىدى ـ دە: «گۈللەرنى تۇرمىدىكى مەھبۇسلارغا ھەدىيە قىلدىم» دەپ جاۋاب بەردى. مەن بۇنىڭغا زىنھار ئىشەنمەيمەن.

ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولدى. مەن ھۆكۈمرانىنىڭ يۈرىكىدەك سوغۇق ھۇجرامغا كىرىپ كەتتىم. بۇ كېچە بىر مىنۇتمۇ كۆز يۇممىدىم.

ئەتىسى سەھەردە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان نۇرغۇن مەھبۇسلارنىڭ جازا مەيدانىدا بىر دەستىدىن گۈل كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ يۇمران گۈللەرنىڭ بەرگىلىرىدە

ئاخشامقى ھېلىقى پەرىشتىنىڭ گۈزەل رۇخسارى جىلۋە قىلماقتا ئىدى.

كۈندۈز ئۆتۈپ كەتتى. قۇشلار سايراشتىن توختىدى.

# مېنىڭ دىلدارىم

مېنىڭ دىلدارىم كىم؟ بۇنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى مەن دېمىسەممۇ سىلەر بىلىسىلەر. لېكىن ، سىلەر ئۇنى ئىزدىمىدىڭلار، ئۇنى چاقىرمىدىڭلار، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمىدىڭلار، ئۇنى ئاسرىمىدىڭلار، ئاقىۋەت ئۇ سىلەردىن يىراقلاپ كەتتى، شۇنداق يىراقلاپ كەتتى، بەكمۇ يىراقلاپ كەتتى.

مەن ئۇنى سۆيىمەن. ئۇ مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىر كۆزى قان بىر كۆزى ياش ھالەتتە بۇ مىسلىسى جەننەت تۇپرىقىمىنىڭ ئۈستىدە ھېچ كىشى ئۆزىنىڭ قىلىۋالالمايدىغان قۇياش نۇرى ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بەخت ئۇنىڭغا كۈلۈپ باقمىسىمۇ، ئىرادە ۋە ئۈمىد، گۈزەل ئارزۇ ـ ئىستەك ئۇنىڭ ھەر قەدىمىگە گۈل بولۇپ ئېچىلىۋاتىدۇ.

**ئۇ مېنىڭ دىلدارىم، ئۇ مەڭگۈ سۆيۈشكە، ھۆرمەتلەشكە ئەرزىيدىغان پەرىشتە، ئەبەدىلئەبەد ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە پاناھلىق ئىزدەيدىغان خۇدا.**

**ئۇنى مۇھەببەتلىك ۋۇجۇد بىلەن سۆيگەندە ئۇ يۈرەككە سۆيگۈ بېرىدۇ. ئۇنى چىن ئەقىدە بىلەن سۆيگەندە ئۇ بەخت ۋە خۇشاللىق بېرىدۇ. ئۇنى كۆز ياش ۋە قان بىلەن سۆيگەندە ئۇ يەنىمۇ بۈيۈك غۇرۇر ۋە ۋىجدان بېرىدۇ.**

**مەن دىلدارىمنى سۆيىمەن. گەرچە ئاچلىقتىن ئۆلۈم ھاڭغا بېرىپ قالسامۇ، ئۇنىڭغا بولغان تەۋرەنمەس مۇھەببىتىم مەڭگۈ نۇر تۆكۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆز يېشى خۇدانىڭ كۆز يېشى، ئۇنىڭ تىنىقى ھاۋانىڭ تىنىقى، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ھايات**

ياشالايمەن.

مەن دىلدارىمنى سۆيىمەن. ئۇنى سۆيۈش خۇدانى سۆيۈش بىلەن ئوخشاش، ئۇنى سۆيۈش مۇقەددەس كىتابلارنى سۆيۈشكە ئوخشاش. ئۇنى سۆيۈش ئاشۇ ئىگىسىز بالىلارنى سۆيگەنگە ئوخشاش.

يەر توختىماي تەۋرەۋاتىدۇ. مەن ئۆيۈمگە قايتىپ جان ـ جىگەرلىرىمنى قانىتىمغا ئالاي، ئۇلارنى دىلدارىمنىڭ پاختىدەك يۇمشاق، باھاردەك ئىللىق مېھرىگە سوۋغا قىلاي، دىلدارىم ئۇلارنى ھەقىقىي ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقسۇن! مەن دىلدارىمنى سۆيىمەن.

# كۆتۈش

## 1

مەن نۇردىن تۆرەلدىم. مەن ئۇنى كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ چاغ دەل مېنىڭ بالىلىق ناخشىلىرىنى ئۇنتۇپ، ياشلىق باغچىسىغا قەدەم تاشلىغان ۋاقتىم ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى رەت سۆزلەشكەندە ئۆزىنىڭ قامەتلىكى، چەبدەسلىكى، مۇلايىم كەمتەرلىكى، ئاق كۆڭۈل، ساپدىللىقى بىلەن قەلبىم مېھمانخانىسىدىن ئورۇن ئالدى. بىز تەنھالىق باغچىسىدا تۇنجى رەت لەۋلەشكەندە ئۇ مېنىڭ مەڭگۈلۈك سەپدىشىم بولۇپ ئېتىقادىمغا ئايلاندى. بىز شۇنداق بەختنىڭ ئارامجاڭگال راۋىقىدا پۈتكۈل ھاياتلىق، مەۋجۇدىيەت ئالىمىگە سىنچىلاپ قارايدىغان بولدۇق. ئانام دېگەن «بەختكە» ئاخىر ئېرىشتىم، خالاس.

## 2

ئۇ مېنى ۋىناس دەپ چاقىردى. مەن ئۇنىڭغا بىر قاراپلا ئايغا ھامىلدار بولدۇم. ئۇ مېنىڭ سول يېنىمدا بەخت كۈلكىسىنى كۈلۈۋاتىدۇ.

ئۇ مېنى ئاپىرىدوت دەپ ئىككىنچى رەت تونۇلىدى. مەن ئۇنىڭغا بىر قاراپلا قۇياشقا ھامىلدار بولدۇم. قۇياش مېنىڭ ئوڭ يېنىمنى ئۆزىنىڭ خانىسى قىلدى. مەن قۇياش بىلەن ئاينى پەپىلەپ چوڭ قىلدىم.

ئۇ مېنى يەنە ۋىناس دەپ چاقىردى. مەن ئۇنىڭغا بارلىق مېھرىم بىلەن قارىدىم. مەن يۇلتۇزغا ھامىلىدار بولدۇم. يۇلتۇز مېنىڭ ئۇستۇمدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ قۇياشتەك، ئايدەك نۇر چاچتى.

ئۇ مېنى يەنە ۋىناس دەپ چاقىردى. مەن ئۇنىڭ ئاتەش كەبى چولپان كۆزلىرىگە سىنچىلاپ باقتىم. بىر خىل ئىسسىق ھارارەت قەلبىمگە تارىدى. مەن دېڭىزغا ھامىلىدار بولدۇم. ئۇ مېنىڭ ئايىغىمدا چوڭ بولدى.

ئۇ مېنى ۋىناس دەپ چاقىردى. مەن ئۇنىڭغا باقتىم. بىر خىل ئاق نۇر بەدىنىمدىن تېشىپ ئۆتۈپ يۈرىكىمدىن ئورۇن ئالدى. مەن دەرياغا ھامىلىدار بولدۇم. دەريا مېنىڭ شەرق تەرىپىمدە پەيدا بولدى.

ئۇ مېنى ۋىناس دەپ چاقىردى. مەن ئۇنىڭغا بىر قاراپلا زەيتۇن دەرىخىگە ھامىلىدار بولدۇم. ئۇنى تاغنىڭ بېشىغا تاج قىلىپ تاقىدىم...

3

ئۇ سەھەردە شىكارغا جابدۇندى. ئۇ مېنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈپ قويدى. باللارغا ياخشى قاراشنى جېكىلىدى.

مەن ئۇنىڭغا يەرنىڭ تۆت بۇلۇڭىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان چىمەن دوپپىنى يوللۇق تۇتتۇم. ئۇ دوپپىغا ئۇزاق قاراپ، مەن مۇشۇ تۆت قىرلىق دوپپىنىڭ خوجايىنى دەپ بېشىغا كىيدى.

ئۇ كەتتى، يىراق - يىراقلارغا كەتتى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدىم.

خۇدا، تېنىڭنى ساق قىلغاي، يولۇڭ ئاق بولسۇن...

4

نەچچە باھار، نەچچە ياز، نەچچە ئاياز ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ قايتىپ كەلمىدى. بالىلارمۇ چوڭ بولۇپ ئات مىندى. ئوقيا ئېتىشنى، قىلىچ ئويۇنىنى ئۆگەندى.

ئۇ قايتىپ كەلمىدى. مەن ئوغلۇم قوياشقا يۆلىنىپ، قىزىم ئاي، يۇلتۇزلار بىلەن ئۇنى كۈتتۇم. ئۇ قايتىپ كەلمىدى، ئۇنى بەكمۇ سېغىنغانلىقىمدىن تېنىم ئاجىزلاپمۇ كەتتى. مەن يەنە سەۋر قاچىسىدىكى سۇنى تۈتۈپ ئۇنى كۈتتۇم، ئۇ كەلمىدى.

زېمىننى تۇغان سۇيى باستى. مەن نۇرغا ئايلاندىم. بالىلىرىم، مەن ساق قالدۇق. مەن ئۇنى كۈتتۇم. ئېچىرقاپ كۈتتۇم. چېچىم ئاقىرىپ، چۇشۇپ كەتتى. مەن يەنىلا ئۇنى كۈتتۇم، ئۇ كەلمىدى.

تۈن، قىزىم يۇلتۇز بىلەن ئوغلۇم تاغقا يۆلىنىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئۇ بۆرە بېشى چۇشۇرۇلگەن كۆك بايراقنى كۆتۈرگىنىچە قايتىپ كەپتىمىش. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئۇ مېنى باغرىغا بېسىپ سۆيدى. . .

بۇ چۇش. مەن كۆزۈمنى ئاچسام يۇلتۇز دادىسىنى كۈتۈۋاتقانىكەن.

ئۇنى كۈتۈۋاتىمەن. ئۇ ھامان قايتىپ كېلىدۇ. تاڭ ھامان ئاتىدۇ.

# شاھىنشاھ

## 1

كەل مېنىڭ ئوماق پەرىشتەم ، ئەقىل كۆزىمىزنى ئاۋۇ رېئاللىقنىڭ رەڭگىگا رەڭ دۇنياسىغا تىكىپ ئادەم بىلەن ھايۋاننى، ھەقىقەت بىلەن ناھەقنى، ھەققانىيەت بىلەن تەڭسىزلىكنى، ھۆرلۈك بىلەن بېسىمنى، مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنى ۋە ھۆرمەت بىلەن كەمسىتىشنى كۆرەيلى.

دۇنيانىڭ قايسىبىر چېتىدە بولسۇن ھاياتلىق مەۋجۇت، قۇياش بار. ئۇ يەرلەردىمۇ تۇپراق، سۇ ۋە باشقا مەۋجۇدىيەتلەر ئاپىرىدە بولغان. بىز ئۇرۇق بولۇپ چېچىلغان بۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئۆزىنى باشقىلار ئۈچۈن بېغىشلىغان ئادەملەرنى مەدھىيىلەيمىز. ئۇلار بۇ دۇنياغا نان يېيىش ۋە خالىي جايدا ئولتۇرۇش ئۈچۈنلا يارالغان ئەمەس. پەقەت «قۇياش» بولۇش ئۈچۈنلا تۇغۇلغان، خالاس.

سۆيگۈنۈم، بەخت دېگەن زادى قەيەردە؟ ئاھ، ئۆزۈملا جاۋاب بېرىمەن. ئۇ سېنىڭ يۈرەك قېتىڭدا ، سەن ئۇنى كۆرسىتىشنى خالىساڭ چىقىرىسەن، بولمىسا ئۇ قەلبىڭ تەكتىدە ساماندەك سېسىپ كېتىدۇ ــ دە، بۇ دۇنياغا كەلگىنىڭنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقلا ئۆلۈپ تۈگەيسەن. ھايات شۇنداق، ئۇ مەدھىيىلىگۈچىلەر، سۆيگۈچىلەر ئۈچۈن ئاجايىپ گۈزەل بەختلەرنى ئاتا قىلىدۇ.

پاسىقلار ئۆز قىممىتى توغرىسىدا گەپ ئاچالمايدۇ.

سۆيگۈنۈم بىز ئىككىمىز ئۇ ئادەم چىراي ھايۋانلار قاتارىدا يۈز يۈيۈشتىنمۇ ئەيمىنىمىز ـ ھە! بىز بۇ دۇنياغا بەخت چاچقۇچى مۇئەككەل بولۇپ تۇغۇلغان، ئەلۋەتتە. بۇنى سەن چوقۇم چۈشىنىشىڭ كېرەك.

يەر بىز كۆزىمىزنى ئاۋۇ يىراقلارغا تىكەيلى. ئۇ يەردە پاك قانۇننى خۇددى يۈندى ئازگىلىدەك كۆرۈپ ئويناۋاتقان، قەغەز پارچىسىدەك دەسسەۋاتقان قانۇن بىلگۈچىلەرنى كۆرۈپ كېلەيلى. ئۇلارنىڭ نەيرەڭلىرى ئادەملەرنى سەسكەندۈرىدۇ.

2

ئاۋۇ ساقچىنى قارا، ئۇ بىر ئادەمنى گۇناھسىزلا قولغا ئېلىپ قولىغا كويزا سالدى. سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تىل ـ ھاقارەت توزاندىلىرىنى چاچتى، غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلدى. ئۇ گۇناھسىز غەزەپلىك كۆزلىرىنى بۇ قانۇن ئىجراچىسىغا تىكىپ: «سەن باشقىلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا فاشىستلارچە ھۇجۇم قىلدىڭ. باشقىلارنى خالىغانچە ھاقارەتلىدىڭ. مۇشۇمۇ سېنىڭ پەزىلىتىڭمۇ، ئەخلاقىڭمۇ» دەپ پىچىرلىدى. ساقچى ئۇ سۆزلەرنى ئېلىشتەكەن تىرنىقىغا ئېلىپ قويماي، ئۇنى تۈرمىگە سولىدى.

تەقدىر ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك قاراڭغۇلۇق ئاتا قىلغان ئەمەس. ئۇ بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئەركىنلىكنى سۆيدى. ئۇ ھېلىقى جانابىي قانۇنچىغا قاراپ ئىللىق كۈلگىنىچە كېتىپ قالدى.

سۆيگۈنۈم، ئۇنىڭ كۈلكىسى قانداق كۈلكە؟ سەن ئۇ ئالىيجاناب گۇناھسىزنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ باقتىڭمۇ؟ قارا، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە. . .

## 3

ئاۋۇ ساقچىنى قارا، ئۇ ئۆز نەپسى ئۈچۈن بىر ئادەمنى قۇربانلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇ بىر كۆلەڭگىدىن بىر مۇنچە پارا ئالدى. ئۇ باشقىلارنىڭ ھەققى ئەمەسمىدى. كىشىنىڭ ھەققى بەدىنىدىن تېشىپ ئۆتىدىغانلىقىنى ئۇ بىلىدۇ ـ ھە!

سۆيگۈنۈم، بىز ئۇنىڭغا ئاستا پىچىرلاپ قويايلى، كىشىلەر ئاڭلاپ قالمىسۇن. ئاستا دەيلى، دەرەخلەر، شاماللار ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزۈپ قويمىسۇن. بىز باشقىلارنىڭ يېغىرىنى ئېچىپ كېتىدىغان ئۈنچىۋالا قىزىل ئادەملەردىنمۇ ئەمەس. . . ياق، ياق ئاشۇنداقلارنىڭ يېغىرىنى ئېچىشقا بولامدۇ؟ بوپتۇ، بىرئاز سىگنال چېلىپ قويساقلا بولىدۇ.

ئەي قانۇننىڭ ئىجراچىسى ئۆزۈڭنى بىلىۋال ـ ھە!

## 4

سۆيگۈنۈم، بىز سەھەرنىڭ خورىزى بولۇپ ناخشا ئېيتايلى. باشقىلارنى ئورۇنسىز ئۇرۇۋاتقان قانۇنچىلارنىڭ ھەرىكەت قىلىۋاتقان قولى توختاپ قالسا ئەجەب ئەمەس. باشقىلارنىڭ قاچىسىغا كۆز سېلىۋاتقان قانۇنچىلارنىڭ كۆزى يۇمۇلۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. باشقىلارنىڭ ئېشىغا توپا سېلىۋاتقان مۇتتەھەملەرنىڭ قولى توختاپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

بىز شۇنداق بىر ئۇلۇغ ناخشا ئېيتايلى. ئۇ ناخشا سىگنال بولسۇن. . .

## 5

قېنى سەن ئادالەت شاھىنشاھ، مەن ۋاپادار ئويغاق سۆيگۈنۈم بىلەن سېنى ئىزدەپ قۇياش سۆيگەن ئۇپۇققا، بېلىق سۆيگەن دەريا ـ كۆللەرگە باردۇق. بىراق سەن بۇ ئادەملەر سۆيگەن تۇپراقتا ئىكەنسەن ئەمەسمۇ؟ شۇنداق، سەن مۇشۇ يەردە ياشايسەن، پەقەت مۇشۇ يەردىلا ھايات كەچۈرىسەن.

مەن مۇشۇ تۇپراقتىكى ئىككى پۇتلۇق بىر قىسىم ئادەملەرنى ئۇچراتتىم. نەپرەت مىلتىقىمىزدا لەنەت ئوقى ئېتىپ زەخىملەندۈردۇق. چۈنكى ئۇلار ھىيلىگەرلىك نىقابىدا نىقابلانغاچقا ئوقىمىز ئاسان ئۆتۈپ كەتمەيدىكەن.

بىز ئۇلارنى بۇ دۇنيادىن قۇرۇتۇش ئۈچۈن سېنى ئىزدەپ كەلدۇق. سەن ئۇ ئۆز مەيلىچە خان بولۇۋالغان شەخسىيەتچى ھارامخورلارغا ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ قوي.

ھەقىقەت پەرىشتىسى شاھىنشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى مۇتتەھەملەرنىڭ تۇرار جايىغا باردى. ئۇلار قورقىنىدىن ئىشتىنىغا چىقىرىپلاۋەتتى. شاھىنشاھ ئۇلارنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ ئادەم بولۇڭلار، دەپلا قويدى.

بىز ئۇنىڭ بىلەن قايتىپ كەلدۇق. شاھىنشاھ بۇ زېمىنگە قاراپ: سۇنىڭ بېشى لاي ئوخشايدۇ، دەپ كېتىپ قالدى. . .

## پاشا

ئۇ ئاجايىپ جانىۋار. تەڭرى ئۇنى ئاچ كۆز ياراتقان. ئۇنىڭ غىزاسى قاندىن، ئاشۇ قىپقىزىل قاندىن بۆلەك نەرسە ئەمەس. ئۇ ئوكۇل يىڭنىسىدەك نەشتىرى بىلەن تاغدەك ئادەملەرنىڭ قېنىنى ئىچىدۇ.

ئۇ كىچىككىنە جانىۋار، بەكمۇ كىچىك مەخلۇق، بىراق ئۇنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ رەزىللىك يوشۇرۇنغان.

## بوۋاق

ئۇ ئانامنىڭ قورسىقىدا ئاجايىپ نۇر تۆكۈپ چوڭ بولۇۋاتىدۇ. شۇنچە سەبىي، يۇمران تېنى ئاجايىپ كۈچلۈك مىدىرلاۋاتىدۇ. ئۇ پات يېقىندا بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇپ كۆز ئاچىدۇ.

ئۇ بوۋاق سۈت ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتىدۇ. ئۇ بۇ دۇنيادىكى ئەركىنلىكنى چۈشەكەۋاتىدۇ.

ئۇ جىمغۇر ھالەتتە خىيال قىلىۋاتىدۇ. دەريا ئېقىنلىرىدەك چەكسىز خىياللارغا بەند بولۇۋاتىدۇ، خۇشاللىق مۇزىكىلىرىنى تىڭشاۋاتىدۇ.

ئۇ بىر چۈشىدە قۇملۇقتىكى كارۋاننىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى بىلەن قۇرۇق سۆلەت خوجايىنىنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى.

ئاي كۈنى توشۇپ قالغان ئانا قورسىقىنى ئاستا سىلىۋىدى، ئىچىدىن بىر ئاۋاز جاراڭلىدى.

«ئانا مېنى تۇغۇشنى خالىما. . .»

# گۆھەر

مەن سەپەر قىلدىم. ئۆز ۋۇندىن - ئۆز ۋۇنغا سوز ۋۇلغان مۇساپەمدە بەخت بىلەن بەختسىزلىك، ھايات بىلەن ئازابقا مۇيەسسەر بولدۇم. ئۆزىنى باتۇر سانايدىغان ئادەملەر ئۇچۇن بۇ ئىشلار ھېچ نەرسە ئەمەس. چۈنكى، ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئۆزى باتۇردۇر.

مەن ھاياتىمدىكى ئون سەككىزىنچى كۆۋرۇكنىڭ بېشىدا بىر گۈلنى پۇرىدىم. ئۇ ماڭا چەكسىز بەختنىڭ ئاجايىپ نۇرانە چوغلۇقىنى سوۋغا قىلدى. مەن ئۇ لەززەتنىڭ بېغىدا بۇلبۇلدەك سايراشقا باشلىدىم.

ئۇ مېنى ئىككى يېنى گۈزەل ئورمان بىلەن قاپلانغان بىر سىرلىق جىلغىغا باشلاپ كىردى. مەن باشتا بۇ غارايىپ گۈزەللىكتىن سەل ئەيمىنگەن بولسامۇ، كېيىن بارلىقىمنى ئۇنىڭغا ئاتىۋەتتىم. بىز ئۇ چاربباغدا ئەرشنى ھەم ئۇ دۇنيادىكى جەننەتنى كۆردۇق. مەن بىر خىل تاتلىق سېزىم ئىچىدە ئۇنى ئاستا - ئاستا سۆيدۇم. ئۇمۇ مېنى مەھكەم قۇچاقلاپ، تەبەسسۇم قىلدى.

بىز ئۇزاق ماڭغان ئۇ جىلغىدىن رەڭگى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان بىرقانچە دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك گۆھەرلەرنى تاپتۇق. بىز شادلىقىمىزدىن گويا تۆگە بويناقلىرىدەك سەكرەپ كېتىشتۇق.

گۆھەرلەر شۇنداق جۇلالىق، ئاجايىپ سۈزۈك ئىدى. بىز گۆھەرلەرنى چوقۇم كەلگۈسىدە پۇلغا يارايدۇ دەپ ئۈمىد قىلىمىز.

# گۈل

ئۇ چىرايلىق چوڭ بولدى. گۈزەللىك ئۇنىڭ ھۆسنىنى ئوراپ، ئۇنىڭغا ئاجايىپ سېھىر ئاتا قىلدى.

مەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولدۇم. كېچىلىرى ئۇخلىماي ئۇنى ئويلىدىم، كۈندۈزلىرى ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىدىن ئەگىپ كېتەلمىدىم. ئۇ ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپلا غايىب بولۇپ يۈرىكىمنى قاتمۇ ـ قات ئازاب تەشۋىشكە سېلىپ قويدى.

مەن ئۇنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن ھەم ئۇنى سۆيۈشنى ئارزۇ قىلىمەن. ئۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ گۈلچى بوۋاي بىلەن دائىم تەشتەكلەردىكى گۈللەرنى پەرۋىش قىلىش بىلەن ئاۋارە. مەن ئۇنى كۆرمەن دەپ ئۇنىڭ تېمىغا يامىشىمەنيۇ، ئۇنىڭ ئالۋاستى ئىتىدىن قورقۇپ چۈشۈپ كېتىمەن. ھايات ئاشۇنداق تەشنالىقتا ئۆتىۋەرگەچكە ئۆزۈمنى يوقىتىپلا قويدۇم. تېنىم ئاجىزلاپ كەتتى. دوختۇرلار مېنىڭ ھاياتىمدا ئازراقمۇ ئۈمىدىنىڭ قالمىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئەزرائىلنىڭ دىدارىنى كۆرۈشتىن بىرقانچە مىنۇت ئىلگىرى ئۇنىڭ رۇخسارىنى بىر پۇرىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىپ كۆز يېشى قىلدىم. بىراق ، ئۆلۈم ئارزۇيۇمغا باقماي مېنى ئېلىپ كەتتى. مەن ئۆلدۈم. بىرقانچە يىلدىن كېيىن قەبرەمگە بىر دەستە گۈلنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ھېلىقى قىزنىڭ گۈلى ئىدى. مەن خۇشال بولدۇم، ئەمدى مەڭگۈ خاتىرجەم ئۇخلايمەن.

# چەكسىز ئىنسانپەرۋەرلىك

ئۇ يەرگە بىر توپ ئادەملەر توپلىشىۋالغان. مەن «مايمۇن ئويناتقۇچى» ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان بولسا كېرەك دەپ، ئۇ يەرگە باردىم. ئىش ئويلىغاندەك بولماي چىقتى. بىر كىچىك بالا پېشانىسىدىن قان ئاققان ھالەتتە يىغلاپ ئولتۇراتتى. بىر قانچە كىشى ئۇنى يىغلىماسلىققا بەزلەپتۇ يۇ، دوختۇرخانىغا ئاپىرىشنى خىيالىغا كەلتۇرمەيتتى. مەن ئۇ يۇمران ئۇسمۇرنى كۆتۈرگىنىمچە دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردىم. دوختۇر ئۇنىڭ يارىسىنى تېڭىپ بولاي دېيىشىگە ئۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تېڭىق بۆلۇمىنىڭ ئىشىكىنى ئۇسۇپلا كىرىپ ئوغلىغا ئۆزىنى ئاتتى. بالا ئۇلارغا قاراپ كۆز يېشى قىلدى.

— ئوغلۇم بىر يەرگە يىقىلىپ چۈشتۈڭمۇ؟ — دېدى ئانىسى ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ.

— ياق ئانا، بىر كىشى ۋېلىسىپىتى بىلەن سوقۇپ ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى ئوغۇل دەردىنى ئىزھارلاپ.

— قانداق كۆزى كور مۇناپىقتۇ ئۇ، قېچىپ كەتكىنىنى تېخى، — دېدى بىر ياندا ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان دادىسى.

مەن ئۇلارغا چەكسىز سۈكۈت ئىچىدە قاراپ ئولتۇردۇم. ئارىنىمۇ سۈكۈت باستى. دوختۇرمۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولدى.

— سىز ئۇ كىشىنى تونۇمسىز، — دەپ جىمجىتلىقنى بۇزدى ئانىسى ماڭا بىرخىل سوغۇق كۆزى بىلەن قاراپ.

— ياق خانىم، تونۇمايمەن. بۇ ئوغۇلنى ۋېلىسىپىت ئۇرۇۋەتكەنلىكىنى ھازىرلا بىلدىم، — دېدىم مەن.

— سىز ئۇ كىشى بىلەن يېقىن بولغاچقا ئوغلۇمنى دوختۇرغا ئەكەلمىسىڭىز، ئۇ بالا سىزگە يات تۇرسا. . . — دېدى دادىسى.

ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئۇستۇمدە چاقماق چاقنىغاندەك لاغىلداپ تىترەپ كەتتىم.

— ئەپەندىم، ئۇ ئوغلىڭىزنى ئۇرۇۋەتكەن ئادەمنى كۆرمىدىم ھەم ئۇ مېنىڭ دوستۇم ياكى يېقىن تۇغقىنىممۇ ئەمەس، — دەپ ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەتتىم.

— ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن ھېسداشلىقىڭىز تۇتۇپ كەتتى. سىز ئۇ ئادەمنى كۆرگەن، ئۇ سىزنىڭ يېقىن ئادىمىڭىز، — دېدى ئانىسى تەلەتىدىكى قىزىللىقنى بۇزۇپ تۇرۇپ. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. لەۋلىرىم گەپكە كەلمىدى. يۈرىكىم قىسىلىپ نەپسىم بوغۇلدى. گېلىمنى گويا ئەزرائىلنىڭ قولى سىققاندەك رەڭگىم كۆكىرىپ كەتتى. مەن ئاخىر ئۇ بېشەم ئاتا ـ ئانىغا قاراپ ئىللىق كۈلدۈم.

— سىلەرنىڭ، باشقىلارنىڭ قەلبىنىڭ نەقەدەر پاك ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدىم ـ دە، دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتتىم.

# چايان دېگەن. . .

كىچىك چاغلىرىم بولسا كېرەك، بوۋام چايانىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

بوۋام سودىگەرچىلىك قىلىپ دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەرگە كۆپ بارغانىكەن. بىر كۈنى ئىسسىق بەلۋاغ رايونىغا جايلاشقان بىر شەھەرگە كەلگەندە بىر توپ ئادەملەرنىڭ بىر مەيدانغا يىغىلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ يەردە نېمە ئىش بولغاندۇ دەپ بارسا بىر پىل سۇنايلىنىپ ياتقۇدەكمىش. بوۋام بۇ پىلنىڭ چايان چېقىۋالغانلىقىنى بىلىپ «توۋا» دېگىنىچە يۈرىكىنى تۇتۇپ قويۇپتۇ ۋە ئۆز - ئۆزىگە «چايان دېگەن. . .» دەپ ئاستا شىۋىرلاپتۇ. مەن ئويلىنىپ قالدىم. دۈشمەن دېگەنگە سەل قارىغان بىلەن بولمايدىكەن. پىل ئېھتىيات قىلغان بولسا. . . دۈشمەن دېگەننىڭ چوڭ-كىچىكى يامان بولىدۇ، چۈنكى كىچىك نەرسە نىقاب ئىچىدە ياشايدۇ.

# ئەلۋىدا يىگىرمە سەككىز ياش

## 1

مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى رەت كۆرۈشكەندە، ئۇ سەرۋى قامەتلىك، گۈزەللىك سەيناسىدا شاھلىق تاجىسى كىيگەن ئاجايىپ چىرايلىق ساھىبجامال پەرىشتە ئىدى. مەن ئۇنىڭ تىنىق كۆلدەك سۈزۈك مېھرىدىن بەختىنىڭ نۇرلۇق يېشىل چىرىغىنى، بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن بۇگۈنكى ۋە ئەتىكى ھاياتىمنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈپ شادلىق رومكىسىدا توشقۇز ۋلغان سۆيگۈ شارابىنى ئۇنىڭغا ئېھتىرام قىلدىم. ئۇ قويىنىڭكىدەك قاپقارا نىگاھىغا بىر خىل مەمنۇنلۇق ياشلىرىنى جىلۋە قىلدۇرۇپ رومكامنى ئالدى. ئويماقتەك نېپىز لەۋلىرىنى ئاستا تەگكۈزدى...

ئىككىمىزنى خۇددى ياز ساباسىدەك ۋىسالنىڭ خۇش پۇراق گۈللىرى ئېچىلغان باغچىسىغا باشلاپ كىردى. بىز ئۇ باغچىدا بىر ـ بىرىمىزگە گۈل سوۋغا قىلىشقان چاغدا ئۇ ماڭا تويماي باقتى، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئاتىدىم. ئۇ ماڭا ئاستا شىۋىرلىدى: «بىز باغۋەن، بۇ گۈللەرنى پەرۋىش ئېتىمىز ـ ھە!» دېدى. مەن چەكسىز مۇھەببەتلىك بۇ سۆزدىن ھاياجىنىمنى باسالماي ئۇنى قۇچاقلىدىم. ئۇ بېشىنى كۆكسۈمگە قويدى.

## 2

بىز بىر ئوچاقتا بىر چوڭ گۈلنىڭ چىپىنى ئىچىشكە باشلىغان چاغدا ھاياتىنىڭ پەيزىدىن ئىككى گۈل ئېچىلدى. ئۇلار بىزنىڭ ئورتاق سۆيگۈمىزدىن بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىشقا باشلىدى. بىز ئۇ گۈللەرنى پەرۋىش قىلىشقا باشلىدۇق. گۈللەر ئەمدىلا خۇش پۇراق چېچىپ بىزگە بەخت كۈلكىسى ئېلىپ كېلىۋاتقاندا بىر قارا بوران گۈللەرنىڭ بىر شېخىنى قايرىۋەتتى. . .

ئۇ ئۇلۇغ ئانا ھەم ئۇلۇغ ئوقۇتقۇچى. ئۇ دەرسخانىدىكى ئىلاھ پەرىشتە، مەكتەپتىكى ھاۋا ئانا، ئائىلىدىكى ئوت.

مەن ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزىنىڭ بىر سېكونت ئىچىدە توساتتىنلا يۇمۇلۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ خەمىت①تەك تىترەپ بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىراپ كەتتىم. ئۇ تىپتىنچ، مىدىر ـ سىدىر قىلماي ياتاتتى. ئۇ گەپ قىلماي ياتاتتى، غۇنچىلىرىم ئۇنىڭغا بوغا بالىسىدەك تەلمۈردى، بۇدرۇق ئۇماق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىنى سىلىدى. ئۇ گەپ قىلماي ياتاتتى. يەر، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ، ئۇچار قۇشلار سۈكۈت ئىچىدە ئۇنىڭغا تەلمۈردى، لېكىن ئۇ يەنىلا جىمجىت ياتاتتى. ئۇنىڭ تۇۋرۇكى — ئۇنىڭ دادىسى، باغرى — ئانىسى ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ يەنىمۇ بىر قاچا سۇدەك مىدىرلىماي ياتاتتى. سەپداشلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭغا باش قويدى. ئۇ ئويغانماي ياتاتتى. . . ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك كۆز يۇمغانلىقىنى بىلدىم. گۈلدۈرماما، چاقماق، دەريا شاۋقۇنى، دېڭىز دولقۇنى زېمىننى تىترەتتى. مەن يۈرەك باغرىمغا، ھاياتىمنىڭ جەننىتىگە، مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغان ۋاپادارىمغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. . . تەۋرەپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ ئالتۇندەك نۇر يېغىپ تۇرغان لاتاپەتلىك چىرايىغا ئۇزاق قاراپ، چۇۋۇلۇپ كەتكەن چېچىنى تۈزەشتۈردۈم.

---

① خەمىت ـ پاكىستاننىڭ «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» فىلىمىدىكى رولخسارنىڭ سۆيگۈنى.

رەھىمسىز يەر ئۇنى باغرىغا ئالدى.

ئەلۋىدا سۆيگۈنۈم ، مەڭگۈلۈك ھەمراھىم، سەن بۇ رەھىمسىز دۇنيادا سانسىزلىغان ئادەملەرگە ئوخشاش ياشىشىڭ كېرەك ئىدى. بىراق، سېنى تەقدىر دوستلىرىڭدىن، جوراڭدىن، باللىرىڭدىن، ئاتا - ئاناڭدىن، ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلىرىڭدىن، سەپداشلىرىڭدىن ئايرىۋەتتى. بىز ھەسرەت ئىچىدە يىغلاندەك تولغىنىپ خۇداغا «سەن نېمە ئۇچۇن پاك، ئاق كۆڭۈل ياخشى ئادەملىرىڭنى بۇ دۇنيادا ياشىغىلى قويمايسەن» دېگەن سوئاللارنى قويساقمۇ، ئۇ بىزگە جاۋاب بېرەلمىدى.

ئېھ پەرىشتەم، سەن بۇ دۇنيادا ئارانلا يىگىرمە سەككىز باھارنى كۆرەلىدىڭ، غايە، ئارزۇ - ئارمانلىرىڭ تولىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇ ئارمانلار ئىستەك غايىب بولۇپ كەتمەيدۇ. ئۇ ئارمانلار ھامان بىر كۈنى ئۇيۇقتىكى زەر قۇياشتەك نۇر چاچىدۇ. مەن سېنىڭ يۇلتۇزۇڭنى ياندۇرىمەن.

ئەلۋىدا يىگىرمە سەككىز ياش. ئۇماق باللىرىڭ خەلقنىڭ ياخشى ئوقۇتقۇچىسى. . . سۆيۈملۈك ئانىسى.

# مەن يوق

«مەرھۇم ئەدىب تۇردى سامساقنىڭ شۇ ناملىق شېئىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن»

## 1

مەن بىر ئۇلۇغ ئانىنىڭ مېھرىبان قويىنىدا بۇ ئەرزىيدىغان دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇپ، ئۆز ۋۇن ئۆتمەي ئادەملەر توپىغا قوشۇلدۇم. خۇدا بۇ مىليونلىغان ئادەملەرنىڭ رەڭگى - چىرايىنى ئوخشاش ياراتمىغىنىدەك، ئۇلارنىڭ روھىنىمۇ، تەبىئىتىنىمۇ ئوخشاش ياراتمىغانىدى. مەن ئۆزۈمگە ماس كېلىدىغان تىلى بىلەن دىلى بىر، ئۆزىنى بىلەلەيدىغان ھەم ئۆزگىنىمۇ بىلەلەيدىغان، ئورتاق نىشان، مەقسىتى مېنىڭ بىلەن بىر بولغان، روھىيىتى باي ئاجايىپ ئويغاق ئادەملەر بىلەن چىرمىشىپ كەتتىم. مەنمۇ ئۇلارغا دانكونىڭكىدەك ئوتلۇق لاۋۇلداپ تۇرۇۋاتقان يۈرىكىمنى كۆرسەتتىم. ئۇلارمۇ بىتخوۋېنىنىڭكىگە① ئوخشاش لىرىك ھېسسىياتقا تولغان، گۈزەللىك تومۇر - تومۇرلىرىدا ئاققان جۇشقۇن قەلبىنى ئاچتى. بىز بۇ ھاياتلىق ئالىمىدە بىر تۈز سىزىقتا مېڭىۋاتقانلىقىمىزدىن چەكسىز ھاياجانىنىڭ چوڭقۇر قايناملىرىغا غەرق بولدۇق. بىز جىمجىت بىر تىنىق كۆلگە ئۇزاق قارىغاندىن كېيىن ھېلىقى روھى بىزگە يېقىنمۇ كەلمەيدىغان «ئادەملەر»گە قاراپ ناخشا ئېيتتۇق.

---

① بىتخوۋېن —گېرمانىيىنىڭ دۇنياۋى مۇزىكا ئۇستازى.

## 2

ئۇلارنىڭ روھى نىجاسەتنىڭ كۆچلۈك ئوتىدا تاۋلانغان، قەلبى پاسكىنا ۋىجدان بىلەن يۇغۇرۇلغان، غۇرۇرى يالاقچى ئىتنىڭ ئەرزىمەس كۆزىدەك كور، يۈندە ئازگىلىدەك قەدرسىز، ئەخلەت ساندۇقىدەك كۆرۈمسىز ئاشۇ پاسكىنا ھاياتلىق دۇنياسىدا مەن يوق.

ئۇلار ھەيكەلدەك قېتىۋالغان لاتا قونچاقلار، ئۇلارنى بىز «تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال، قورسىقىدا ئۇماچ يوق» خانزادىلەر، بەگزادىلەر دەپ ئاتايمىز. ئۇلار ئەتىدىن - كەچكىچە بوش يولنى چىڭداپ مېڭىشنىلا بىلىدىغان بايۋەچچىلەر، قورسىقى ئاغرىسا بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ دەيدىغان روھىي كېسەللەر. ئۇلار بۇ دۇنياغا پەقەت ئۆز ئېغىرىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن تۇغۇلغان، خالاس. ئۇ قاقشال دەرەخكە ئوخشايدىغان سۆلەتۋازلار قاتارىدا مەن يوق.

ئۇلار ئۆزگىلەرنىڭ رىزقىنى پارازىت قۇرتتەك دەپسەندە قىلغۇچىلار. ئۇلار ئۆزىنىلا ئويلاپ، باشقىلارنى ۋەيرانلىق يولىغا، ئاچلىق، ئازابلىق ئاچىلىغا باشلاپ قويىدىغان پەسكەش ئوغرىلار. ئۇلارنىڭ كۆزىدىن رەزىللىكنىڭ نۇرلىرى يېغىپ تۇرىدۇ، تىلىدىن ئالدامچىلىق، كاززاپلىق زەمزىمى تېمىپ تۇرىدۇ. كۈن بويى ھالالدىن مېھنەت قىلغۇچىلارنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ رىزقىغا نائىل بولۇۋاتقان ئۇ «ئىت» لارنىڭ ئارىسىدا مەن يوق.

ئاچچىق سوغۇقتەك كۆرۈمسىز كۆزلىرىدىن بىر خىل تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ مەيدىسىنى مۇشتلاپ يۈرگەن قاۋۇل «نوچىلار» نى كۆردۈم. ئۇلار تاڭ ئاتقاندا ئۈۋۈلىرىدىن چىقىپ بىر دوقمۇشقا جەم بولۇپ، خالىي جاينى تېپىپ «تاۋۇكا» قۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىدۇ. ئۇلار سومۇ ئىچمەي، تاماقمۇ يېمەي كۈن پاتقۇچە، تاڭ ئاتقۇچە «دەتتىكام» ئاتىدۇ. تاماق ئېتىپ ساقلاپ

تۇرغان مېھرىبان ئاياللىرى، كېسەل بولۇپ ئىگراپ ياتقان ئۇماق بالىلىرى خىيالىنىڭ بوسۇغىسىغىمۇ يولاپ باقمايدۇ. ئۇلار يېنىدىكى بار دۇنياسىنى ئۇيان - بۇيان قىلمىغۇچە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشنى خالىمايدۇ. ئۆي - ماكان، تۇتقان جاھان ھەتتا خوتۇنلىرىنى ئۇتتۇرۇۋېتمىگۇچە ئۇخلىمايدۇ. پەسكەشلىك ئۇلارغا رودۇپايدەك چاپلاشقان. ئۇلار رەزىللىكتىن قول ئۈزمىگۈچىلەر، چاشقان تېرىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان نومۇسسىزلار ئارىسىدا مەن يوق.

يالغاندىن گەپ توقۇپ ياخشىلارغا بوھتان قىلغۇچىلارنى كىم دەيدۇ. مەن ئۇلارنى كۆرۈپ چوشقا قوتىنىدىن سەسكەنگەندەك سەسكىنىپ كەتتىم. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى تۈلكىنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ماھىيىتىمۇ تۈلكىگە ئوخشايدۇ. ئۇ يوتىسىغا بىرنى قويۇپلا يۈزىنى ئېشەك تېرىسىدەك قىلىپ ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. «ئەسكىدىن جىن قورقىدۇ، تۆھمەتخوردىن ئالۋاستى» دېگەن گەپ يالغان ئېيتىلمىغان - دە، ئۇ بىر توقامنى توقۇپ خەقنى ئازابلايدۇ. باشقىلارنىڭ كۆزىدىن ئاققان خرۇستالدەك ياشاشنى كۆرۈپ غەلىبىسىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئاجايىپ خۇشال بولىدۇ، قاقىرنىڭكىدەك بويىنىنى غادايتقىنىچە كېتىپ قالىدۇ. ۋىجدانىنى ئەرزىمەس بىر ماددىغا تېگىشىۋاتقان ئۇ نائەھلىلەر ئارىسىدا مەن يوق.

ئۇلار جازانىخورلۇق كەسپىنى ئەۋزەل بىلگۈچى بېسىمدارلار. ئۆز ئەمرىدىكى مېھرىبان جورىسىنى خارلاپ «ئۈچ تالاق» قىلغان ۋىجدانسىز ئەرلەر، ئۇلار كۆن بويى ئاياللىرىنىڭ پېيىغا چۈشۈپ ئورۇنسىز كۈنداشچىلەر، بىراۋ بىلەن گەپ قىلىشىپ تۇرسا كۈنداشلىقى تۇتۇپ، قوي - كالىغا ئوت ئالىمەن دەپ قوناقلىقتا كەتسە كارى بولمايدىغان ئەرلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمەن. ئۆز ئايالىغا ئىشەنمەي كەچۈرگۈسىز ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ئاتا قىلىدىغان ئۇ «غانجۇغا»لار ئارىسىدا مەن يوق.

ئۇلار ئۆزىدىكى نۇقسانىنى بىلمەيدىغان ئادەملەر، ئۇلار كۆزى ئەما ئادەمنى مەسخىرە قىلىپ ئۆزىگىلەردىن ئېۋەن تېپىپ، تېتىقسىز كۈلكىلەرنى ياڭرىتىۋاتقان «شەيتانلار» ئارىسىدا مەن يوق.

مەن تۇغۇپ ئۆستۈرگەن، پەپىلەپ چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشىتىپ نارازى قىلغان، ۋارقىراپ چوماق كۆتۈرگەن ئادەملەرنى بىلىمەن. ئۇلار بۇ دۇنيادا خۇددى ئەجىرسىزلا يارىلىپ ئۆزىلا چوڭ بولۇپ قالغاندەك مەيدىسىنى كېرىپ ئۇن مېتىرلىق يولغا پاتماي، ئالدىغا كەلگەننى سوقۇپ زوراۋانلىق قىلىدۇ. بۇ ئالەمدە ياشاشنىڭ قىلچىلىكمۇ يولىنى بىلمەي، خالىسا ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشىتىپ پۇل ئالىدۇ، خالىمىسا بىراۋنىڭ توخۇسىنى ئوغرىلاپ ياشايدۇ. مەن ئۇلارغا شۇنى تەۋسىيە قىلىمەن: «ئەي ئادەملەر، ئۇلۇغ ئانىنىڭ بىر كېچە ئۇخلىمىغان ۋاقتىنىلا ئويلاپ قويساڭلار». ئۇلار بۇ سۆزۈمنى چوقۇم چۈشىنىشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ئۇ داتلىشىپ كەتكەن «تۆمۈر»لەر ئارىسىدا مەن يوق.

مەن بىر ئىتنى بىلىمەن، بىزنىڭ مەھەللىدىكى بىرسىنىڭ ئىتى. ئۇ ئىگىسىگە ئانچە ۋاپا قىلمايدىغان مەخلۇق. مەن ئۇنىڭغا بىر پارچە سۆڭەك تاشلاپ بەرسەم مېنىڭ بوسۇغامدىن كەتمەيدۇ، قوشنام بىر پارچە گۆش تاشلاپ بەرسە ئۇنىڭ ئىشىكىدىن كەتمەيدۇ، يەنە بىرسىمۇ شۇنداق قىلسا ئۇنىڭغىمۇ سادىق بولىدۇ. ئۇ ئاجايىپ «پەس» ئىت. مەن ئاشۇ ئىتقا ئوخشايدىغان «ئادەملەر»نى بىلىمەن. ئۇلار بۇ ھاياتتا ياشاشنى بىلمەيدىغان «ئىتلار»، مەن بىر نان بەرسەم مېنىڭ ئايىغىمغا باش ئۇرۇپ مېنىڭ گېپىمنى قىلىدۇ. باشقا بىرسى نان بەرسە ئۇنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياشايدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى خۇشامەتچىلىك ھۆجەيرىسى بىلەن تولغان. ئۇنى مەن «قۇل» دەپ ئاتايمەن. بۇ زېمىندىكى ئاشۇ دىۋانىدەك «قۇللار» قاتارىدا مەن يوق.

3

مەن يوق...

ھارام تاماق، روھى پەس، ھەسەتخور، كۆرەلمەس، غۇرۇرسىز يالاقچىلار ئارىسىدا مەن يوق.

مۇتتەھەم، ئۇششۇق، خۇشامەتچى، تەخسىكەش، كۆكەرمە، قىزىل تۇمشۇق سالار قاتارىدا مەن يوق.

كۆيدۇرگە، قانخور، لايغەزەل، بوشاڭ، ھۇرۇن، قاشاڭ توقماقلار ئارىسىدا مىڭ ھاقارەتتىنمۇ تەۋرەنمەيدىغان «ئېشەكلەر» ئارىسىدا مەن يوق.

پاسىق، ساراڭ، سەۋدايى، ياسالما مۇھەببەت نىقابىنى كىيىۋالغان پاك مەسۇم نارەسىدىلەرنى ئالداۋاتقان قاراقچىلار ئارىسىدا مەن يوق. مەن يوق... رەزىل ئىبلىسلارنىڭ ھەشەمەت قەسىرلىرىدە مەن يوق. ھاراقكەش مەيخۇمارلارنىڭ ئىشرەت راۋىقىدا مەن يوق...

مەن ناخشامنى تۈگىتىپ ئاسمانغا قارىدىم، ئىلاھىي قۇياش ماڭا قاراپ «چۈنكى سەن ئادەم» دەپ ئىللىق تەبەسسۇم قىلدى.

# سەن يوق

«شائىر مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ شۇ ناملىق شېئىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن»

ئەي پۈتكۈل ھاياتلىق دۇنياسىنى مۇھەببەتكە ئوراپ سۆيگۈ ۋە گۈزەللىك بىلەن بېزىگۈچى پەيغەمبەر ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ئانىسى مېھرىبان ئانا، مېنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىپ قويۇپلا باقىي ئالەمگە كەتكەنىكەنسەن. مەن ئايىغىم چىقىپ تەمتىرەپ ماڭدىم. ئەنجان تاملىق ھويلا - ئارامىلارنىڭ، باغ - ۋارانلارنىڭ ھەممىسىنى ئىزدەپ سېنى «ئانا، ئانا» دەپ چاقىردىم. بىراق ، مەن ئىزدىگەن ئاشۇ يەرلەردە سەن يوق.

ھەش - پەش دېگۈچە ئالتە باھارنىڭ مەيىن شامىلى يۈزۈمنى سىيپاپ ئۆتتى. مەن يەتتىنچى باھارنىمۇ كۈتۈۋالدىم. مېنى دادام باغۋەنلەرنىڭ تەربىيىلىشىگە بەردى. ئۇ يەردە ئاجايىپ چىرايلىق «ئانىلار» مېنىڭ بېشىمنى سىلىدى. مەنمۇ ئۇلارغا قەلبىم تەكتىگە يوشۇرۇنغان مېھرىمنــى بەردىم. ئۇزۇن ئۆتمەي بىـــز ئانا - بالىلاردەك چىقىشىپ قالدۇق. ئانا مېنى تەربىيىلــەۋاتقان ئاشۇ ئۇلۇغ ئانىلارنى ساڭا كۆرسىتەي دېسەم سەن يوق.

بىز «ئې، ل، پ»نى ئۆگەندۇق. مېنىڭ تىرىشچانلىقىم بەكمۇ زور بولدى. مۇئەللىم مېنىڭ سىنىپ بويىچە ئەڭ يۇقىرى نومۇر ئالغانلىقىمنى تەبرىكلەپ پېشانەمگە سۆيۈپ قويدى. مەن كۆزۈمگە لىققىدە ياش ئالدىم، ئۆيگە كېلىپ سېنى ئىزدىدىم، ئەكس سادالىرىم ئاۋاز قايتۇرمىدى. مەن سېنى قايتا - قايتا توۋلىدىم. ئىمتىھان قەغىزىمنى كۆتۈرگىنىمچە پېشايۋانلىق ئۆگزىگە چىقىپ

تولۇلىدىم، بىراق ئوتلۇق لېۋى بىلەن پېشانەمگە سۆيۈپ قويىدىغان «ئانا» سەن يوق.

مەن چوڭ بولدۇم، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بەردىم. ئۆزاق ئۆتمەي ئالىي مەكتەپ چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرۇۋالدىم. چەكسىز خۇشاللىق ماڭا كۈچ، غەيرەت ـ شىجائەت ئاتا قىلدى، مەن قانات چىقاردىم. مېنى چەكسىز باغرىغا بېسىپ نۇرلۇق كۆزلىرىدىن مەڭ مۇھەببەت ياغدۇرۇپ «ئوغلۇم سېنى قۇتلۇقلايمەن» دەپ ھاياجاندا ئاققان ياشلىرىمنى سۈرتۈپ قويىدىغان «ئانا» سەن يوق.

تەتىل كۈنلىرىمۇ يېتىپ كېلەي دەپ قالدى، مەن ئائىلەمگە قايتتىم. ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا كەتكەن توپىلىق يولدا ئاستا قەدەم ئېلىپ كېتىۋاتىمەن. يۈرىكىم خۇشاللىقتىن تېپىچەكلىمەكتە ئىدى. ئائىلەمنى كۆرۈشكە بولغان ئىنتىزارلىقىم قەلبىمگە پاتماي قەدەملىرىمنى تېزلەتتىم.

ئۇ، ئۆي. ئۇ، ئۆي مەن تۇغۇلغان قەسىر. ئۇ، مەن چوڭ بولغان ساراي. مەن دەرۋازىنى ئاستا ئېچىپ كىردىم، «ئوغلۇم تىنچ ئامان كەلدىڭمۇ؟» دەپ مېنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالىدىغان «ئانا» سەن يوق.

مانا بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى. ھەرقانداق ئىنسان ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتنى ئۆتەيدىغان سائەت داڭ ئۇردى. مەن بىر مېھرىبان قىزنى تاللىدىم. ئۇنىڭ ۋىجدانى چەكسىز قىممەتكە ئىگە، قەلبى ئالەمچە مۇھەببەت بىلەن تولغان، ساداقەتمەن، ئاق كۆڭۈل قىز ئىدى، بىز توي لاشتۇق...

شۇنداق ئەپسۇسلىنىمەن، ھەسرەتلىنىمەن، بېغىمىزنىڭ كەينىدىكى ئورمانغا چىقىپ ئۇزاق يىغلىدىم، ئاھ ئۇردۇم، ئاۋازىمنى جاراڭلىتىپ تولىدىم. سەن يوق... ئۆيىمىز توي تەنتەنىسىگە چۆمگەن، مەن سۆيگەن قىزنى ئائىلىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك بىر ئەزاسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلدىم. ئۇ بىزنىڭ ئائىلىگە مەنسۇپ

«بالا» بولدى. مەن مىڭلىغان شادلىققا چۆمگەن كىشىلەر ئارىسىدىن سېنى ئىزدىدىم، مەڭگۈلۈك ئايالىمنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ «مېنىڭ كېلىنىم، مېنىڭ قىزىم» دەپ باغرىغا ئالىدىغان «ئانا» سەن يوق.

ئاھ، يىللارنىڭ رەھىمسىز شاماللىرى چاچلىرىمغا ئاق سانجىپ ئۆتۈپ كەتتى، بىزمۇ ھايات دېڭىزىدىكى تۇرمۇش دەرياسىغا قولۋاق سالدۇق. تەڭرى بىزگە ئىككى پەرزەنت ئاتا قىلدى، تۇنجى قىزىم تۇغۇلدى. «مېنىڭ ئوماق نەۋرەم تەڭرى سېنىڭ ئۆمرۈڭنى ھەم بەختىڭنى بەرگەي» دەپ تۇنجى رەت ئاق يۆگەككە يۆگەپ بۆشۈككە تاڭىدىغان ئانا سەن يوق.

بەختلىك ھاياتنىڭ شاھىتى بولدۇق. شۇنداق، سەن «بەختىڭنى بەرگەي ئىلاھىم» دەپ دۇئا قىلغان ، ئۇمۇ بىرگە ھېساب. بىز ھاياتنى سۆيگۈچىلەر، مۇھەببەتنى قەدىرلىگۈچىلەر. بەخت بىزنىڭ مېھنىتىمىزنىڭ جەۋھىرى. دىلى بىلەن تىلى تۇتاش ئىككى ئوتلۇق يۈرەكنىڭ مەھسۇلى. ئانا، بىز كۆلۈۋاتقان ھەشەمەت راۋاقتا سەنمۇ بولساڭ ئىدى، بىز ئولتۇرغان ئورنىمىزنى، ياتقان كارۋىتىمىزنى، يېگەن تامىقىمىزنى، ئىچكەن قايماق چېيىمىزنى ساڭا پەخىرلەنگەن قەلبىمىز بىلەن سۇنغان بولاتتۇق. بىراق، ئۇ گۈللەر ئېچىلغان گۈلزارلىقتا سەن يوق.

ئانا، سەن يوق. دولامغا ئېلىنىۋېلىپ ئالدىمدىكى ئاجايىپ سىرلىق مۆجىزاتلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىپ كېلەي دېسەم سەن يوق.

مۇھەببەت ئىلاھى ئاپرىدوت تۇغۇلغان يەرنى، فرئەۋن دەپنە قىلىنغان ئېھرامنى، ئىسكەندەر زۇلقانەيىن بەيگىگە چۈشكەن تۇپراقنى، پارىژنىڭ گۈزەل ھەشەمەت باغچىلىرىنى، بىز باش قويىدىغان مۇقەددەس بەيتۇل ھەرەمنى كۆرسىتىپ كېلەي دېسەم سەن يوق.

ئانا، سەن يوق. بۇ مەن ئېزىزلايدىغان ھەم جېنىمدىنمۇ

ئەتىۋارلاپ سۆيىدىغان تۇپراقتا سەن يوق. ئاسماننىڭ چەكسىز بوشلۇقىدا ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلار ئارىسىدا سەن يوق.

تۈن كېچىگە ماياك بولۇپ پۈتكۈل ھاياتلىق دۇنياسىغا شولا چېچىۋاتقان يۇلتۇزلار ئارىسىدا سەن يوق.

قەلبى چەكسىز ھەسرەتكە تولۇپ بىر كۈن خۇشال بولسا، بىر كۈن قايغۇرىدىغان ساھىبجامال تولۇن ئاي باغرىدا سەن يوق.

شاۋقۇنلۇق ناخشىنى زېمىنگە چېچىپ ئەسلا ئۇخلاشنى خالىمايدىغان دەريا ساھىلىدا سەن يوق.

نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئويغانماي ياتقان تەۋرەنمەس قۇملار ئارىسىدا سەن يوق.

ئانا، سەن يوق. ئوغلۇڭنىڭ جاسارەتلىك ۋۇجۇدىدىن تامچىغان ناخشىنى ئاڭلاشقا سەن يوق. سەن يوق...

# شوتا

دوستۇم، ئاۋۇ تەرەپكە قارا، بۇ دۇنيادا ياشاشنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىشقا شوتا ياساۋاتقان قېرىنداشلارنى كۆر.

ئۇ مۇھەببەتتىن شوتا ياسىدى. ئۇ ئاشۇ خىيالىي شېرىنلىق بىلەن ھايات كەچۈرۈشنى ئىزدەپ بىر گۈلنى ھەدەپ پۈرىدى. ئۇنى قەدىرلەپ كۆكسىگە قىستى، بىراق ئۇ گۈل ۋاقىتلىق چىققان بوراندا يەرگە چۈشۈپ كېتىپ توزۇپ كەتتى.

ئۇ يانچۇقىدىكى قاتلاق پۇللاردىن ھاياتىنى ئەبەدىلئەبەد گۈزەللىكتە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن مۇقەددەس شوتا ياساپ، ئۆزىنى رېئاللىقتىكى ئەڭ قالتىس ئادەم كۆرۈپ شادلاندى. ئۇ كېرىلىپ يولغا پاتماي قالدى. كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ ئالدىدا قاراپ تۇرغان ئانىسى بىلەن دادىسىنىمۇ بىلمەي ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ بۇ ھاياتنى شۇنداق ئۇيىندىكى ئاشۇ پول بىلەن خار قىلدى. ئۇ ھېلىقى بوراندا قالغان گۈلگە ئوخشاش توزۇپ كەتتى.

ئۇ بىلىم بىلەن شوتا ياسىدى. بۇ ئەڭ كۈچلۈك ئېگىلمەس شوتا بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سامانيولىدىكى بارلىق پلانىتلارنى ئايلانغىلى بولاتتى. ئۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇنىڭغا نۇرغۇن قەلبلەر ئاق يول تىلىدى، نۇرغۇن قىزلار گۈل سوۋغا قىلىشتى. ئۇ چەكسىز ئۈمىدۋار سىزىقىدا بۇ دۇنيادا ياشاشنىڭ يولى بىلەن ماڭدى. خۇدا ئۆزىنى بۇ ئالەمگە ئاپىرىدە قىلغانغا ئەڭ مەمنۇن بولۇپ، ھاياجانلىق يېشىنى تۆكتى. ئۇ يەرگە قاراپ بەزى ھەمراھلىرىنىڭ ھاراق بوتۇلكىسىغا مىنىۋېلىپ بەخت ئىزدەۋاتقىنىنى، بىر نان ئۈچۈن تەخسە كۆتۈرۈپ يۈرۈۋاتقانلارنى،

ئىت، مۇشۇكلەرنى، قوتۇر چاشقانلارنى، ھۇرۇن ئىشەكلەرنى كۆردى.

ئۇ شۇنداق ئىنسان، ئۇنىڭ بەختى، ھاياتى — بىلىم، ئۆگىنىش، ئىزدىنىش. ئۇ دوراشنى، قېيىداشنى ياقتۇرمايدىغان ھايات.

# رەسىم

ئاھ، مېنىڭ يۇمران، ئوماق، سەبىي ۋە گۇناھسىز چاغلىرىمدىكى بالىلىق رەسىمىم. سەن ئەمدى مەڭگۈ كەلمەيسەن. سەندىكى سەبىيلىك ئەمدى مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ.

مەن تۆت ئەتراپى چىرايلىق گۈللەر بىلەن سىزىلغان جازىنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۆتۈپ كەتكەن بوۋاقلىقىمنى، بالىلىق چاغلىرىمنى، ئۆسمۈرلۈك ھاياتىمنى ۋە ياشلىق باھارىمنى چوڭقۇر خىياللار قوينىدا ئەسلىدىم. ئۇ چۇش باغچىسىدا ئېچىلغان سولىياۋ گۈل. مەن ئۇنى كۆرۈپلا قويىمەن، ئەمما پۇرىمايمەن.

خىيال مېنى رەسىمي ئۆز ئىلكىگە ئالغاندا ئىشىكنىڭ ئېچىلىپ ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ كۆز ئالدىمدا ئۆرە تۇرغىنىنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن. ئۇ ماڭا قاراپ جىمجىت تۇراتتى، مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم.

مەن ئۇ ناتونۇش ئادەمنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى بىلىش نىيىتىدە ئۇنىڭدىن بىر قاتار سوئاللارنى سورىدىم، ئۇ گەپ - سۆز قىلماي ئولتۇرۇۋەردى. مەن ئىچىم سىقىلغانلىقتىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. گۈللۈكتە ئېچىلغان گۈللەرگە قاراپ دېرىزە يېنىغا كېلىپ ئىزغىرىن مەيىن شامالدىن شادلاندىم. شۇ چاغدا ئۇ ناتونۇش كىشى شامالغا ئايلىنىپ ئاجايىپ يېقىملىق كۈلگىنىچە دېرىزىدىن چىقىپ كەتتى.

مەن ھېلىقى رەسىمىمگە قاراپ بىھۇدە ئۆتكەن ھاياتىمنى ھاقارەتلىدىم.

# شائىر

ئۇ ئۇچۇۋاتىدۇ، خۇددى دەھشەتلىك شىۋىرغانلاردىن غالىب كېلىپ، گويا دېڭىز ئۈستىدىن گۈركىرەپ چىقىۋاتقان بوران قۇشىدەك ئۇچۇۋاتىدۇ، يۇلتۇزسىز تۈن قاراڭغۇسىدا يورۇقلۇق ئىزدەپ ئېگىلمەس قانىتىنى مەغرۇر تۇتۇپ تىنچلىق پەرىشتىسى ئۈچۈن ئەركىن قانات قېقىۋاتىدۇ. ئۇ ئۇچۇۋاتىدۇ، كۆركەم تەڭرىتېغىنىڭ ئېگىز چوققىلىرىنى ئايلىنىپ، جۇڭغار ۋە تەكلىماكان ئەتراپلىرىغا ئۆتكۈر كۆزىنى تىكىپ ئۈزمەستىن زوقلىنىپ قاراۋاتىدۇ. ئاھ، ئۇ نېمىدېگەن باتۇر - ھە!

ئۇ قەلبى گۈزەل، پاك سۇپەت ئانىسىنىڭ مۇبارەك قەلبىنى يېرىپ چۈشۈپ قۇياشلىق دۇنياسىغا كۆز ئاچقاندا مېھرىبان ئانا ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، تەپەككۇر ۋە ئەقىل ئاسمىنىدىكى سان - ساناقسىز كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك پارقىراق يۇلتۇزلارنى كۆرسەتتى، ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان ئېگىز تاغلارغا قاراشنى، مۇقەددەس زېمىننى سۆيۈشنى ئۆگەتتى. ئوماق بالىنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى ئاشۇ ماكان ۋە ئىنسانلار ئالىمىگە تىكىلىپ، مېھرى - مۇھەببىتى چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتتى.

مانا ئۇ قەلبىنى قولىدا تۇتقان ھالدا جىم - جىم تاغ باغرىدا نۇرلۇق كۆزلىرىنى چەكسىز ئۇپۇققا تىكىپ، گىگانت ئادەمدەك قەد كۆتۈرۈۋاتىدۇ.

مانا ئۇ ئادىمىزات ئاسمىنىدا مەغرۇر ئۇچۇپ يۈرۈيدۇ. ئۇ ھەق - ناھەقنىڭ تارانچىسى، تېپىلماس ئىنسان، زېمىن ئانامنىڭ

قەدىردان بالىسى، تەڭرىتېغىنىڭ قورقماس بۈركۈتى، ئىنسان تىنچلىقىنىڭ قوغدىغۇچىسى، ھەقىقەت پەرىشتىسى. . .

شائىر پەقەتلا شائىر. . .

# باھار قۇشى

## (چاتما نەسرلەر)

## ئۇ باھار قۇشى

ئۆينىڭ شەرق تەرىپىدە دېرىزە بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەينەكلىرى زىمىستاننىڭ قاتتىق سوغۇقلىرىدا مۇزلاپ كېتەتتى. مەن قارىغاي يوپۇرماقلىرىنىڭ شەكلىدە مۇزلاپ كەتكەن، دېرىزىلەرگە قاراپ باھارنىڭ قۇياش نۇرىنى سېغىنىپ چەكسىز خىيال قاينىمىغا ئەسىر بولاتتىم.

باھار ھامان كېلىدۇ. ئۇنىڭ تىنىقى دىماقلارغا ئۇرۇلۇپ قارا قىشتا سۈت ئۇيقۇغا كەتكەن ھۇجەيرىلەرنى ئويغىتىپ، روھنى يېڭى بىر ھاياتقا ئۇرغۇتىدۇ.

ئەنە، ئۇ كەلدى. مەن ئەمدىلا ئېرىپ قۇياش نۇرىدا خرۇستالدەك پارقىراۋاتقان دېرىزە يېنىغا كېلىپ، رامنى ئاچتىم. پاھ، بىر مەيىن شامال ھۇجرامغا كىرىپ، ئۆيۈمنى خۇشپۇراقلىق ئەتىرگە ئورىدى. مەن ئالەمچە خۇشاللىق ئىلكىدە چاچلىرىمنى تاراپ، پۈتۈن تېنىمنى سۆيۈۋاتقان باھار شامىلىنى قۇچاقلىدىم. ئۇ مەستخۇشلاندى. ئۇنىڭدا بىر سېھرىي كۈچ بار ئىدى.

مەن سامانىڭ تەكشى بوشلۇقىدا ئىككى ھاياتنى كۆردۈم. بىرى ئىلاھى نۇر، يەنە بىرى ئەلچى، ئۇچۇر، خەۋەرچى مۇئەككىلى باھار قۇشى. ئۇ يىراقتىن، تولىمۇ يىراقتىن بىــــزگە يېقىـــنلاپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەنە ئۇ كەلدى. ئۇ ئۆيۈمنىڭ ئالدىدا ئاسمانغا بوي تارتقان

ئاق تېرەك شېخىغا قوندى. ئۇ مەن تەرەپكە قاراپ ئىللىق تەبەسسۇم قىلدى.

مەن چاپىنىمنى ئېلىپ تالاغا چىقتىم.

## باھار دېگەن ئاشۇمۇ؟

قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرىدىن زېرىكىپ كەتكەن ئوغلۇم يوتقىنىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقتى ـ دە، يېنىمغا كېلىپ مېنىڭ بىلەن بىرگە يىراقتا نەزەر تاشلىدى.

— دادا، باھار دېگەن ئاۋۇ دەرەخ شېخىغا قونۇپ سايراۋاتقان قۇش شۇمۇ؟ — دەپ سورىدى ئوغلۇم كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئاسمانغا بوي تارتقان دەرەخكە قارىتىپ.

— ھەئە ئوغلۇم، دەل ئاشۇ قۇشنىڭ ئۆزى باھار، — دېدىم مەنمۇ قىزغىنلىق بىلەن.

ئۇ، ئۇ قۇشقا ئۇزاق قاراپ بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن ماڭا قارىدى.

— دادا، ئۇ بەك تېتىك، جۇشقۇن قۇش ئىكەن. سايراشلىرى شۇنچە يېقىملىق، ئادەمنىڭ مەسلىكى كەلگۈدەك قۇشكەن ـ ھە! — دېدى باھارغا تېخىمۇ قىزىققاندەك.

— شۇنداق ئوغلۇم، باھار دېگەن جۇشقۇن، تېتىك ئالتۇن چاغنىڭ ئۆزى. ئۇنى قەدىرلىسىلا ئالەمنىڭ سىرىنى يەشكىلى، ئەڭ ئۇلۇغ، ئۆلمەس ناخشىلارنى ياراتقىلى بولىدۇ. ئەنە شۇ قۇشتەك يېقىملىق ناخشىمۇ ئاشۇ باھاردا تۇغۇلىدۇ، — دېدىم.

ئۇ سۈكۈت دەرىخىگە يۆلەنگىنىچە خىيالغا چۆمدى. ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى يەنىلا ئاشۇ قۇشتا ئىدى.

## مازار چاشقىنى

باھار ھەممە مەۋجۇداتقا ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ.

قۇشنىڭ يېقىملىق ناخشىسىنى مازار چاشقىنىمۇ ئاڭلىدى. ئۇ ئۆز قۇلىقىغا بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەي، مازارنىڭ كىچىككىنە يوچۇقىغا قۇلىقىنى يېقىن ئەكېلىپ ناخشىنىڭ راستلىقىنى ئاخىر جەزم قىلدى.

ئۇ كاماردىن سوغۇرۇلۇپ چىقتى. بۇ چاغدا قۇياشمۇ ئۇپۇق سىزىقىدا تەبەسسۇم قىلىۋاتاتتى. ئۇ بىر قۇياشقا قارىسا بىر زېمىنغا قاراپ، شادلىق ناخشىسىنى ئەتراپقا چېچىشقا باشلىدى.

قۇش مازار چاشقىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ: «گۈزەللىككە پۈتۈن بەدىنىدىن رەزىللىك، پەسكەشلىك يېغىپ تۇرىدىغان جانلىقلارمۇ ئىنتىلىدىكەن ــ ھە!» دېدى.

## زېمىننىڭ سۆزى

باھار مېنىڭ ئارزۇلۇق قىزىم. مەن ئۇنى تەبىئەتتىن ئاپىرىدە قىلدىم. ئۇ ئىككى قۇتۇپتا ياشايدۇ. مەن ئۇنى يىلدا بىر قېتىم كۆرەلەيمەن. ئۇ ئۆزى كېلىپ يەنە ئۆزى كېتىدۇ. ئۇ كەلگەندە سۆيۈپ قارشى ئالىمەن، كەتكەندە يىغلاپ ئۇزىتىپ قويىمەن. ئۇ ھەر كەلگەندە ئۆتكەنكىگە ئوخشىمايدۇ. خۇددى كەچكى شەپەقتەك ئۆزگىچە، ھەر خىل كېلىدۇ. مەن ئاشۇ ھەر خىل باھاردىن ھەر خىل ئارتۇقچىلىقلارنى سېزىمەن.

باھار ساھىبجامال قىز، ئۇنى كىمكى سۆيىدىكەن ئۇ سۆيگۈچىگە چەكسىز مۇھەببەت، ئالەمچە بەخت ئاتا قىلىدۇ.

بەخت — باھارنىڭ نۇرى.

قۇش زېمىننىڭ سۆزىدىن خۇرسەن بولدى بولغاي، ئاپئاق ماۋۇقتەك قانىتىنى كېرىپ بىر رەت سايرىۋەتتى.

## مېھىر

تەڭرى مۇشۇ ئالەمنى بىنا قىلغاندا ئەڭ يۈكسەك مېھرىنى ئۈچ مەۋجۇداتقا بەرگەنىكەن.
ئۇلار قۇياشتەك ئۇلۇغ مۇقەددەس ئانا، پەرىشتىدەك پاك ساھىبجامال قىز، جەننەتتەك گۈزەل باھار.
مېھىر — پەقەت گۈزەل نەرسىلەردىلا بولىدۇ.

## ئوغلۇمنىڭ ناخشىسى

مۇزلار ئېرىپ زۇمرەت سۇلار ئېرىقلاردا جەۋلان قىلدى. مەن تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ قۇدرىتىگە ھەيران بولۇپ، يىراقلارغا نەزەر تاشلىدىم.
زېمىندا ھەممە نەرسە ئويغانغانىدى. مەن ئۇ «ئويغاق» ھاياتقا مەدھىيە ناخشىسى ياڭراتتىم.
راست، زېمىندە قۇرت - قۇڭغۇزلارمۇ ئويغىنىپتۇ.
مەن دەرەخ شېخىدىكى ھېلىقى قۇشقا قاراپ:
— ھەي قۇش، سەن ماۋۇ قۇرت - قوڭغۇزلارنى يېگىن، — دېدىم.
قۇش بىرئاز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئېتىز قىرلىرىدا، يۇمران مايسىلار ئارىلىقىغا كىرىۋالغان قۇرت - قۇڭغۇزلارنى كۆرۈپ ئوقتەك ئېتىلدى.
مەن قۇشقا قاراپ:
— ھەي قۇش، ئۇ جانىۋارلارنى نېچۈن يەيسەن، — دېدىم.
ئۇ خۇددى مېنى زاڭلىق قىلغاندەك كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى خېلى ھازاغىچە بېسىقمىدى . مەن ئۇنىڭدىن يەنە سورىدىم.

— ئېيتىپ باققىن قۇش، سەن ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن جېنىدىن جۇدا قىلىسەن؟

— ئۇلار زىيانداشلار، ئۇلار گۈزەللىكنى نابۇت، ۋەيران قىلغۇچىلار، ئۇلار ئاچكۆز قارىغۇلار، ئۇلارنى يوقاتمىغاندا ئۇلار يۇمران ئۆسۈپ كېتىۋاتقان مايسىلارنى جېنىدىن جۇدا قىلىدۇ، ـ دېدى قۇش.

مەنمۇ زىيانداشلارنى ئىزدىدىم.

## ئىنتىلىش

بىر مەجنۇنتاللىق ئاستىدا ئىككى ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ياش ئىدى. ئۇلار ئىككى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بولۇپ ، ھەر ئىككىسى خىيالغا ئەسىر بولدى .

بىرى قاتتىق چۆشتىن ئويغىنىپ كەتكەندەك قاتتىق سىلكەندى ـ دە، قولىدىكى قورۇغدىنىپ قالغان رومكىسىغا ھاراقنى لىق تولدۇرۇپ، يەنە ئاۋۋالقىدەكلا خىيال قىلىشقا باشلىدى. يەنە بىرىمۇ چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ قولىدىكى خاتىرىسىگە ئاللا نېمىلەرنى جىجىپ يەنە خىيالغا پاتتى.

ئۇ يەردىكى ھايات شۇنداق داۋام ئەتتى. ئۇ يەردە ئىككى ھايات بىر ئۇلۇغۋار ئارمانغا ئىنتىلمەكتە ئىدى.

## ھايات ۋە بەخت

مۇزدىن ياسالغان ھەيكەل كۆركەم، چىرايلىق بولسىمۇ، ئۇ مەڭگۈلۈك قەددىنى تىكلەپ تۇرالمايدۇ. ساختىلىق، مەككارلىق بىلەن ئېرىشكەن بەختمۇ ئۇزۇنغا بارماي كۆلى كۆككە سورۇلدۇ.

ھاياتنى گۈزەللىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن پۈتۈنلەي ساختىلىقتىن خالىي قىلىش زۆرۈر دەپ قارايمەن.

## قاقشال دەرەخنىڭ چۈشى

مەن قاتتىق سوغۇقتىن سىلكىنىپ ئويغاندىم. ئوڭ تەرىپىمدىكى سوغۇق ئېقىن سول تەرىپىمگە ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئوڭ تەرىپىمدە شۇنداق ئىللىق بىر نۇرنى كۆردۈم.

غۇۋا نۇر ئاستا ـ ئاستا يوقىلىشقا باشلىدى. ئۇ تاغ ئارقىسىغا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇنى سۆيۈش ئۈچۈن كېتىپ قالدى. ئۇ مەڭگۈ كەلمەيدىغان نۇر.

مەن چۈش كۆردۈم.

ئۈستۈۋېشىغا يېشىل لىباس ئارتقان بىر گۈزەل قىزنى كۆردۈم، لاتاپەت باغچىسىدىكى پەرىشتىنى كۆردۈم. گۈزەللىك شاھىتى زەڭگەر نۇرنى كۆردۈم. ئۇ ئاستا ـ ئاستا مەن تەرەپكە يېقىن كەلدى.

ئۇ مېنى سۆيدى. مەنمۇ قۇچاقلىدىم. ئەركىنلىك، ھۆرلۈك — ئۇ باھار، مەن ئۇنى چۈشىدىم، مەن ئۇنى ھامان كۆرىمەن. ئېھ باھار.

## ئېھ، ئورمان

ئېھ، ئورمان.
ئىمتاسلىق ئىلكىگە چۆمگەن ئورمان باھارنى سېغىنغانىدى.
سوغۇق دەستىدىن تارتقۇچە ئازابلانغان يۇمران تەنلەر ئىللىق نۇرنى سېغىنغانىدى .
ئۇلار جىمجىتلىق ئىچىدە بىر تىۋىشقا قۇلاق سالماقتا ئىدى.
ئۇ تىۋىش ئاستا ـ ئاستا ئورمانغا يېقىنلاشتى.
قۇش ئۇ يەردە پەيدا بولدى.
— سىلەر تاڭنى سېغىندىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى قۇش ئورماندىن.
— سېغىندۇق ، — ئورمان ياڭراق جاۋاب قايتۇردى.
— سىلەر ئۇنى قانداق قارشى ئالماقچى؟ — سورىدى قۇش.
— بىز ناخشا ئېيتىپ قارشى ئالماقچى، — دېدى ئورمان.
— ياخشى، سىلەر بىرلىك ، ئىناق ـ ئىتتىپاقلىق ناخشىسى بىلەن باھارنى كۈتۈۋېلىڭلار ، — دېدى ـ دە، قۇش ئەرشكە قاراپ قانات قاقتى.
ئېھ، ئورمان، سىلەر مۇقەددەس كۈچ، پولات قورغان، سۇنماس ئىستىھكام.

## قىزىمنىڭ كۆلكىسى

ئەمدىلا ئىككى ئايازنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قىزىم دېرىزە تەكچىسىگە چىقىپ شەرقنىڭ ئۇپۇق ئېتىزىدا جىلۋە قىلىۋاتقان قۇياشقا قاراپ ئوماققىنا كۈلدى. مەن ئۇنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق

كۆلكىسىدىن گۈزەل باھارنىڭ رۇخسارىنى كۆرگەندەك بولدۇم. باھار ئەنە شۇنداق كۈلىدۇ.

## بۇلبۇل ۋە چوشقا

چوشقىنىڭ كۈچۈكى مەھكۇم قىلىنغان قەپەستىكى بۇلبۇلغا قاراپ شۇنداق دېدى:

— ھەي بىچارە مەھبۇس، سەن بۇ داچىغا ماكان ئەتكەندىن بېرى بىرەر قېتىممۇ سايراپ باقمىدىڭغۇ؟

بۇلبۇل كۈلۈپ كەتتى. چوشقىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈلدى. لېكىن، بۇ ئىككى كۈلكە ئوتتۇرىسىدا پەردە بار ئىدى.

بۇلبۇل سۈكۈت ئىچىدە خىيال قىلىپ تۇرغىنىدا چوشقا يەنە سۆز قىلدى.

— ھەي تۇرمىدىكى ئاشىق، باھار تىنىقى دىمىقىڭغا كىرمەيۋاتامدۇ. باھار زېمىنغا ھاۋادەك يېيىلىپ يەر ئىللىشقا باشلىدى. سېنىڭ سۆيگەن گۈلۈڭمۇ ئاپىرىدە بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. مانا مۇشۇنداق خۇشاللىق پەيتلەردە نېچۈن سايرىمايسەن؟

بۇلبۇل چوشقا كۈچۈكىگە مەختەك قادالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل نۇر چوشقىنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. چوشقا ئەيمەندى بولغاي جىمجىتلىق ئاستىدا يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى.

بۇلبۇل يەنە جىمجىتلىق دەرياسىغا شۇڭغۇدى، ئۇنىڭ خىيالىدا، دەريا، دېڭىز، زەڭگەر كۆكتىكى قۇش ئەكس ئەتمەكتە ئىدى.

## پەرىشتە

قۇياش پاتقانىدى. موردىكى جىنچىراغقىمۇ ئوت يېقىلدى. غۇۋا يورۇقلۇق ئىچىدىكى ئىمتاسلىق شۇنچە سۆرلۈك ئىدىكى، ئۇ يەردە يەڭگىل تىنىقتىن باشقا ھېچقانداق تىۋىش يوق ئىدى.

قۇۋ چاشقان قورسىقى ئاچتى بولغاي ئۇۋىسىدىن چىقتى ـ دە، ئۇيان ـ بۇيان قاتىراپ ئازراقمۇ ئۇزۇقلۇق تاپالمىغاندىن كېيىن يەنە ئۇۋىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئۇۋىسىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقتى. ئۇ ئۇيان ـ بۇيان يۈرگەندىن كېيىن گۈل تەشتىكى يېنىغا كېلىپ توختىدى. چىرايلىق ئېچىلغان قىزىلگۈل ئۇنى بەكمۇ خۇرسەن قىلىۋەتتىمىكىن، ئۇ ئۇچلۇق بۇرنىنى گۈلگە سوزۇپ پۇراشقا باشلىدى.

«پاھ، پاھ، بۇ ئالەمدىمۇ بۇنداق مەززىلىك پۇرايدىغان دەرەخنىڭ بارلىقىنى ئەمدى كۆرۈشۈم» دېگەن خىياللار بىلەن تورغاندا چاچلىرى بوغدا چوققىسىدەك ئاقىرىپ كەتكەن موماي ئۇنىڭغا كۆتمەك سۇپۇرگە ئاتتى. چاشقان بەختىگە يارىشا قۇتۇلۇپ ئامان قالدى. ئۇ كىچىككىنە كامىرغا ئاران كىرىۋېلىپ «ھۇ ئۆلمۇگۇر قېرى تولكە» دەپ تىللىغىنىچە كۆزدىن غايىب بولدى.

تاڭ ئاتتى. قۇياش كۈلۈپ، زېمىنغا بەخت نۇرى تارالدى.

## مۇزلىغان يۈرەك

— دادا، ئاۋۇ كىشى نېچۈن باھاردا جۇۋا كىيىۋالىدۇ؟

— ئۇ قۇياشنىڭ نۇرىنى كۆرمەيدىغان ئەما ئادەم بولسا كېرەك.

— ياق دادا، ئۇنىڭ كۆزى ساق، بىراق رەڭگى نورمال ئەمەستەك قىلىدۇ، سىز زەن سېلىپ قاراپ باقتىڭىزمۇ؟

— شۇنداقتەك تۇرىدۇ بالام. ئۇ كىشى بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇققان ئادەم ئوخشايدۇ؟

— نېمىشقا قارا قىشتىكىگە ئوخشاشلا قېلىن جۇۋا كىيىپ يۈرىدۇ؟

— ئۇنىڭ يۈرىكى مۇزلاپ كەتكەن.

— ھە، يۈرىكى مۇزلاپ كەتكەن دېدىڭىزمۇ؟ يۈرەك ئادەمنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۇرسا، بەدەننى قېلىن چاپانلار ئوراپ تۇرغان تۇرسا قانداقمۇ يۈرىكى مۇزلاپ كەتسۇن.

— بالام بۇنى سەن تېخى چۈشەنمەيسەن، ئۇ كىشىنىڭ ھەقىقەتەن يۈرىكى مۇزلىغان.

— نېمە ئۈچۈن يۈرەك مۇزلايدۇ؟

... ... ... ... ... ... ... ... ...

— ئۇ كىشى نېمە ئۈچۈن باشقا نۇرغۇن كىشىلەردەك خۇشال ـ خورام يۈرمەيدۇ.

... ... ... ... ... ... ... ... ...

— ئۇ كىشىنىڭ نېمە ئۈچۈن كىيىملىرى كونا، خۇددى باشقىلار سەدىقە بەرگەندەكلا جۇل ـ جۇل.

— ئۇ تىلەمچىلەرنىڭ ماكانى يوقمۇ؟ ياسىداق ساراي، داچىلىرى يوقمۇ، ئۇلار نېمە ئۈچۈن كۆركەم ئىمارەتلەرنى سالمايدۇ.

— پۇلى بولمىسا كېرەك، پۇلى بولمىغاندىكىن قولى ھېچ يەرگە يەتمەيدىغان گەپكەن.

— دادا، بىز ئۇ كىشىگە پۇل بېرەيلىچۇ، بىز ئۇ ئادەمنى قۇتقۇلدۇرۋالايلى، ئۇنىڭغا ئۆيىمىزنىڭ بىر ئېغىزىنى بېرەيلى، ئۇ تالادا توڭۇپ قالمىسۇن، ئېچىرقاپ كەتكەن. لالما ئىتلار ئۇنى جەسەت ئوخشايدۇ دەپ يەۋەتمىسۇن. بىز ئۇنىڭغا كۆنەيلى، ئۇمۇ

بىزگە ئوخشاشلا ئادەم تۇرسا، تىلىمىز بىر بولغاندىكىن شۇنداق قىلايلى دادا.

— بولىدۇ بالام، بىز ئۇنىڭ يۇرىكىگە باھار مېھرىنى بېرىپ ئۇنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتايلى.

## سۆيگۈ

بىر تىنىق يۇزۇمگە ئۇرۇلدى. يۇرىكىم ئوت ئىچىدە ئاستا تەۋرەندى.

ئۇ تىنىق ئاستا ـ ئاستا بەدەنلىرىمنىڭ ھەممە جايلىرىغا تاراپ كەتتى. مەن مەستخۇشلۇق ئىچىگە غەرق بولدۇم.

مەن كۆزۈمنى بىر ئېچىپ بىر يۇمۇپ چەكسىز شېرىنلىك ئىچىگە باغلانغان ھالدا ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئېتىۋەتتىم.

بەدەنلىرىمدىكى بىر خىل سېزىم ئۇنىڭ نازۇك تېنى بىلەن ئۇچراشقاندا مەن ئەرشنى كۆردۇم.

ئۇ ئاستا ئىگىردى. مەن بۇ ئىگىراشلار قوينىدا يەنىمۇ چەكسىز مەستخۇشلاندىم.

ئۇ ئاخىر ھوشىدىن كەتتى، مەنمۇ ئۆزۈمنى يوقاتقان ھالدا ئۇنىڭ جىمى جايلىرىنى، قىزىلگۈلگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئەڭ نازۇك يوپۇرماقتەك ئەزالىرىنى پۇرىدىم. يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيدۈم.

ئۇ ھوشىغا كەلدى. ماڭا كۈلۈپ قارىدى. مەن ئۇنى قوينۇمغا ئالدىم. ئەسەبىيلەرچە، ياق مېھرىبانلارچە سۆيدۈم.

مەن بۇ يۈكسەك سۆيگۈ پەرىشتىسىدىن باھارنى كۆردۈم. ئۇ ئەڭ گۈزەل باھار.

## ئادەملەر

ئېھ، ئادەملەر، ھاياتنى سۆيۈڭلار، چۈنكى ھايات سىلەرگە بەخت گۈلى سوۋغا قىلىدۇ. سىلەر ۋاقىتنى قەدىرلەڭلار، ۋاقىت بەختنى يارىتىدۇ.

قەلبىڭلار باھاردەك مېھىر - مۇھەببەتكە، ئالىيجاناب پاك سۆيگۈگە تولسۇن.

ۋۇجۇدۇڭلاردا كۈزدەك سېخىيلىق ناخشىسى ئۇرغۇپ، ئۆزگىلەرگە سېخىيلىق ئۇرۇقى چېچىڭلار .

بەدىنىڭلار قىشتەك چىدامىلىق بولسۇن، ھايات باتۇرلۇقنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

يازدەك قەلب ئىگىسىنى ھەممە كىشى ياقتۇرىدۇ. ياز تەبىئەتنىڭ ئەڭ تاتلىق كۈلكىسى، بۇ كۈلكە قوينىدا نۇرغۇن مەۋھۇملار مەۋجۇتلۇقققا ئايلىنىدۇ.

ئېھ ئادەملەر، ئۆزۈڭلارنى سۆيۈڭلار، چۈنكى ئادەملەر ئۆزىنى ئەڭ سۆيۈشى كېرەك.

## باھار خىتابى

ئۇ ھەركۈنى شۇنداق ئاشۇ ھالەتتە، ئاشۇ دوقمۇشتا قىلىن چاپانغا يۆگىنىپ ئولتۇرىدۇ. زېمىنغا قىزىلگۈلنىڭ ھىدى تاراپ، جىمى ئەتراپ خۇش پۇراققا پۈركەندى. سەن كىيىۋالغان ئاشۇ ئەسكى چاپىنىڭنى تاشلىۋەت،» دەپ مۇراجىئەت ناخشىسى ئېيتىمەن. بىراق ، ئۇ گويا «AQ» دەك ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتتە ئىللىققىنا نۇر تۆكۈۋاتقان قۇياشقا ئېغىر خورسىنغان ھالدا قاراپ قويۇپ يەنە مۈشۈك كەبى مۈگدەيدۇ.

مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارايمەن، ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويمايدۇ. قارىغاندىمۇ يەرنىڭ تېگىدىن ئاستا قارىغىنىچە ئاللا نېمىلەرنى

غودۇڭشىغىنىچە يەنە شۇ ئورۇندا خىيالغا چۆمىدۇ.

چىۋىنلەر، ھەرىلەر ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىگە قونۇۋالىدۇ، لېكىن ئۇ «سىلەرمۇ مەندەك بىر يەرنى تېپىپ ئولتۇرساڭلار بولمامدۇ» دەپ كايىيدۇ.

مەن ئۇنى يەنە بۈگۈن ئاشۇ دوقمۇشتا كۆردۈم. ئۇ ئاشۇ يەرنى «مەڭگۈلۈك ماكان» سۈپىتىدە قەدىرلىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ باشقا ئادەملەرنىڭ ئۇ يەرگە كېلىشىنى ئەسلا ياقتۇرمايتتى. ئۇ كۈن چىقىپ ئولتۇرغۇنچە، ئادەملەرمۇ ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتكۈچە ئۇ يەرنى ساقلايدۇ.

ئورنۇڭدىن تۇر، قېرى ھۇرۇن! ئەسكى چاپىنىڭنى سېلىۋەت رودۇپاي ئېشەك، باھار شۇنداق دېگىنىچە ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، ئۇ قىمىر ـ سىدىر قىلماي ئولتۇرىۋەردى. چاپىنىڭنى سېلىۋەت قېرى...

## ئارچا

ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا مەزمۇت، باتۇر، گۈزەل ئىدى. ئۇ بۈگۈنمۇ شۇنداق مۇقەددەس، ئەتىمۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ.

ئۇ مەڭگۈ باھاردەك كۆلۈپ تۇرىدۇ، باھاردەك ياشىرىپ تۇرىدۇ.

مەن ئادەملەرنى ئارچىدەك بولسىكەن دەيمەن.

## زەيتۇن دەرىخى

قىزىلگۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلغان دالىدا زەيتۇن دەرىخى كۆك نۇر چېچىپ، تەبىئەت دۇنياسىغا گۈزەللىك ئاپىرىدە قىلىدۇ.

ئۇ ھاياتلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئاشۇ دالىدا باھاردەك چىرايلىق.

بىر توپ ئۆچكە پادىلىرى بۇ دالىغا كەلدى. ئۇلار

قىزىلگۈللەرنى ئاق ئەتىرگۈللەرنى بىر ۋاخلىق غىزا سۈپىتىدە ھەزىم قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ھايال ئۆتمەي گۈللەرنى جېنىدىن جۇدا قىلدى.

ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىغا قاراپ تۇرغان زەيتۇن دەرىخى ئاچچىق كۈلدى.

— كۆزى كور، ئاچ كۆزلەر، ئۆزۈڭلار ئاپىرىدە قىلمىغان گۈزەللىك بولغاندىكىن يەڭلار، بۇلاڭلار...

## ياپراقتىكى قۇرت

باھاردا دەرەخلەر پوتلا چىقىرىدۇ، ئاندىن پوتلا يوپۇرماقنى تۇغىدۇ.

بۇ ئالەمدىكى ئەڭ ھەسەتخور مەخلۇق ئىت، ئۇنىڭدىن قالسىلا پارازىت قۇرت، ئۇ باشقىلارنى كۆرەلمەيدۇ، گۈزەللىكنى تېخىمۇ كۆرەلمەيدۇ.

مەن بىر قۇرتنىڭ بىر يېشىل يوپۇرماقنىڭ ئۈستىدە ھەدەپ ئۇنى چەيلەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ھەش - پەش دېگۈچە چىرايلىق يوپۇرماقنى جەسەت ئىسكىلىتلىرىغا ئوخشىتىپ قويدى. ئۇ يەنە بىر يوپۇرماققا ياماشتى، ئۇنىمۇ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا تېنىدىن جۇدا ئەيلىدى.

مەن باھاردىكى بۇ قىسمەتتىن ئۆكۈندۈم. ئادەملەر دۇنياسىغا قايتىپ كەلدىم، ئۇ يەردىكى پارازىت قۇرتلارنىڭ كۆپلۈكىدىن قورقۇپ كەتتىم.

## ئادەم ۋە تەبىئەت

تەبىئەتنىڭ قوينى گۈزەللىككە پۈركەنگەندە باھار قۇشى بۇ يەردىن ئۇچۇپ كەتتى. يازنىڭ جانغا ھۇزۇر بەخش ئەتكۈچى ساپ ھاۋاسى زېمىنغا تارىدى. ئىلاھىي قۇياش قۇدرەتلىك نۇرىنى ئايىمدى. بۇغداي مايسىلىرى گويا كەڭ سەھنىدە ئۇسسۇلغا چۈشكەن ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئەسلىتىپ لەرزان تەۋرىدى.

ئاھ، گۈزەللىكنىڭ شاھىتى تەبىئەت، سېنى ئادەملەر ياراتقان، سەن ئادەملەرنى ياراتتىڭ.

گۈزەللىك — ئىككى جىنسنىڭ ئورتاق ئۇچرىشىدىن ھاسىل بولىدىغان نۇر. ئۇ مەۋھۇملۇقتىن مەۋجۇتلۇققا مۇيەسسەر بولىدۇ.

ئادەم ئۆزىنى ئاشۇرۇپ داڭلاشقا ئەرزىمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ بىلىمنى، ئەقلىنى تەبىئەتتىن كۆرگەن، ئۆگەنگەن. تەبىئەت بىزنىڭ ئانىمىز، بىز تەبىئەتنىڭ باللىرى. بىز تەبىئەت ئۈچۈنلا بۇ دۇنيادا ياشايمىز، تەبىئەت ئۈچۈنلا ھاياتىمىزنى قەدىرلەيمىز. بارلىق گۈزەللىك تەبىئەتتە، بارلىق پاكلىق، ساپلىق تەبىئەتتە. سەن ئۇنى سۆي، سەن ئۇنى قەدىرلە.

تەبىئەت — زېمىن.\
تەبىئەت — ئانا يەر.\
تەبىئەت — ۋەتەن، سۆيۈملۈك تۇپراق.\
تەبىئەت — ئادەم، تەبىئەت — بىز.\
باھار قۇشى ئەنە شۇنداق دېگەن.

# قاناتلىق ئادەم

## (چاتما نەسرلەر)

### دارۋاز ئادىل ھوشۇرغا بېغىشلايمەن

### مۇقەددىمە

دۇنيادا ھېچكىم ئۇنى كۆرمىگەن، ھېچ كىشى ئۇنى يۈزمۇ يۈز كۆرۈپ باققىنى يوق. ئۇنىڭدەك بېجىرىم سۆزلىيەلەيدىغان، تەمتىرىمەي ماڭالايدىغان، ئاڭلىيالايدىغان ھەم روشەن كۆرەلەيدىغان بىر روھنىڭ يولتۇزلار يۈرتىدىكى ئۇپۇق سىزىقىدا يالت - يۇلت قىلىپ نۇرانە تەبەسسۇم قىلىشى پۈتكۈل ئىنسانىيەت توپىنى ئورنىدىن تەۋرىتىپ قويدى. ئۇلار سامان يولى سىستېمىسىدا خۇدانىڭ يېڭى بىر «پەيغەمبىرى» نى كۆرگەندەك، ئەرشكە ئوتلۇق كۆزلىرىنى تىكىپ، چاڭقىغان تەشنا يۈرەكلىرىگە ئاراملىق ئىزدىمەكتە ئىدى. ئۇلار ئاستا - ئاستا تارقاپ يېڭى بىر تاڭ، يېڭى بىر شەپەق، يېڭى بىر باھار تەكشىلىكىدە ئۆز سىماسىنى ئاپىرىدە قىلدى.

قىقاس - چۇقان پەلەك شاھنى سۈت ئۇيقۇدىن مەھرۇم قىلدى. كۆك ئاسمان بىر ئاۋانگارت «شاھ» قا ئۆز ئوردىسىدىن ئالتۇن تەخت بىنا قىلدى. ئۇ جەننەت بىلەن دوزاخ ئوتتۇرىسىغا تارتىلغان پولات يىپنىڭ ئۈستىدىكى ئىنچىكە جاي ئىدى. ئۇ بۇ يەرنىڭ ئەڭ مۇكەممەل بىر دۇئېل سەھنىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ جەڭگە ئاتلاندى، بۇ جەڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچنېمە ئەمەس ئىدى.

غەلىبە قۇشى ئۇنىڭ بادام دوپپىسى ئۇستىگە قونۇپ ئۇچۇق پېشانىسىنى سۆيگەن چاغدا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

بۇ ياش مىليون ئادەملەرنىڭ يۈرىكىگە ئۇچۇپ بېرىپ قونغانىدى.

— يارايسەن، يارايسەن.

— ئاپىرىن ساڭا قاناتلىق ئادەم.

— مەن سېنى سۆيىمەن ئوغلۇم...

ئۇ ئەتراپىنى ھاۋادەك ئورىغان تەشەككۈر ساداسى ئىچىدە، تولىمۇ يىراقتىكى قۇم بارخانلىرى ئاستىدا جىمجىت ياتقان مۇقەددەس تاش مۇنارلىرىنى چەكسىز سېغىنىش ئىچىدە ئەسلىدى.

## قەدىمىي ئەقىدە

كەچ كىردى. قۇياشنىڭ ئۆلۈمى يېقىنلاپ بارماقتا ئىدى. دەرياغا بېرىپ سۇ ئەكىرىۋېلىش مېنىڭ ئەڭ چوڭ مەقسىتىم ئىدى؛ بىراق مەن دەرياغا يېتىپ بارغۇچە قۇياش ئۆلۈپ بولدى. مەن زۇلمەت بورىنىغا دۇچ كەلدىم. بۇ رەھىمسىز قارا كۈچ مېنى بۇرۇنقى زامانىنىڭ خارابىلاشقان خارابىلىرىگە باشلاپ كىردى. مەن ئۇ يەردە قەدىمىي ئەقىدىلەرنى ئۇچراتتىم. بۇ تارىخنىڭ تۆھپىسى ئىدى. مەن بىر خىل غەلىتە، ئادەم پەقەت چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر ئاۋازنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ، ئادەم سۆڭەكلىرى دۆۋىلىنىپ كەتكەن بىر ئالەمگە يېتىپ باردىم. ئۇ يەردە مېنى ئەڭ قىزىقتۇرغىنى بىر تاش ئۆيىمچىنىڭ قىيا تاغ باغرىغا بىر قاناتلىق ئادەمنىڭ بىر سۇمۇرغ ئانىسى بىلەن بەسلىشىپ، كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان ئاجايىپ كۈچ – قۇدرەت مۇجەسسەملەشكەن ئويما رەسىمى ئىدى. مەن ئۇ ئەقىدىنى قۇچاقلاپ سۆيدۈم، ئۇنىڭغا باش ئۇردۇم. قەدىمىي جەمئىيەتنىڭ بۇ ئەزىز ئابىدىسىدىن مۇكەممەل بىر

پاكىتىنى، ئىسىل بىر تارىخنى بىلىۋالدىم. ئۇ مېنىڭ پەخرىم ئىدى. مەن ئاشۇ جەڭگىۋار مومىيانىڭ ئىسىل نەسلى بولغانلىقىمدىن چەكسىز سۆيۈندۈم. بۇ سۆيۈنۈشۈم ئازاب تىكەنلىرى گۈل ئاچقان، ئەمما ئۇلۇغۋار مۇھەببەت تاڭدەك نۇر تۆككەن بىر قەلبىنىڭ ئەڭ تېرەن قاتلىمىدىكى لىرىك كۈي ئىدى.

قۇياش تەڭرىنىڭ يۈكسەك قۇم بارخانلىرى ئارقىسىدىن يەنە قايتا تۇغۇلدى. ئۆلۈم بىلەن تۇغۇلۇش ئەسلىدىنلا يېڭىلىق ئەمەس. مەن قۇياشقا ئانچە قىزىقىپ كەتمىدىم. مەن ئاخىرەتنىڭ تولغاق ئانىسىنى چەكسىز كەتكەن قۇم دانچىلىرىدەك يەنە قايتا ئۇچراتمىدىم. كۆرگىنىم مېھرلىك، ماڭا ئۆز ئەقىدىسىنى ۋە تارىخنى سىزىپ بەرگەن ھېلىقى تاش ئويمىچى ۋە قاناتلىق ئادەم ئىدى. ئۇ بۇرۇنقى ناخشا، قەدىمىي كۈي تولىمۇ ئۇزاقتىكى ئىز. بىز سۇدىن ئۆز ئەكسىمىزنى كۆرەلەيمىز.

## تۇغۇلۇش

ئاي تولۇن بولدى. دەريا دەھشەتلىك بىر سىلكىنىۋىدى بېلىقلار ساھىلغا چاچراپ چىقتى. يەر شارى ئۆز ئوقى ئەتراپىدا مەغرۇر ئايلىنىپ تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. تاغلار دەھشەتلىك ۋولقانلاشقا باشلىدى. يەر يېرىلىپ يەنە ئۆز ئەكسىگە قايتتى... ئاخىرقى مىنۇت، ھاياتنىڭ چېكى، ئەۋلىيالار ئۆلۈمى، بۈگۈن ۋە ئەتە، سارغايغان ياپراق، پىشقان مېۋە... ھەممىسى مەۋجۇدىيەت ئالىمىدە مەۋجۇت ھەقىقەتلەر. بۇنىڭ تۇغۇمى ۋە قىيامىتى مەۋجۇت...

ئۇ سەھەر پەيتىدە، سۇبھى سوزۇلۇپ ئۇپۇققا گىرىمسەن شولىلار قايناق نۇر تاشقىنىغا چۆمگەندە، بۇ گۈزەل ھەم بىمەنە ھاياتلىق توپىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئانا ئۇنىڭغا ئوغۇز سۈتى بېرىۋىدى، خانتەڭرى ئۈستىدە گىگانت ئۇلتۇرغان ئوغۇزخان ئۇ

كىچىككىنە، بۇدرۇق ئەۋلادتىن سۆيۈندى. ئۇنىڭ دۇئاسى، تارىمنىڭ ئەركەك سۇلىرى ئىچىدە ئېقىپ، ئۇ كىچىككىنە ھاياتلىقنىڭ قېنىغا سىڭدى. بۇ روھ ئۇنى قەيسەر، باتۇر، قورقماس، مۇستەقىل بىر «ئەۋلىيا» قىلىپ قاتارغا قوشتى.

بۆشۈكنىڭ ئاستا تەۋرىنىشى، ئۇنىڭغا سەۋر ۋە مۇكەممەل ئېتىقادنى پەيدا قىلدى. ئۇ پىنھاندىكى تۆشۈكتىن قىساس - چۇقانلىق ئىنسانلار ئالەمىگە قاراپ خىلمۇخىل ئەقىلغا مۇيەسسەر بولدى. ئۇ بۆشۈكتىن يەرگە يىقىلىپ كەتتى. ئانا ئۇنى تۇنجى رەت يۆلەپ قويدى ۋە ئۇنىڭغا ئاستا شىۋىرلىدى:

«ئوغلۇم مەن ئەمدى سېنى يەنە قايتا يۆلىمەيمەن، سېنىڭ بارلىق ھاياتىڭ، بوگۇنۇڭ ۋە ئەتەڭ ئۆز قولۇڭدا بولىدۇ. سېنىڭ تەقدىرىڭنى ھەرگىز باشقا بىر كۈچ بەلگىلەپ بەرمەيدۇ. بۇ دۇنيادا قانداق ياشاش، نېمە قىلىش پەقەت ئۆزۈڭگىلا باغلىق، پارلاق يول، ئۇلۇغ ئىستىقبال، بەخت قەسرى، ساپ ھاۋا، يېشىل ئاسمان پەقەت سېنىڭ ئەقىدەڭنىڭ بەدىلى.»

بەدەل تۆلەش — مەڭگۈلۈك بەخت بايرىقىنى ساقلاپ تۇرالايدۇ. بەدەل تۆلەش بەدىلىگە ئۆز ئارمان گۈللىرى خۇش ھىد چاچىدۇ.

# قۇياش مېھرى

چىراغ ، ئاھ چىراغ سەن نەدە؟ مەن سېنى ئىزدەۋاتىمەن. ئاچ قالغان ساھىل بىر بۇردا نانغا موھتاج بولغاندەك، مېنىڭ تەشنا يۈرىكىم سېنىڭ نۇرلىرىڭغا موھتاج، سېنىڭ پاساھەتلىك نۇرلىرىڭنى سېغىنىۋاتىدۇ. ئېيتىپ باققىنا، مەن زۇلمەتتىكى قېقىندا ئادەم، كېچىدىكى تاشلاندۇق روھىي كېسەل، دالىدىكى سەرگەردان شامال، زېمىندىكى شور تۇپراقمۇ؟ مېنىڭ يولۇم ساڭا تۇتىشىدۇ. مەن بۇ يولدا ئەنە ئاشۇ بىمەنە سوئاللىرىم بىلەن ئۆز روھىمنى بەزلەپ، سېنى ئىزدەيمەن. چىراغ ، ئاھ چىراغ، سەن نەدە؟

ئانا سۆكۆتتىكى ئوغلىنىڭ ئوي ـ خىيالىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇ ئوغلىنى بۆشۈكتىن يېشىپ ئالغاندا، قۇياش شەرقنىڭ يىراق ئاسمىنىدا نەيزە بويى ئۆرلىگەنىدى. ئانا ئۇ ئاق يۆگەككە يۆگەلگەن بالىنى كوچىغا ئاچىقىپ قۇياشقا كۆرسەتتى. قۇياش ئۇنى سۆيدى، بۇ سۆيۈش ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئاتا قىلدى. ئانا ئۇنى سۆيدى، بۇ سۆيۈش ئۇنىڭغا جاسارەت ۋە غالىپلىق ئاتا قىلدى. بۇ مۇقەددەس قۇياش ئىلاھلىرى بۇ كىچىككىنە ھاياتلىقنى ئۆزلىرىنىڭ مېھرى ئەمچىكىدىكى ئاپئاق ئوغۇز سۈتى بىلەن يېڭى بىر يولغا ئۇزىتىپ قويدى.

چىراغ ، ئاھ چىراغ، سەن نەدە؟

بۇ يورۇقلۇققا تەلپۈنگۈچىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ناخشىسى ، ئەلۋەتتە.

## ئايغى چىقىش

يولنىڭ ئىشىكى چىكىلدى، ئىشىك ئېچىلدى. بىر بالا يولدا تەمتىرەپ مېڭىپ كەلمەكتە. يىقىلىش، قوپۇش، يەنە يىقىلىش يەنە ئورنىدىن تۇرۇش ئۇزاق ئۆتمۇشنىڭ سىگنالى بولۇپ، ئۇنىڭ قولاق پەردىسىنى يېنىك تىترەتمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆزىگە خۇداغا ئىشەنگەندەك ئىشىنەتتى، شۇڭا ئۇ جاسارەت بىلەن ئالغا چامدىدى. يەر قاتلىمىدىن قىيسىپ چىققان بىر ياۋا پوتاق ئۇنى يەر چىشلەتكۈزدى. ئۇنىڭ ئۇستۇبېشى، يۈز ـ كۆزى قىپقىزىل قاننىڭ ئىچىدە قالدى. ئۇ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. بىراق ، ئانا سۈتى، قۇياش مېھرى ئۇنىڭ غۇرۇرىنى بەزلىدى. ئۇ يەنە ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئۇنىڭ ئايغى رەسمى چىققانىدى.

يولنىڭ ئىشىكى چېكىلدى. ئۇ يوگۇرۇشكە تەييارلانماقتا ئىدى.

## قاپاق تېرەك

ئۇنىڭ ئەڭ سۆيىدىغىنى پەقەت قۇشلار ئىدى. چەكسىزلىك ئىچىدە پەرۋاز ئەيلىگەن بۈيۈك قانات قېقىشلار ئۇنىڭ ئەقىل كۆزىنى ھەم بارلىق سەزگۈسىنى بىراقلا ئويغاتتى. ئۇ تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇشلارغا ھەمراھ بولاتتى، ئۇلار بىلەن سۆزلىشەتتى، ئۇلاردىن قانات سورايتتى، بىراق قۇشلار ئۇنىڭغا قانات ئەمەس ئىرادە ئاتا قىلاتتى. ئۇ ئەنە ئاشۇنداق روھ ئىچىدە ئۆزىنى تونۇپ يەتتى.

باھار ئويغانغاندا ئۇمۇ ئويغاندى. ئۇ ئاسمانغا قوچاق يېيىپ، چىرايلىق ئۆسكەن مۇقەددەس قاپاق تېرەككە قەدەم باستى، ئۇنىڭغا ئىنتىلدى. ئۇ ئۇپۇققا قانات قېقىپ ئاجايىپ خۇشاللىق شارابلىرىغا مۇيەسسەر بولغاندەك شادلىق بۇلۇتلىرىدا ئولتۇردى. قاپاق تېرەك ئۇنىڭ تۇنجى ئۇستازى ھەم تۇنجى مەيدانى بولۇپ قالدى. ئۇ بىر ـ بىرىگە يانمۇيان تۇتىشىپ كەتكەن ئىنچىكە شاخلار ئۈستىدە ئەركىن قەدەم تاشلاپ، ئېتىقاد ۋە ماھارەت يېتىلدۈردى، روھ ۋە غۇرۇر مۇستەھكەملىدى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇ بۇلۇتلار ئارىسىدا ئالغا قەدەم بېسىپ كېتىۋاتقان قەدىمىي ئەجدادنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى. ئۇلارنىڭ روھى بۇ بالا «شاھ» نى قۇۋۋەتلىدى، ئۇنىڭغا مەدەت ۋە ئىلھام بەردى. بۇ يىراقتىكى ئېقىننىڭ تىنىمسىز دولقۇنلاپ، بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىۋاتاتتى. ئۇ ئارمىنى ئىچىدە تەۋەللۇت بولدى. ھاۋا ئۇنىڭغا كەڭ ئىشىكىنى ئاچتى. دادا ئەقىدىسى داۋام قىلىندى.

## تۇنجى سىمتاناپ

ئۇ چوڭ بولدى. ئەقىل نۇرى ئۇنىڭ يۇمران قەلب ئېتىزىغا بىخلاندى. ۋىجدان ۋە ئېتىقاد ئۇنى جاسارەت تاسمىسىغا ئىگە قىلدى.

دادىسى ئۇنى ئاسمانغا تارتىلغان يىپنىڭ يېنىغا چاقىرغاندا، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي ھودۇقۇپ كەتتى. مۇنچاق ـ مۇنچاق تەرلەر كەڭ پېشانىسىدىن يۈزلىرىگە سىرغىپ چۈشتى. ئۇ دادىسىغا بىرخىل مېھرىلىك كۆزلىرىنى تىككىنىچە قاراپ تۇردى. «قورقما ئوغلۇم، پىداكار بول، ئۈمىدلىك، جاسارەتلىك ئىنساننى ھەرقانداق كۈچمۇ تەۋرىتەلمەيدۇ» . بۇ بۇيۇك سادا ئۇنىڭ قۇلاق پەردىسىنى تىترىتىپ، يۈرىكىگە زەخمەك ئۇرغاندا، ئۇ جەڭگە كىرگەن پالۋاندەك ئاسمانغا تارتىلغان يىپقا تۇنجى قەدىمىنى ئالدى. ئۇ قىلىچ

بىسى ئۇستىدە ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇ نۇقتىغا يەتتى. ئۇ يەنە ئىلگىرىلىمەكچى بولدىيۇ، جۈرئەت قىلالمىدى. قەدىمىنى ئېلىشۇندى يىقىلىپ چۈشتى. دادا ئۇنىڭغا قاراپ ئۈنلۈك توۋلىدى: «مەن سېنى بىرلا قېتىم يۆلەپ قويغان، يەنە قايتا يۆلىمەيمەن!» ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ غالىبلارچە ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئۇ ھاياتنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى تۇنجى پەردە ئويۇن ئىدى.

دادا ئۆزىنىڭ بۇ ئۈمىدلىك مېۋىسىنى باغرىغا باسقىنىچە: «سەندە ئوغۇز بوۋامنىڭ قېنى بار، سەندە باتۇر ئەجدادلارنىڭ قېنى بار، سېنى خۇدا ئالەمگە تونۇتسۇن، سەن ئۆزۈڭنى ئالەمگە تونۇت» دەپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

## ئىللىق تەبەسسۇم

ئۇ ئۆزىنىڭ كۆككە تارتىلغان بۈيۈك سېپىلىدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدۇ. ئۇ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنى ياراتقان ئۇلۇغ ئەجدادىنىڭ كۆككە، پەلەككە ئىنتىلىشتەك ئۇلۇغ، باتۇر روھىدىن ئىپتىخارلىنىدۇ. ئۇ پايانسىز مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى ئۆز قولىدا مەھكەم تۇتۇپ، قەدىمىي ئالەمنىڭ گېگانت قولۇپىنى ئېچىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان سۆيۈملۈك ھاياتلىق دېڭىزى تەكلىماكان ئانىسىدىن سۆيۈنىدۇ، خانتەڭرىنىڭ بىر جۈپ كۆكسىدىن ھاسىل بولغان تالاي ھاياتلىقتا بەختتىن شاراب ھەم مۇسەللەس بېرىۋاتقان تارىمدىن پەخىرلىنىدۇ...

ئۇ ئۆز بەختىنى ئۆزىدىن تىلەيدۇ. باشقىلاردىن بەخت تىلەشنىڭ نەقەدەر بىچارىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ ھاياتقا، ۋەتەنگە، خەلققە ئىللىق تەبەسسۇم قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىللىق تەبەسسۇمى ئۇنىڭ ئىشەنچىسى، ئۇنىڭ ئىللىق تەبەسسۇمى ئۇنىڭ غۇرۇرى...

## ۋىجدان ۋە رىقابەت

ئۇ سەھەرنىڭ پەيزىدىن ھوزۇرلىناۋاتاتتى. يېگانە ئاققۇشقاچ بىر «پەلەك شاھى» نىڭ مەيدانىغا كىرىپ، غەلىبە تۇغىنىنى ئۇپۇقنىڭ ئېگىز كۆكىدە لەپىلدەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى.

ـ ئۇ كىم ؟

ـ ئامېرىكىلىق . . .

ئۇ تاتلىققىنا كۈلۈپ قويۇپ، يەنە شىمالىي تاغلاردىن ئېقىپ كەلگەن پاك ئىزغىرىن شامالLARدىن ھوزۇرلىنىۋەردى. ئۇ ئېگىز ئۆسكەن ئارچا ـ چىنار شاخلىرىدا ھاياتلىققا، تەبىئەتكە مەدھىيە ناخشىسى ئېيتىۋاتقان رەڭگىمگا رەڭ قۇشلارغا قارىغىنىچە: «ئېھ قۇشلار، مېنى ئاراڭلارغا ئېلىۋېلىڭلار، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئۇپۇقتا پەرۋاز ئەيلەي» دەپ ئۇنسىز شىۋىرلىدى. قۇشلار ئۇنى ئۆز يېنىغا چاقىردى.

مېنىڭ سەپەر ۋاقتىم ئۇزۇن ، بېسىپ ئۆتىدىغان يوللىرىم مۇشكۇل، ئۇ ئۆز ۋىجدانىنىڭ رىقابەت سەندىلىدە بىسى يانماس شەمشەر كەبى تاۋلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مۇقەددەس چېغىر يولغا قەدەم تەشرىپ قىلدى.

ئۇ كېتىۋاتىدۇ، ئۆز ئارمىنىنىڭ گۈزەل باغچىسىنى ئىزدەپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ كېتىۋاتىدۇ، ئۆز مەقسىتىنىڭ گۈزەل تۇپرىقىنى ئىزدەپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ كېتىۋاتىدۇ، غېرىب جەننىتىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى ئىزدەپ كېتىۋاتىدۇ.

## خىيال

زەي تۇپراقنىڭ ئىسسىق باغرىغا سىڭىنغان كىچىككىنە كەپە ئۇنىڭ بۇيۇك ۋەتىنى. ئۇ ئاشۇ بىچارە تۇپراقتا مەردانە، روھلۇق

چوڭ بولدى. ساددا، گۈزەل مەنزىرىلەر، چىرايلىق كۆي ـ ناۋالار ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن سىردىشى ھەم دوستى بولۇپ قالدى.

ئۇ كىچىككىنە ھۇجرىدا قۇياشنىڭ ئىسسىق نۇرلىرى بىلەن سىردىشىۋاتقان تۇخۇلۇككە قارىغىنىچە خىيال دېڭىزىنىڭ بىپايان چوڭقۇرلۇقىدا ئاستا ـ ئاستا ئېقىپ بارماقتا ئىدى. ئۇ قۇشلارنىڭ ئاخشامقى مەردانە مۇراجىتىنى يەنە قايتا ئېسىگە ئالدى. «ئەي ئادەمنىڭ بالىسى، خۇدانىڭ يېقىن بەندىسى، ئورنۇڭدىن تۇر، ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى، باتۇر جەڭگاھتا تۇغۇلار، ئاناڭنىڭ ئاپئاق بىر تامچە سۈتىنىڭ ھەققى ئۇچۇن بولسىمۇ جەڭگە كىر، ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىل، ئۆلۈم يا كۆرۈم. ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ دېيىش قورقۇنچاقلارنىڭ پەلسەپىسى». ئۇ ئورنىدىن تۇردى. قۇياش ئۇنىڭغا نۇردىن ئۈمىد بەردى. ئۇ جەڭ مەيدانىغا كىرىشكە تەييارلىق قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ سەپەر ئۇزۇن ھەم مۇشكۈل» دەپ ئاستا پىچىرلىدى.

## «پىلسىرات» كۆۋرۈكى

يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قاغجىراپ كەتكەن قەلبى يامغۇرنىڭ ئىسسىق مېھرىدىن نازاكەت تاپتى. ئۇ ئاسمانغا قىيا باققان بىكۆركەم تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ يىراقتىكى تاغ ـ جىرالارغا نەزەر سالدى. ئۇ يەرلەرنى مانان قاپلىغان. ئۇ بۇ مانان قاپلىغان قەدىمىي تۇپراقتىن ئۆزىنىڭ يېڭى بىر سىماسىنى كۆرگەندەك، چەكسىز سۆيۈنۈش ۋە بۈيۈك مۇھەببەت قەلب ئاسمىنىدا ئايان بولدى.

«سەن پىلسىرات كۆۋرۈكى، سەن ھالاكەت يولى». ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئىككى ئۇلۇغ تاغ — ئانا بىلەن ئاتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تارتىلغان سۆيگۈ يىپىغا قەدەم تەشرىپ ئەيلىدى.

يىپىنىڭ ئاستىدا يىراقتا ئاقچان شانلىق تارىخنىڭ شاھىتى، گۇۋاھچىسى پېشقەدەم دەريا بۇ قەيسەر پىداكار ئوغلانغا ئۈمىد ۋە جاسارەت ئۇنچىلىرىنى چاچرىتىپ ئاقماقتا ئىدى.

ئۇ كېتىۋاتىدۇ، قىلىچىنىڭ نۇرلۇق بىسى ئۇستىدە مەردانە ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتىدۇ. ئۈمىدسىزلىك ھېسسىياتلىرى روھىي ئالىمىنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالغان مىلىيونلىغان ئادەملەرنىڭ قەلب ئاسمىنىدا مەردانە ئوغلىغا بولغان ئىشەنچىسى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە جاسارىتى ئۇنىڭغا غەلىبىدىن بەخت ئىمتىياز تەختى بەردى. ئۇ ئاخىر «پىلسىرات» كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ كەتتى. يامغۇر ياغماقتا ئىدى. كائىنات يېشىللىق ئىچىدە جۇلا قىلماقتا ئىدى. گۈل - گىياھلار، ئۇچار قۇشلار ئۇنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى قۇتلۇقلىدى. يىراقتىكى خانتەڭرى، قەدىمىي تەكلىماكان، تارىم ئانا بۇ يېگانە يولتۇزنىڭ پارلاق تەبەسسۇمىدىن سۆيۈندى. ئوتلۇق تەشەككۇرلەر زېمىنگە ھاۋادەك تارىدى. پۈتكۈل يەرشارىنىڭ دىققەتسىزلىك ئېتىبارىنى قوزغىغان بۇ بىر قېتىملىق ھايات - ماماتلىق جېڭى ئاخىر غەلىبە بايرىقىنى دۇنيانىڭ ئېگىز ئاسمىنىدا جەۋلان قىلدۇردى. ھەممە يەرنى قاپلاپ تۇرغان چۇقان - سۈرەن ۋە دەريالارنىڭ دولقۇنلۇق لىرىكىسى ئۇزاق - ئۇزاققىچە توختىمىدى.

جەڭ ئۆتۈپ كەتتى. چۈشمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ شېرىن ئۇيقۇدىن سىلكىنىپ ئويغىنىپ كەتتى - دە، ئۆزىنىڭ كىچىككىنە تار ئالەمگە ھەقىقىي بىر ئادەم بولۇپ تۇغۇلغىنىغا رازى بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر «ئادەم» ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەنىدى.

## خاتىمە

ئانا تۇپراقنىڭ ئىللىق ھىدى ئۇنىڭ ئىللىق پېشانىسىنى، پۇت - قوللىرىنى، قاپقارا چاچلىرىنى سىلىدى. ئۇ، بۇ ئىللىق

مېھرىبانلىقىنى ئۆزىگە بېرىلگەن شان ـ شەرەپ دەپ بىلەتتى. ئۇ شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئالىمىدىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ «تۈنجى» سى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قالتىس تۆھپە ياراتتى. ئۇنىڭ بۇ تۆھپىسى ئۇنىڭ شان ـ شەرىپى، بۇ شان ـ شەرەپ شۇ مىللەتكە مەنسۇپ ئىدى.

يول پەقەت ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، بىرى دوزاخ يولى، يەنە بىرى جەننەت يۇلى. ئىنسانلار قايسى يولنى تاللىسۇن خۇدا ئانچە رەنجىمەيدۇ ھەم خۇشالمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ بۈيۈك روھ ئىنسانلارغا ئەسلىدىنلا قانۇن تۈزۈپ بەرگەن.

«پەلەك شاھى» نىڭ يولى پەقەت ئۆزىنىڭ بولىدۇ. ئۇ شۇ يولدا ئۆزىنى تۇنجى قېتىم ئۇچراتتى ھەم ھېس قىلدى. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈنلا دەرۋازىنىڭ سىرتىدا ياشاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ روھي دۇنياسى بىپايان ئالەمگە چەكسىز كەتكەن يۇلتۇزلاردەك سەمىمىي ھەم گۈزەل ئىدى.

# بالىلار دۇنياسى

## (چاتما نەسرلەر)

**ئانا قەلبىدە جىم تۇرغان شېئىر بالا ئاغزىدىن چىقىدۇ.**
**— جىبران خېلىل جىبران**

## ئارزۇ

ئەي سىرلىق بالا، يېگانە يۇلتۇزغا ئوخشاش دەريا ساھىلىدا نېمە ئۈچۈن شۇنچە جىمجىت ئولتۇرىسەن. قېنى ئېيتقىن، سەن تەلمۈرۈپ كۈتۈۋاتقان كىم؟ بېلىقچىمۇ؟ كاپىتانمۇ؟ دوستۇڭ ياكى قېرىنداشىڭمۇ؟

ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمايۋاتقاندەك، پەرۋاسىزلارچە دەريانىڭ دولقۇنلىرىغا كۆزىنى ئۈزمەستىن قاراپ تۇراتتى.

ئەي قوزىچاق، گەپ قىلساڭچۇ، زادى كىمنى شۇنچە بىتاقەت ئىچىدە كۈتۈۋاتىسەن؟ داداڭنىمۇ ياكى ئاناڭنىمۇ؟ يىراق كەتكەن كارۋانلار كېلىپ بولدى. ھارغىن بېلىقچىلارمۇ قەسىرلىرىدە ئۇخلاپ قالدى. بۇنچە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۈتۈۋاتقىنىڭ زادى كىمدۇ؟

ئۇ كۆزۈمگە قاراپ قويۇپ يەنە جاۋاب بەرمىدى. ئۇ چەكسىز سۈكۈت ئىچىدە يەنە يىراقلارغا تىكىلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ تۇرقى تېخىمۇ سىرلىقلاشتى. ئاي تۇغدى، يۇلتۇزلارمۇ چاقناشقا باشلىدى. ئۇ شۇندىمۇ گەپ ـ سۆزسىز ئولتۇرىۋەردى.

ئەي ئەخمەق بالا، گەپ قىلغىنا، سېنىڭ كۈتۈۋاتقىنىڭ

مەشئەل كۆتۈرگەن كىشىلەرمۇ؟ چىغىر يولدا چىراغ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان قىزمۇ؟ يىل بويى غېرىب ـ غۇربانە ئاددىي كەپىسىدە ئولتۇرۇپ خۇدادىن بەخت تىلەپ يىغلاۋاتقان نامراتلارمۇ؟ كۇلكە ـ چاقچاق، ئەيش ـ ئىشرەتنىڭ باش پېشۋاسى بولغان بەگلەرمۇ؟ ئۇ يەنە گەپ قىلمىدى.

شۇ چاغدا دەھشەتلىك بوران گۇركىرەپ چېقىشقا باشلىدى. سىرلىق بالا ئورنىدىن چاچراپ تۇردى.

— مېنىڭ كۈتۈۋاتقىنىم مانا شۇ، ئاشۇ باتۇر بوران، ھەممە يەرنى ئۆز قوينىغا ئالغان ئاشۇ گۈزەل بوران!

## باچكىلار يىغلىماقتا

قېرىپ پۈتۈنلەي بوششىپ كەتكەن قېرى كەپتەرۋاز تېخى دۇنياغا يېڭىلا ئاپىرىدە بولغان ئوماققىنا باچكىلارنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن يايراپ كەتتى. ئۇ باچكىلارنى قولىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ زەئىپ، جانسىز تېنىنى ئاستا تۇتۇپ, ئۇلارنىڭ ئۆزىدەكلا بېجىرىم ئەمەسلىكىنى كۆردى.

ئۇ ئەتىسى سەھەردىلا ئۆگزىگە چىقتى. ئۇنىڭ قولىدا ماي قاچىسى ۋە پاختا بار ئىدى. ئۇ باچكىلارنى بىردىن بىردىن قولىغا ئېلىپ ئۇلارنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرىگە ماي سۈرۈتتى. كەپتەر باچكىلىرى بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى پەقەت بىلەلمىدى.

ئوزۇقلۇق ئىزدەپ دالىغا كەتكەن ئانا كەپتەرلەر قايتىپ كەلدى. ئۇلار باللىرىنىڭ سىياقىغا قاراپ چىرقىراپ يىغلاپ كەتتى. بۇ يىغا ئاۋازى ئاسماننى بىر ئالدى، باچكىلارنى چۆچۈتۈۋەتتى.

شۇنىڭدىن بېرى، كەپتەرلەر زۇۋان سۈرمەس بولۇپ كەتتى. يىللار ۋە ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن باچكىلارنىڭ ئۇچۇرما ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. باچكىلارنىڭ تېخىچە تۈك، قانات ۋە پەيلىرى

يېتىلمىگەنىدى . باچكىلار مانا شۇ چاغدا ئانىنىڭ دەھشەتلىك يىغىسىنى ئېسىگە ئالدى. باچكىلار غېرىب بېسىپ تۇرغان كوۋىكىغا قاراپ: «بىز نېمىدېگەن شور پېشانە، نېمىدېگەن بەختسىز ـ ھە! » دەپ ئاستا شىۋىرلىدى.

## مۇشۇك

قەدىمدىن تارتىپ مۇشۇك بىر ئائىلىنىڭ ئەزاسى، شۇنداقلا بالىلارنىڭ ئەتىۋارلىق دوستى ھەم يېقىن سىردىشى.

بالىلار مۇشۇكنى قەدىرلەيدۇ.

بالام كوچىغا تاشلىۋېتىلگەن مۇشۇكنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىردى.

ئۇ ئاچلىقتىن ئۆلەيلا دەپ قالغان بىر مەجرۇھ جانىۋارغا ئىسسىق ھۇجرا، يۇمشاق كۆرپە، تاتلىق تائام بەردى. ئۇ ئۇزاققا قالماي سەمرىپ ئوخشىلىپلا قالدى. ئۇ خۇددى مۇشۇ ئۆيدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغاندەك ھېچ نەرسىدىن تارتىنماس بولدى. ئۇ مەيلى قاراڭغۇلۇققا كۆمۈلگەن تۈنلەر بولسۇن ياكى قۇياشنىڭ سېخىي نۇرلىرىغا چۆمۈلگەن يوپيورۇق كۈنلەر بولسۇن بىزدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىدى.

بالام مەكتەپتىن بالدۇر قايتىپ كەلدى ـ دە، سافادا خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان مۇشۇكنى ئويغاتتى.

— كەل قوزام، ساڭا سەرخىل تۇرۇملەردىن غىزا ئەككەلدىم، يەۋېلىپ ئۇخلا، — دېدى. مۇشۇك خالتىدىكى ھەرخىل قورۇمىلارغا تۇمشۇقىنى ئۇزاتتى ـ دە، كەينىگە داجىپ تۇرۇپ ئەتراپقا مەنىسىز قارىدى. ئوغلۇمنىڭ غەزىپى تاشتى .

— ھۇ ئىززىتىنى بىلمەس ھايۋان، كېرەكسىز، تەييارتاپ، بېشىڭنى سىلىغان ئادەمنى بىلمەيدىغان تۇزكور. ئەسلي بىلسەڭ ساڭا پاناھ بولىدىغان جاي ئۆي ئەمەس ، بىر سامانلىق. ساڭا غىزا

بولىدىغان نەرسە گۆش، ماي ئەمەس، بەلكى ئاشقان قۇرۇق ئۇستىخان. ساڭا كېرەك بولىدىغان نەرسە چىرايلىق مېھرى - مۇھەببەت ئەمەس، غەزەپ - نەپرەت ئىدى. سېنى مۇرابىبا ۋە سېرىق ماي بېرىپ، مىلك يىل ئەقىدە قىلساممۇ بىزگە بىر كەتمەن قىغ بېرەلمەسلىكىڭ ھەق. يوقال كۆزۈمدىن ، ئىپلاس مۇشۈك !

بالام ئۇنى كوچىغا تاشلىۋەتتى. بىراق، مۇشۈك ئۆگزىمىزگە چىقىۋالدى.

## مىسكىنلىك

باللار بىپايان دۇنيانىڭ ساھىلىغا كەلدى. يېشىل چۆپلەرنى ئەللەي ئەتكەن مېھرىبان شامال باللارنىڭ تىنىقىغا ئۇرۇلدى.

باللار چۇرقىرىشىپ تايچاقلاردەك سەكرىشىپ كەتتى. ئۇلار يېشىل گىياھلارنىڭ ئۇستىگە تاشلىنىپ ئاسماننى كۆردى. ئاسمان ئۇلارغا شۇنچە يېقىن بىلىنىپ كەتتى. ئۇلار يۇمران قوللىرىنى كۆك ئاسمانغا ئۇزاتتى، بىراق ئۇلارنىڭ قوللىرى ئاسماننى تۇتالمىدى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئاسمانغا يەنە قوللىرىنى ئۇزاتتى، بىراق ئۇلارنىڭ قوللىرى يەنە يەتمىدى.

كەچ كىرىپ يۇلتۇزلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. يۇلتۇزلار باللارنىڭ باش ئۇستىدىلا نۇر چېچىۋاتقاندەك كۆرۈندى. باللار يۇلتۇزلارغا قاراپ يۈگۈردى، ئۇلار شۇنچە تېز يۈگۈرگەن بولسىمۇ يەنە يېتەلمىدى. ئۇلار قوللىرىنى سوزۇپ ئۇزاتتى، بىراق قوللارمۇ يۇلتۇزلارغا تەگمىدى.

ئېگىز قارىغاي شاخلىرى ئۇلارنى چاقىرمىدى. ئاسمانغا تۇتاشقان دەريالارمۇ باللارنى باغرىغا ئالمىدى.

باللار مىسكىنلىك ئىچىدە تۇپرىقنىڭ زەئىپ كۆكسىنى ئاران ئېمىپ تەستە چوڭ بولۇۋاتقان گىياھلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتتى.

## جىمجىتلىق

سەن جىمجىتلىقنى سۆيسەڭ قوزام. سۇ ئاستىدىكى بېلىق سېنىڭ دوستۇڭ، قارا لاي ئىچىدىكى بىچارە قۇرت سېنىڭ سىرداشىڭ. كۆك ئاسماندىكى بۇلۇتلارنىمۇ سەن چىن قەلبىڭدىن سۆيسەن.

ئۆيىڭدە بېكىنىپ ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشىڭنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ ھاياتنىڭ باھارىنى ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ گۈل تاجىسىنى ئاشۇ جىمجىتلىق ئىچىدە تاپقىلى بولامدۇ؟ دەريانىڭ ئۇ چېتىدىكى مۇھەببەتنى جىمجىتلىق ئىچىدە سۆيگىلى بولامدۇ؟ مەڭگۈلۈك ئەركىنلىككە ئاشۇ جىمجىتلىق ئىچىدە يەتكىلى بولامدۇ؟

جىمجىتلىق خۇددى ئۇيقۇ، ئۇيقۇدا كۆرىدىغىنىمىز پەقەت چۈش. چۈش ئارقىلىق يورۇقلۇققا چىققىلى بولمىغىنىدەك، جىمجىتلىق ئىچىدىمۇ ھاياتلىقنىڭ ئۇزۇن ھەم مۇشكۈل مۇساپىسىنى ماڭالمايمىز.

بالام، بۇ يەرگە كەل، مېنىڭ ۋاپادار ئەقىللىق ئوغلۇم، يېنىمدىكى مايسىلارنىڭ شىۋىرلاشلىرىغا قۇلاق سال. ئۇلار ئازغان ۋە تىكەنلەرگە قاراپ: «سىلەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەندەك قىلغىنىڭلار بىلەن قىممەتسىز ياشىدىڭلار» دېدى.

يوقىلىش، ھالاكەت ۋە ئۈمىدسىزلىكنىڭ ھەممىسى جىمجىتلىق ئىچىدە يۈز بېرىدۇ.

سەن قايناق بازارغا بار ئوغلۇم، ئۇ يەردە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بار. سەن يانار تاغقا بار ئوغلۇم، ئۇ يەردە چۇقان بار.

## چىراي

مەن باللار دۇنياسى ئىچىدە ياشايمەن، باللار مېنىڭ

ئاسمىنىمدا قانات قاقىدۇ.

مەن تۇمەنمىڭ خىل چىرايلار بىلەن تونۇش. بۇ چىرايلار مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن ھەر دەقىقىدە ئۆتۈپ تۇرىدۇ. مەن يېنىمدىكى بۇ چىرايلارغا قارىغانسېرى، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىمەن.

بالىلارنىڭ چىرايى چوڭلارنىڭ چىرايىغا ئوخشىمايدۇ. بالىلار ئۆچەكىشىشنى، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشنى، قىزغىنىشنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتلۇق تەبەسسۇمى ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

مەن بالىلار دۇنياسى ئىچىدە ياشايمەن. بالىلارنىڭ گۆدەك، غۇبارسىز ھەم سەبىي چىرايى پاك دۇنيانىڭ ئۆزى.

بالىلارنىڭ ئوماق تەبەسسۇمى مېھىر ـ مۇھەببەت شەربىتى تۆكۈلۈپ تۇرغان مېھرىبان ئانىنىڭ قەلبى.

ئەي بالىلار، سىلەرنىڭ چىرايىڭلار قەلبىڭلاردىكى گۈزەللىكنى ئىپادە قىلسۇن!

سىلەرنىڭ چىرايىڭلار ۋۇجۇدۇڭلاردىكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى خۇش پۇراق كەبى تاراتسۇن!

قۇياشنىڭ غۇبارسىز نۇرى پۈتكۈل ھاياتلىققا شادلىق بېغىشلىغاندەك، سىلەرنىڭ ئاشۇ چىرايىڭلار قۇياشقا ئوخشاش ھاياتلىققا شاد ـ خۇراملىق بەرسۇن!

## خەير ـ خوش قۇش

قۇشنىڭ ئۆلۈمى ئۇنى بىئارام قىلدى. ئۇ قەپەس ئىچىدە جىمجىت ياتقان قۇشنىڭ يېنىدا يەككە ـ يېگانە ھالدا ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتەم تۇتۇۋاتىدۇ. نۇرغۇن قۇشلار قەيەردىندۇر ئۇچۇپ كېلىپ ئۆلگەن قۇشنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇلار قۇشنىڭ ئەتراپىدا بىر ـ بىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇشۇپ ئايلىنىشقا باشلىدى. بۇ

ئۇلارنىڭ ماتىمى ئىدى.

قۇش ئۆلدى. ئاشۇ نۇرغۇن قۇشلارنىڭمۇ بۇ قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈشى ئېنىق ئىدى.

ئۇلار چەكسىز سېغىنىش ۋە مېھرى ـ مۇھەببەتنى ئۆلگەن قۇشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئۇچۇپ كەتتى.

قۇش يالغۇز قالدى. ئۇنىڭ دەھشەتلىك ئۆلىمى ئۇنى تېخىمۇ ئويلاندۇردى، تېخىمۇ سېغىندۇردى.

ئۇ قەپەسنى كۆتۈرۈپ دەريا بويىغا كەلدى.

بېلىقچى بوۋاينىڭ ناخشىسى دەريا شاۋقۇنلىرىغا قوشۇلۇپ، ئەتراپقا يېيىلغانىدى.

كىچىككىنە قولۋاق سۇ ئۈستىدە ئۈسسۈل ئويناۋاتقاندەك ئىدى.

ھېلىقى بىر توپ قۇشلار يەنە بۇ يەردە پەيدا بولدى. ئۇلار دەريانىڭ ئۈستىنى بىر رەت ئايلىنىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

ئۇ قەپەسنى ساھىلغا قويۇپ قويدى. ئۇ ئۇنىڭ يېنىدا خۇددى ئۇ ھايات چاغدىكىدەك تۇرۇۋاتىدۇ. گويا ئۇ بىر ئېسىل ناخشا ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك جىمجىت تۇرۇۋاتىدۇ. قۇياشنىڭ نۇرى بۇ يەرنى سۆيگەن چاغ ئىدى.

ئەركىن ۋە شاد بېلىقچىلار ئۇلارغا قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار دۇنيادىن غەمسىز ئىدى، ئۇلار ھېچ نەرسىنى ئويلىمايتتى، ئويلاشنىمۇ خالىمايتتى. چۈنكى ئۇلار بېلىق تۇتۇشتىن باشقىنى بىلمەيتتى.

ئۇ قۇشقا قاراپ خېلى ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇنى ئاشۇ ساھىلغا قويۇپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

ئەتىسى سەھەردە ئۇ يېقىملىق سايرىغان قۇشنىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئۇنىڭ قۇشى ئىدى. ئۇ دېرىزە يېنىدا تۇرۇپ قۇشنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كەتتى. قۇش ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ ئۇچۇپ كۆزدىن غايىب بولدى.

ئۇ ئىچىدە «خەير ـ خوش ئوماق قۇشۇم» دەپ ئاستا ئۇزىتىپ

قويدى.

## ئۇزاق يول

شام يورۇقى غۇۋا چۈشۈپ تۇرغان دېرىزە يېنىدا بىر بالا يالغۇز تۇراتتى. ئۇ بۇ يورۇقلۇق ئىچىدىكى سىرلىق، ھېسسىياتلىق، جەزبىدار بىر كۆچكە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

بىر پەرۋانە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆي ئىچىگە قايسى ۋاقىتتا كىرىۋالغانلىقىنى ئۇ ئەسلەپ يېتەلمىدى. پەرۋانە شامنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ يورۇقلۇقتىن بىر نېمە ئىزلەۋاتقاندەك ھەرىكىتىنى بىردەممۇ توختىتىپ قويمىدى.

پەرۋانە ئاخىر ئوت ئىچىدە ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىنى ئىزدەپ تاپقاندەك قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئوتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئوت ئىچىدە ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆيۈپ كۈل بولدى.

بالا ئۇنىڭ قارىداپ كەتكەن تېنىنى شامنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئىزدەپ تاپتى. ئۇ بالىنىڭ قولىدا كۆزىنى لاپپىدە ئاچتى: «مەن مەخسىتىمگە يەتتىم» دېگەن جۇشقۇن بىر ئاۋاز بالىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى.

بالىنىڭ قولىدا، شامنىڭ يورۇقىدا يېڭى بىر ھايات بىخلىنىپ كامالىغا يەتكەنىدى.

بالا ئوتقا قاراپ سۈكۈتكە چۆمدى. ئۇ ئالدىدا ناھايىتىمۇ مۇشكۈل ۋە ئۇزاق بىر يولنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى.

## ھېس قىلىش

ئۇ سەھەرلىق يالىڭاچ بالا، ئۇنىڭ كىچىك ئەۋرىتىنى يېپىپ تۇرغان تامبالدىن باشقا ئۇنىڭ ھەممىلا يېرى يالىڭاچ ئىدى.

ئۇ غېرىب يېزىنىڭ قۇملۇققا تۇتىشىپ كەتكەن قاقاسلىقتىكى

خارابى كەپىدە تۇرىدۇ. يوقسۇللۇق دەردىدە چىرايــى مومدەك قارىداپ سەتلىشىپ كەتكەن، ئورۇقلاپ قورايدەك بولۇپ قالغان، ئەتىدىن كەچكىچە ئۆيىدە باش كۆتۈرمەي نېمە بىلەندۇر مەشغۇل بولىدىغان بۇ بىچارە يىگىت مېنىڭ كۆزۈمدە ياشايدۇ.

ئۇنىڭ نامرات كەپىسى، كەپە ئالدىدىكى شاخ ـ شۇمبىلار ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتالايدۇ. ئۇ بالــمــۇ غــېــرىــب كــەپىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇرغىتىپ، ئۆكسۈپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىدۇ.

ئۇ يەردە بىر ئۇلۇغ ھېكايە، بۈيۈك بىر قىسسە مەڭگۈ ئاۋاز چىقىرىپ تۇرىدۇ.

ئۇ يەردە بىر مۇقەددەس دولقۇن توختىماستىــن كۆۋەجەپ تۇرىدۇ.

ئۇ يەردە بىر روھ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ دەرد تۆكىدۇ.

مېنىڭ كۆزلىرىم ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچى، قەلبىم ئۇلارنىڭ دۇنياسىنى سېزىپ تۇرغۇچى. ئەگەر ئــۇلار ئــوردا ئــىچىدىكى شاھ ـ ئەمىرلەر بولغان بولسا، مېنىــڭ كۆزۈم ئۇلارغا زەن سالمىغان بولاتتى. بىراق ئۇ بىر يالىڭاچ بالا، يالىڭاچ ھايات، يالىڭاچ دۇنيا، مېنىڭ كۆرىدىغىنىم پەقەت شۇ.

## زېرىكىش

ئۇ ھەممىدىن زېرىككەنىدى. ئۇنىڭ ئوينىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئويۇنچۇقلار ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا كۆزلىرىگە مۆلدۈرلەپ قارىغىنىچە جىمجىت تۇراتتى.

بالا بۇ ئويۇنچۇقلىرىدىن زېرىككەنىدى . ئۇ ئويۇنچۇقلارنى ئويناش تۇگۇل ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى.

ئۆي ئىچى شۇنچە سۈرلۈك ھەم جىمجىت ئىدى. ئۇ يۈرىكىنى تۇتۇپ باقتى، ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى دەرەخ يوپۇرماقلىرىدەك بىر

خىل ئاۋازدا يېقىملىق شىۋىرلايتتى.

كېچە ئاسمىنىدا ئاي بۇلۇتلار بىلەن قوغلاش بولۇۋالدى. تالادىكى ناخشا ھۇجرىنىڭ ئىچىدە ياڭرىغاندەك بىلىنەتتى. ئۇ ئويۇنچۇقلار بولسا شۇ بۇلۇڭدا يەنىلا جىمجىت تۇراتتى.

بىر چاغدا، قوشنىلارنىڭ ئۆيىدە بالىلارنىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ قىقاس - چۇقانلىرى تالاغا ئۇچۇپ چىقتى، ئۆي - ئۆيلەرگە بۆسۈپ كىردى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئويۇنچۇقلارنى تالىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئۇلار راستتىنلا ئويۇنچۇق تالىشىۋاتاتتى.

ئەتىسى ئۇ بىر دۆۋە ئەخلەت ئۈستىدە بالىلار تالاشقان ئويۇنچۇقلارنىڭ پارچە - پارچە تاشلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆردى.

بۇ ئويۇنچۇقلار پۇتۇنلەي لايدىن ياسالغان بولۇپ، قىلچە قىممىتى يوق ئىدى.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ بۇلۇڭدىكى ئويۇنچۇقلىرىغا زەن سالدى. ئۇلارمۇ لايدىن ياسالغانىدى.

## موھتاجلىق ۋە مۇھەببەت

— غېرىب ئىشىكىڭنى چەككەندە، سەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا نېمەڭنى ئېلىپ چىقىسەن؟

— ئاھ، مەن بۇ ئەۋلىيا مېھمىنىمنىڭ ئالدىغا پۈتمەس - تۈگىمەس سۆيگۈگە لىققىدە توشقۇزۇلغان بىر قەدەھ جامنى ئېلىپ چىقىمەن. بۇنىڭدىن بەلكىم ئۇنىڭ نامرات قەلبى ئارام تاپقاي ئىلاھىم.

— غېرىب بالا ئىشىكىڭنى چەككەندە، سەن ئۇنىڭ ئالدىغا نېمەڭنى ئېلىپ چىقىسەن؟

— خىرۇستالدەك سۈزۈك شىشىگە مۇھەببەت ۋە گۈزەل ھايات قاچىلاپ قويدۇم، ئۇنىڭغا شۇنى ھەدىيە قىلىمەن. مەن ھەرگىزمۇ

ئۇنى قۇرۇق قول ياندۇرمايمەن.

— غېرىب بالا ئىشىكىنى چېكىپ، قولىنى ئۇزاتقاندا ئۇنىڭغا نېمە بېرىسەن؟

— ھويلامدىكى گۈللىرىمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇنى ھويلامغا باشلاپ كىرىپ ئۆزۈڭ خالىغانچە ئۈزۈۋال، دەيمەن.

## ئىشىنىش

مەن كىچىك بولدۇم. ئوغلۇم، دۇنيادىن كىچىك بولدۇم، شۇنداقلا سېنىڭ قېشىڭدىن، ئانا زېمىندىن كىچىك بولدۇم.

ھايات دېڭىزىدىكى كىچىككىنە كېمە، ئۇ يۈرەر مۇشكۈل سەپەردە، بەخت نازۇك ئېچىلغان گۈل، ئۇ سېنىڭ بولار بەرسەڭ كۆڭۈل.

مەن ياراتتىم ئۆزۈمنى ئۆزۈم. ئاڭلا ئوغلۇم بۇ يۈرەك سۆزۈم. خەير ـ خوش قوزام، خەير ـ خوش كۈندۈز ھەم ئاخشام، خەير ـ خوش قەلب ھەم ناخشام.

ئۇ شاققىدە بۇرۇلۇپ چوڭ يول ياقىسىدىكى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ غايىب بولدى.

تىنىمسىز ئۆتكۈنچى شامال مېنىڭ يۈزلىرىمنى سۆيۈپ ئۆتتى.

زىيادە، ئەرزىمەس خىياللار قەلبىمدىن ئاستا ـ ئاستا چىقىپ كەتتى. مەن دۇنياغا يېڭىدىن ئاپىرىدە بولدۇم.

مۇجۇلغان يۈرىكىم دادامنىڭ نۇر زىباسى ئىچىدە ھۆر بولدى، بوغۇشلانغان قاناتلىرىم ئەركىنلىك سۆيدى.

«مەن ياراتتىم ئۆزۈمنى ئۆزۈم».

مەن تاغلارنىڭ تىلىدىن، دەريالارنىڭ يۈرىكىدىن دادامنىڭ ئەكس سادالىرىنى يەنە قايتا ئاڭلىدىم.

## توغرا يول

تەسىرلەن دۇنيادىن، تەسىرلەن شېئىرىدىن، تەسىرلەن

ھەممە ـ ھەممىدىن، تەسىرلەن. . .

كۆزۈڭنىڭ قارىچۇقى چىقىپ كەتسۇن، يۈرىكىڭ ئېرىپ كەتسۇن، قانلىرىڭ تېشىپ كەتسۇن، سەن سۆيگەن، سەن يۈرگەن چىغىر يوللاردا، سەن ئۇچقان، سەن قوچقان ئۇشبۇ جاھاندا.

تىلىڭ ئۈزارسۇن گويا يىپ كەبى، يېتىپ بارسۇن چەكسىز قوملۇقلا، گىياھ ئۇنمەس تاقىر دالىغا.

سەن يېگانە دەرەخ، شاخلىرىڭ تېنىڭنىڭ تومۇرلىرى ئىچىدە بار، سەن ئالەمنىڭ نۇرى، سەن قۇياشنىڭ گۈلى. سەن ئاشۇ قەلب ئىچىدە تۇرىسەن پىنھان.

جەزبىدار ناخشاڭنى ئۇرۇقتەك چاچ. ئۇ ئۇنسۇن ئادەملەرنىڭ بېشىدا، مېۋىلىسۇن كۆزلىرىدە. سەن ئېقىپ بارغىن كىچىك دەريادا، ئۇرۇقۇڭنى سۆيگەن دۇنياغا.

توۋلا، بار ئاۋازىڭنى بېرىپ ھاۋاغا.

چۇقان سال، قەلبىڭ يېرىلىپ كەتسۇن ئۆز يېرىڭدە، سەن سۆيگەن ئاسمانىڭدا.

تەسىرلەن دۇنيادىن، تەسىرلەن شېئىردىن، تەسىرلەن ھەممە ـ ھەممىدىن.

ئۆيىقۇڭ روھىڭدا ئۆلۈپ كەتسۇن، ئەندىككەن يۇلتۇزدەك، ئەركىن قولۋاقتەك يۈرۈپ كەتسۇن. قونسۇن كىرپىكىڭگە مۇزدەك سوغ شامال، ئۇ ئۇيقۇنى ئەيلىسۇن قامال.

يۈگۈر، تاغلىرىڭدىن ئېشىپ كەت، دېڭىزىڭدىن تېشىپ كەت. ئارزۇيۇڭدا، ئېتىقادىڭدا پۇتلىرىڭ كەتسۇن سۇنۇپ، ۋۇجۇدۇڭ كەتسۇن قۇرۇپ.

سىرلىق ھايات سېنىڭ قولۇڭدا، غەرق مەست بول ئەقىل يولۇڭدا.

سەن پەقەتلا كىچىك قوڭغۇراق ئىشىك بېشىغا ئېسىلغان، سەن يېتىم بالا شامال بىلەن ئوينىغان. چاچلىرىڭ ئارىسىغا يوشۇرغانسەن پۈتكۈل دۇنيانى، كۆتۈرۈپ يۈردۈڭ مۇھەببەتنى.

شېئىر ئوقۇ، پەزىلەت چېھرىگە چۆمۈلگىن، مۇزىكا دېڭىزىغا قولۇاق سال، سەن دۇنيادا پەقەتلا ئادەم.

تەسىرلەن دۇنيادىن، تەسىرلەن ھەممە ـ ھەممىدىن.

## خەيرلىك ھايات

**ئەي ئانا، سىلاي قوللىرىڭنى ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق، ياقاي يۈزلىرىڭنى مەڭزىمگە مەھكەم، ۋۇجۇدۇڭ ئەنبەرلىرىنى سۆيۈپ ئىشتىياق، مەن گويا قولۇڭدىكى يېشىل يوپۇرماق.**

**قەلبىڭ بىرەر بىر لىرىك ئاھاڭ، زېمىن كەبى ئۇلۇغۋار سۆيگۈ، مەن سۆيگۈدە تۇغۇلغان نۇر تاڭ.**

ئەي ئانا، چاچلىرىڭنى پۈراي قانغۇچە، قەلبىمدە پىغان بار ئۇ بىر ئىسيان، سۆزلەپ بېرەي ساڭا ھەممىنى تاڭلار ئاتقۇچە.

ئەللەي ئەتمە، بولدى بەس ئانا! يامغۇر كەبى، نۇر كەبى تۆكۈۋالاي دەردىمنى ساڭا.

سەن سۈكۈتتە كۆزلىرىڭدە ياش، ئازابىمنى بىلگەندە كۆزلىرىمگە قارىدىڭ ئۇزاق، ۋۇجۇدۇڭدىن ياندۇرۇپ قوياش.

مېھرىبان ئانا، سۆيۈۋالاي ئاتەش لېۋىڭنى، سۆيۈۋالاي زىمىستانىنىڭ قارا بورانلىرىدا ياشناپ تۇرغان دەرىخىڭنى، ئىسسىق ئوت كەبى ئاسمىنىڭدا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزۇڭنى.

سۆيۈۋالاي ھاياتىڭنى، پەقەت ھاياتىڭنى. . .

سەن ماڭا تونۇش، ماڭا دوست، سەن ماڭا يولداش، ماڭا قولداش، ئەي خەيرلىك ھايات.

## باللار ئۆچمەيدۇ

قوياش ئۆچۈپ ئەتراپنى زۇلمەت باستى، ئايمۇ بىر يەرلەرگە كىرىپ كەتتى، يۇلتۇزلار ساقىپ ئىز - دېرەكسىز يوقالدى، گۈلخانمۇ ئۆچتى. كارۋانلارنىڭ قولىدىكى مەشئەل، مەزلۇملارنىڭ ئۆيىدىكى شام، غېرىبلارنىڭ يولىدىكى چىراغ. . . ھەممىسى بىر - بىرلەپ ئۆچتى.

ئۆت ئۆچتى، پەقەت ئوت ئۆچتى. . .
باللار ئۆچمەيدۇ. . . !
باللار ئۆچمەيدۇ. . . ! مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ!

## مۇشكۇلگە تەۋەككۇل قىلىش

تۈنجى سەپەرگە ئاتلانغان چېغىمدا ھېچنېمىنى سەزمىگەنىدىم. بۇ بىپايان تىلسىم ھاياتنىڭ ئاجايىپ خەتەرلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن چاغلىرىمدا ھەممىنى چۈشەندىم.

ئوغلۇم سەپەرگە چىققان چاغدا، مەن ئۇنى قىرغاقتا تۇرۇپ ئۇزىتىپ قويدۇم.

ئۇ كەتتى. ئۇنىڭ مەردانىلەرچە سەپىرىدىن قەلبىمگە ئالەمچە خۇشاللىق ياماشتى. كۆندۈزنىڭ ئاجايىپ ئىسسىق دەھشىتىمۇ ماڭا يېقىملىق تۇيۇلدى.

ئۇ مەندىن خېلىلا يىراقلاپ كەتتى. ئۇنىڭ قارىسى كۆزۈمدىن يىتكەن چاغدا ئۆيۈمگە قايتىپ كىردىم.

بۈگۈن مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كۈنۈم ئىدى. بۇ كۈن

ھاياتىمدىكى يوپيورۇق كۈن ئىدى.

مەن ئوغلۇمنى سېغىندىم، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا مەدەت بەردىم. يولۇڭنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىدە گۆگۈم پەردىسى يېپىلىپ يوللار تۇسۇلۇپ قالسىمۇ، سەن باشقىلاردىن پاناھ تىلەيمەن دېمە، مۇشكۈلگە تەۋەككۈل قىل ئوغلۇم. سەن ئارزۇ قىلغان ھەممە نەرسە پەقەت مۇشكۈل ئىچىدە بولۇشى مۇمكىن.

# سۆيگىنىم سەن قەيەردە؟

سۆيگىنىم، چاقىرغىنىمنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ مۆكۈۋالغان يېرىڭدىن بۇ يەرگە تېز كەل، مەن دىدارىڭنى كۆرۈپ ئازابلىق قەلبىمنى ئارام تاپقۇزاي.

مەن بۇ بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ سېنى چاقىرىۋاتىمەن. قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ناخشا بىلەن چاقىرىۋاتىمەن. سەن يېنىمغا تېخىچە يېتىپ كەلمىدىڭ.

قەيەرگە يوشۇرۇنۇۋالغان بولساڭ قاراڭنى كۆرسەت. ھېچقانداق نەرسە سېنى مەڭگۈ يوشۇرۇپ قالالمايدۇ. مۇھەببەتسىز كۈنلىرىڭنى تاشلاپ بۇ يەرگە تېزرەك يېنىپ كەل.

مەن ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن كىشىلەردىن سېنى سورىدىم. ئۇلار سۈكۈت بىلەن ئۆتۈپ كەتتى، مەن يەنىلا سېنى چاقىردىم.

مەن ئۆيمۇ ئۆي تىلەمچىلىك قىلىپ سېنى ئىزدىگەن بولساممۇ، قۇرۇقتىن قۇرۇق قايتىپ كەلدىم. سېۋەتىمدىكى ئەتىرگۈللىرىممۇ قۇرۇپ قالدى.

بىر كېچە - كۈندۈز ئۆتۈپ كەتتى. مەن قۇرۇپ قالغان دەرەخنىڭ يېنىدا ناخشا ئېيتىپ، سېنى سېغىندىم. تېنىمنى ھارغىنلىق، روھىمنى ئۇيقۇ ئىگىلىدى، خىرەلەشكەن كۆزلىرىم بىلەن يولۇڭغا تەلمۈردۈم. ئەركىن قۇشلار باش ئۈستۈمدىن بىر نىمىلەرنى دەپ ۋىچىرلىشىپ ئويناۋاتىدۇ. ئۇلار سېنىڭ بار يېرىڭنى بىلسە ئىدى، مەن قۇشلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ سېنى تاپقان ۋە باغرىمغا باسقان بولاتتىم. روھىڭغا قوشۇلۇپ يىراقلاردىن، يېزا - قىشلاقلاردىن سېنى ئىزلىدىم، لېكىن سېنى

تاپالمىدىم.

سېنى چاقىرىۋاتىمەن ئۈمىدىم، تېز كەل، قەلبىم سەن ئۈچۈن كۆيۈۋاتىدۇ، ئۇ سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىن تۆكۈلگەن مۇھەببەت ياشلىرى بىلەن ئۆز ئەركىسىنى تاپسۇن.

ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. دەريالاردىكى سۇلارمۇ ئازلاپ قالدى. قىرى دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ يەرگە چۈشتى، بىراق سېنىڭ سايەڭمۇ كۆرۈنمىدى.

نەگىمۇ مۈكۈۋالغانسەن جېنىم، چاقىرغىنىمنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ مەن گۈگۈم پەيتىدە، ئوت - چۆپ بىلەن قاپلانغان ئاشۇ ساھىلدا ئولتۇرۇپ سېنى ئەلەم بىلەن كۈتۈۋاتىمەن.

قايتىپ كەل ئاپپىقىم، مەندە سەن ئارزۇ قىلغان ھەقىقىي سۆيگۈ، ساڭا ھېچ كىشى بەرمىگەن مۇھەببەت بار.

# ھايات شۇ قەدەر گۈزەل

سەن گاڭگىراپ قالدىڭ. كېچىدىكى ئادەمدەك، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى يولۇچىدەك گاڭگىراپ قالدىڭ. كۆز ئالدىڭدىكى چەكسىز باياۋان، دەشت ـ قۇملۇق، قاتمۇقات تاغلار سېنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئەتراپىڭدىكى ئەنسىز ئاۋازلار، يېقىمسىز كۆلكە ـ چاقچاقلار، رەھىمسىز ھىيلە ـ مىكىرلەر سېنى گاڭگىرىتىپ قويدى. سەن ئۆلۈۋاتقان ئادەمدەك تىترىدىڭ، لەۋلىرىڭ قارا كۆزنىڭ غېرىب ياپراقلىرىدەك قارايدى. كۆزلىرىڭ تاشپاقىنىڭ قېپىدەك يېپىلدى. سەن دۇنيادىن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەندىڭ، ھاياتتىن تەئەججۈپ بىلەن ۋاز كەچتىڭ.

لەنەت ساڭا، ئەي ئاجىز ئادەم! مەن سېنى ھاقارەتلىدىم. مەن سېنى مەسخىرە قىلدىم، مەن سېنى ئاگاھلاندۇردۇم.

بىلەمسەن؟ ھايات شۇ قەدەر گۈزەل! سەن ئۇنىڭدىكى يۈكسەكلىكنى، كۈچ ـ قۇدرەتنى، مىسلىسىز ئېنېرگىيە، بايلىقنى ھېس قىلغاندىلا، ئۇ شۇ قەدەر گۈزەل! سەن ئۇنىڭدىكى ئۇلۇغلۇقنى، قىممەتنى، ھەقىقەت ۋە مۇھەببەتنى ھېس قىلالىغاندىلا، ئۇ شۇ قەدەر گۈزەل!

ئەمدى سەن ئۆزۈڭگە ئەقىدە ۋە مۇھەببەت بىلەن يەنە بىر قېتىم قارىغىن! ئەنە شۇ چاغدا ئۆزۈڭنى قايتىدىن چۈشىنىپ قالارسەن.

# ئىنسانىيەت

سەن كېچىنىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسمىنىغا قارىغىن.

ئىنسانىيەت بەئەينى ئاشۇ بىپايان بوشلۇقتا پارلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلار ئاشۇ يۇلتۇزدەك تىنىم تاپماي يورۇپ تۇرىدۇ، مىڭىپ تۇرىدۇ، ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى دەھشەتلىك بوران - چاپقۇن، كۈچلۈك قار - يامغۇر، زاماننىڭ قورال - ياراغلار يوقىتالمايدۇ، قورقۇتالمايدۇ، ئۇلار ئاخىر پەللىگە يېتىدۇ، دۇنيانىڭ ئاخىرىغىچە ياشايدۇ.

سەن قانداق ئويلا، قانداق چۈشەن، بۇ دۇنيانى قان - تەرى ۋە ئەقىدىسى بىلەن يارىتىۋاتقان، بېزەۋاتقان خەلقلەر سىماسى پاك قەلبلەردە يەنىلا ئۇلۇغ! يەنىلا بۈيۈك!

# مەيۇسلەنمىگىن

مەيۇسلەنمىگىن! بۇ مەن ساڭا ئېيتماقچى بولغان ئەڭ ھېكمەتلىك گەپ.

ھاياتلىق يولۇڭدىكى يوشۇرۇن خادا تاشلارغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ كەتكىنىڭدە، ھامان ئورنۇڭدىن قوپۇپ كېتەلەيسەن.

يامغۇرلۇق كېچىدىكى ۋەھىمىلىك ئاۋازنى ئاڭلىغىنىڭدا، بورانلىق قىشتىكى جۇدۇنلۇق كۈنلەرنى كۆرگىنىڭدە مەيۇسلەنمىگىن. قىيامەت دەشتىدە قالغان تۇپراقنىڭ ئاجىز نىدالىرى قۇلاق تۇۋىڭدە ياڭرىغاندا، خورلانغان جاندارلارنىڭ ئاھۇ - زارلىرى كۆكتىن بالقىغاندا مەيۇسلەنمىگىن.

مانا مەن مەيۇسلەنمەيمەن، ھەرگىزمۇ مەيۇسلەنمەيمەن. چۈنكى، چىرايلىق گۈل بەرگىلىرىنىڭ توزۇپ كېتىشى، يېشىل دەرەخلەرنىڭ كېسىلىپ كېتىشى — ئۇ يوقىلىش ئەمەس، قارا بۇلۇتلارنىڭ قۇياش يۈزىنى توسۇۋېلىشىمۇ زۇلمەت ئەمەس.

مەيۇسلەنمەيمەن، ھاياتلىقتىكى ئوڭۇشسىزلىقلارغا، تۇرمۇشتىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرگە مەيۇسلەنمەيمەن. ھەر ۋاقىت، ھەر سائەت ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ ياشايمەن. ھەر قەدىمىمدە كۆڭلۈمنى ئۈمىد ۋە ئارزۇغا تولدۇرىمەن، مۇھەببەت ۋە ئەقىدەمنى ماياك قىلىمەن. ئىرادەمنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى قەدىرلەيمەن. ئارزۇلىرىمنىڭ مەنزىللىرىگە گۈل تېرىيمەن.

مانا مەن مەيۇسلەنمەيمەن.

سەندىن يوشۇرمايمەن، مېنىڭ قەلبىم كۆكى ئىشەنچ يۇلتۇزلىرى بىلەن بېزەلگەن.

# باھار كېلىدۇ

كۆزلىرىڭنى كۆتۈرۈپ بىر باققىنا — بىپايان بوشلۇقتىكى يارقىن يۇلتۇزلارنىڭ ئېتەكلىرىدىن جانغا ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى باھار كېلىدۇ.

ئاق تونغا ئورالغان چەكسىز دالىنىڭ تېرەن باغرىدا يېشىل باھارنىڭ يېقىملىق ناخشىسى جاراڭلاپ تۇرىدۇ.

ئانا زېمىننىڭ ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان جىمجىت دەرەخلەرنىڭ چوڭقۇر قەلبىدىن باھار ھېكمەتلىرى كۆلۈپ تۇرىدۇ.

ئەي غېرىب ئوتۇنچى، قار - مۇز بىلەن قاپلانغان بۇ ئويمان دالىلارغا مەيۇس قارىغىنىڭدا، سەن سۇكۇتكە تولغان شۇ دەقىقىدە باھار پەرىشتىسىنىڭ ئىسسىق تىنىقى ئاشۇ قار - مۇزلارنىڭ ئۇستىۋېشىنى سۆيۈپ ئۆتۈپ كەتتى.

ئەي يىراقلاردىن بەخت ئىزدەپ سەپەر قىلغان يولۇچىلار، سەپىرىڭلار خەيرلىك بولسۇن!

# سۆزلەش

سەن كۆپ سۆزلىدىڭ. كۆپچىلىككە، ئاۋام خەلققە سۆزلىدىڭ. ھەشەمەتلىك چېركاۋلارنىڭ ئېگىز پەشتاقلىرىغا چىقىپ سۆزلىدىڭ. ئېسىل مەسچىتلەرنىڭ مېھرابلىرىدا ئولتۇرۇپ سۆزلىدىڭ. سەن يەنە شەھەرلەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا مېڭىپ سۆزلەيسەن، جىمجىت قىشلاقلارنىڭ پىنھان جايلىرىدا يۈرۈپ سۆزلەيسەن.

سەن ھارماي ـ تالماي سۆزلىدىڭ. ئەپسۇس، كۆپچىلىككە سۆزلىگىنىڭدە ئاڭلايدىغان بىرمۇ ئادەم بولمىدى. يول بويىدا توپا چېچىشىپ ئويناۋاتقان يالىڭاياغ كەپسىز باللار، سېنىڭ ئارقاڭغا كىرىۋېلىپ دادىسى ئۆگىتىپ قويغان تىل بىلەن سېنى تىللىدى. ئۆستەڭلەرگە سۇغا چىققان ئاياللارمۇ سېنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشتى. نەلەرگىدۇر پادىلىرىنى ھەيدەپ ماڭغان پادىلارمۇ سېنى مەسخىرە قىلدى.

سەن سۆزلەۋاتىسەن، دۇنيانىڭ بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگە بېرىپ سۆزلىدىڭ. خەلقلىرى كېسەل ئەللەرگە بېرىپمۇ سۆزلىدىڭ، يامغۇرلۇق كۈندۈزلەر، تۇمانلىق كېچىلەرنىڭ ۋە بورانلىق دالىلارنىڭ دەھشىتىمۇ سېنى توسالمىدى.

سۆزلىرىڭدە دۇنيا ۋە ھايات ھەققىدىكى ھېكمەتلەر چىن ئىنسان بولۇپ، مەنىلىك، ئارمانسىز ياشاش ھەققىدىكى نەسىھەتلەر، پىداكارلىق، ۋاپادارلىق، مېھىر ـ مۇھەببەتلىك بولۇش ھەققىدىكى مەسلىھەتلەر بار. . .

بىلىمەن، سېنىڭ يۈرىكىڭ چەكسىز ئىمتاسلىق ئىچىدە سېنى

سۆيۈپ تۇرغان مۇنبەت تۇپراققا شەيدادۇر.

بىلىمەن، سېنىڭ قەلبىڭ مىسلىسىز قايغۇ ۋە ھەسرەت ئىچىدە ئۆز ناخشىلىرىنى يوشۇرۇۋاتقان دەريالارغا ئاشىقتۇر.

بىلىمەن، سېنىڭ بارلىقىڭ بىر يېنىپ بىر ئۆچۈپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك ئاۋام خەلقىڭگە تالىقتۇر.

سەن سۆزلەۋاتىسەن، چاقماق چاققان شۇ دەقىقىدە، مۆلدۈر ياغقان شۇ مىنۇتتا سۆزلىدىڭ، سېنىڭ يارقىن ھەم سادالىق ئاۋازىڭنى ئۇلار ئاڭلىمىدى. سېنىڭ مەزمۇنلۇق ھەم پىكىرلىك ناخشىلىرىڭغا ئۇلار قۇلاق سالمىدى.

سەۋر قىل، دانالارنىڭ، قەھرىمانلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايدىغانلار چىقىدۇ. ئەقىل چىرىغى چاقنىمىغان قوۋمنىڭ زالالەت دەۋرى پاراسەت ۋە دىيانەتكە ئېرىشكەندە ئاخىرلىشىدۇ.

سەن مەڭگۈلۈك پىكىر، سېنىڭ مەڭگۈلۈك ئېقىن ناخشىلىرىڭ خۇددى تىمتاس دالىدىن ئۇچۇپ كەلگەن قۇياشتەك يىراقلارغا قاراپ ئۇچىۋەرسۇن!

# كېسەللىك

بۇ دۇنيادا ئەقىللىق ئادەملەردىن ئەقىلسىز ئادەملەر كۆپ ئىكەن، ئۇلار قورسىقى تويغانسېرى ھاماقەتلىشىپ، ئۇچىسى سەر خىل كىيىملەر بىلەن ئورالغانسېرى دۆتلىشىپ كېتىدىكەن. ساداقەت ۋە مۇھەببەتتىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان بۇ بىچارە مەخلۇقلارنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى پۇل، مال - دۇنيا، ساختا شان - شۆھرەت بولغاچقا، ھەققانىيەت ۋە ئادالەت يولىدىكى ئادەملەرنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ كۈلكىلىك بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

# يول سوراش

بىر ئەما تۆت يولنىڭ دوقمۇشىدىكى قارا ياغاچ سايىسىدە مىدىر - سىدىر قىلماي تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىدىكى يەنە بىر قارا ياغاچ دەرىخى ئاستىدىكى تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىر دوستۇمنى كۈتمەكتىمەن. كۈن پاتاي دەپ قالدى، ئالدىمىزدىكى يوللاردا باپكارنىڭ موكىسىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلارمۇ ئازلاپ قالدى، ئۇ ياندىن بۇ يانغا، بۇ ياندىن ئۇ يانغا مېڭىشىپ تۇرغان ئادەملەرمۇ ئازلىدى. ئېغىر يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرگەن بىر يولۇچى بىز تۇرغان يەرگە قاراپ كەلدى. ئۇ ماڭا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ھېلىقى ئەما ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ئۆزى بارماقچى بولغان يەرنىڭ قەيەردىلىكىنى سورىدى. ئەما بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ، بىلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. مەن ھېلىقى يولۇچىنىڭ كۆزىگە قاراپ قويدۇم - دە، ئۇ يەردىن كېتىپ قالدىم. چەكسىز ئىزتىراپ ئىچىدە يول يۈردۈم. بۇ ھاياتىمدا ئۇچرىتقان ھەممە ئەزاسى ساق بىر مەخلۇقنىڭ يورۇقلۇقتىن، نۇردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالغان بىر ئەمادىن يول سوراۋاتقىنىدىن تەئەججۇپلەندىم.

دۇنيا بەزىدە شۇنداق ئوخشايدۇ.

# ئەگىشىش

دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى شۇكى، سەن نېمىگە ئەگەشسەڭ، نېمىگە مەھلىيا بولساڭ، شۇنىڭ خۇيىنى ئالىسەن، ئاخىرىدا شۇ بولىسەن. ئىت ئارسلانغا ئەگىشىۋىدى، ئۇ ئارسلان بولدى. ئارسلان ئىتنىڭ كەينىدىن يۈرىۋىدى، ئۇ ئىتقا ئايلاندى. قاغىنىڭ ئارىسىدا چوڭ بولغان بۇلبۇلنىڭ پوق يېمىكى بەرھەق. ئۇنىڭ سايراشلىرىنى زەن سېلىپ ئاڭلىغىنىمىزدا ئۆز قۇلىقىمىزغا ئىشەنمەي قالىمىز. ھەر ھالدا قاغىنىڭ قاقىلداشلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ھايات شۇنداق، ماڭغان يولىمىزدا نېمە ئۇچرىسا شۇنى كۆرىمىز، چىققان تېغىمىزدا نېمە بولسا شۇنى ئالىمىز.

ياشىغان ئىكەنمىز، تۇزۇك ياشىشىمىز كېرەك. «بىر كىچىككىنە دۇنيا بىزگە مەڭگۈلۈك ئەمەس، ئويناپلى، كۈلەيلى، ئىچەيلى» دەپ مەيدە كېرىپ يۈرۈش ئەركەكلىك ئەمەس، «جاپا چېكىپ نېمە قىلىمىز، ئۆگىنىپ نېمە قىلىمىز، پېشانىمىزگە پۈتۈلگەننى كۆرمەيمىزمۇ» دېيىش ئەركەكلىك ئەمەس.

ئەزىمەتلەر نادان ئەمەس، ئۇلار نادانلارنىڭ ئۈمىدسىز تۈۋلىغان شوئارلىرىغا قۇلاق سالمايدۇ. ئۇلار ئەخمەقلەرنىڭ ئويۇن ـ تاماشىلىرىغا قىزىقمايدۇ.

مەن ئەزىمەتلەرگە ئەگىشىمەن! . . .

# ئىككى خىل ئادەم

بەزى ئادەملەر ئۆز ئۆيىدە يىرتقۇچ ھايۋانلارنى بېقىپ چوڭ قىلىدۇ. يەنە بەزى ئادەملەر ئۆيلىرىدە ئاق كۆڭۈل، سەممىمي ئادەملەرنى بېقىپ جەمئىيەتكە قاتىدۇ. مەن شۇنداق ئويلايمەن، بىز ھايۋان دەپ ئاتىغان ياكى ئىپسىل ئادەملەر دەپ ماختىغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى چوقۇم ئادەم.

# بۈيۈك پەلسەپە

ئازغان قوۋمىنىڭ بىر ئاتامانى يەر يۈزىدىكــــى ئەڭ ئۇلۇغ دانىشمەننىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ دانىشمەننىڭ قولىدىكى ساماۋى دەستۇرنى قولىغا ئېلىپ پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ سۆيدى. ئۇ:

— بۇنىڭ ئىچىدىكى ئېگىزلىك ماھىيەتنــى ماڭا سۆزلەپ بەرگىن، مەن ئۇنىڭدىكى جاۋاھىراتلارنى خەلقىمنىڭ ئۇستۇېشىغا چىچىپ ، ھاياتلىق يولىغا يول بەلگىسى قىلاي، — دېدى.

دانىشمەن كەمتەرلىكى ۋە سەمىمىيلىكى مېھىر - رۇخسارىدىن يېنىپ تۇرغان ئاتامانغا قاراپ شۇنداق دېدى:

— زۇلۇم قىلماسلىــق، ئۆزگــــە ھەم ئۆزگــــە زۇلۇم قىلماسلىق، زۇلۇم قىلغانلارغا سۈكۈت قىلماسلىق.

دانىشمەن كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئۇ مۇقەددەس دەستۇرنىــڭ ئېگىزلىك ماھىيىتىنى ئاتامانغا دەپ بولغانىدى.

# سېنىڭدە بىر گۈزەل روھ بار

سەن يىغلىدىڭ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىدىڭ. سەن ئۆيۈڭدىن تۈنجى رەت سەپەرگە چىققان ئاشۇ كۈن، ئاشۇ سائەتتىن تارتىپ يول بويى يىغلاپ ماڭدىڭ. سەپەرداشلىرىڭنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە قاراپ يىغلىدىڭ. دوستلىرىڭنىڭ شەرمەندىلىكىگە قاراپ يىغلىدىڭ. ئادەملەر ئارىسىدىكى نومۇسسىزلىق، ساختىلىق، پەسكەشلىكلەرگە قاراپ يىغلىدىڭ.

مەسچىتلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپمۇ، چېركاۋ ۋە بۇتخانىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندىمۇ يىغلىدىڭ.

قىرائەتخانا، دەرسخانىلاردا يۈرۈپمۇ، كەچكى بەزمىخانا، ئارامگاھلاردا يۈرۈپمۇ يىغلىدىڭ.

سەن يىغلاۋاتىسەن، ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلغان يېتىم باللاردەك يىغلاۋاتىسەن.

سەن يىغلاۋاتىسەن. ئانىلاردەك قىيامەت دەھشىتىدە قالغان، خورلانغان ئانىلاردەك يىغلاۋاتىسەن. شاخلىرى سۇندۇرۇلغان، يىلتىزلىرى كېسىلگەن دەرەخلەرگە قاراپ، ساھىللىرى قۇرۇغان، سۇلىرى توختىغان دەريالارغا قاراپ يىغلاۋاتىسەن.

ئۆلگەن ھايات، مەنىسىز تۇرمۇش، يالغان مۇھەببەتكە قاراپ يىغلىدىڭ، ساختا دوستلۇق، سۇنئىي ئەقىدىلەرگە قاراپ يىغلىدىڭ.

ئۇلار مەۋجۇت بولغاچقا، ئۇنى سەن ھېس قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ قەلبىڭ يىغلىغان!

بىلىمەن، سېنىڭدە بىر گۈزەل روھ بار.

سېنىڭدە ئاق - قارىنى پەرق ئېتمىدىغان، زاۋال ۋە يورۇقلۇقنى ھېس قىلالايدىغان گۈزەل بىر روھ بار.
سېنىڭ قەلبىڭ دېڭىز دولقۇنلىرىدەك خادا تاشلارغا غەزەپ بىلەن ئۇرۇلماقتا.

# بىر بالىنىڭ ئىلتىجاسى

ئېغىزىدىن ئانا سۈتىنىڭ ھىدى يېنىپ تۇرغان بىر بالا تەڭرىگە شۇنداق ئىلتىجا قىلدى:

ھاراقكەشلەرنى سائادەتمەن كىشىلەرگە ئايلاندۇرغىن، نەشكەش چېكەرمەنلەرنى ۋاپادارنىڭ يولىغا ماڭدۇرغىن؛ ئوغرى، قاراقچىلارغا ئېھسان، ھىدايەت بېرىپ دۇرۇس ئادەملەرنىڭ قاتارىغا قوشقىن؛ زىناخور، تەمەخورلارنى گۈزەل ئەخلاقلىقلارغا دوست قىلغىن. ئەي تەڭرىم! توغرا يولدىن ئاداشقان دادامنىمۇ بىزنىڭ يېنىمىزغا قايتۇرۇپ كەلگىن!

مېھرىبان ئانا ئوغلىغا قاراپ ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى.

# ھەقىقىي دوست

ھەقىقىي دوست كىم؟

بۇ دۇنيادا سېنى ھەممىدىن بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان، چۈشىنىدىغان، سۆيىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان، سېنىڭ ھەممە ئارتۇقچىلىقىڭنى، ھەممە كەمچىلىكىڭنى بىلىدىغان ئادەم.

بۇ دۇنيادا سېنى قوللايدىغان، بارلىقى بىلەن قوغدايدىغان، ساڭا ئەقىدە قىلىدىغان، ساڭا مۇھەببەت بېرىدىغان، مەرتىۋە ۋە سالاھىيىتىڭنى تىكلەيدىغان ئادەم.

شۇنىڭ ئىچىدە ئايالىڭمۇ بار. سەن ئۇ مەزلۇمگە قانداق قارىغىن ياكى ئۇنى قانداق چۈشەنگىن، ئۇ مەڭگۈ ئائىلە ئۈچۈن غەمخانە، بالىلار ئۈچۈن گۈلخانە، سېنىڭ ئۈچۈن نۇرخانە!

مانا ئۇ سەن ئىزدەپ يۈرگەن يەنە بىر دوست .

# دادام ۋە بىز

دادام غەزەپلىك ئادەم ئىدى. تەڭسىزلىككە سۈكۈت قىلىدىغان مەزلۇم سۈپەت ئەرلەردىن بولمىغاچقا، يۇرتىمىزدا ھەممىلا ئادەم دادامنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىپ، ئۇنى «مۇلايىملىقتا قويدەك، جەسۇرلۇقتا ئارسلاندەك، باتۇرلۇقتا يولۋاستەك، غالىبلىقتا شىردەك ئەزىمەت» دەپ ماختايتتى.

بىز ئەقلىمىزنى تاپقاندا، دادامنىڭ ھەقىقەتەن كىشىلەر تەرىپلىگەندەك سۈپەتكە ئىگە ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق. دادامنىڭ بۇ خىل سۈپىتى بالىلارغا تەسىر يەتكۈزدى. بىز ھەممىمىز دادامدەكلا مەغرۇر، مەردانە چوڭ بولدۇق. بىزگە تېگىل بولغان ھاياتنى قەدىرلىدۇق، دۇنياغا ئەقىدە قىلدۇق، ئىنسانىيەتكە مۇھەببەت بىلەن قارىدۇق. زۇلۇم ۋە ھاقارەتلەرگە سەۋر قىلمىدۇق. دادام بىزدىن رازى بولدى. ئۇ ھاياتىمىزدىكى بارلىق خىزمەتلىرىمىزدىن رازى ئىدى. ھېلىھەم دادامنىڭ يولىدا كېتىۋاتىمىز. چۈنكى، ئۇنىڭ يولى دۇنيادىكى بارلىق ئاتىلارغا ئۈلگە بولالايدىغان ئەڭ توغرا يول ئىدى.

# ئادەمنىڭ باھار پەسلى

خېلى ئۇزۇن يىللار كۆرۈشمىگەن بىر دوستۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ شۇنداق ئېسىل، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيگەن بولۇپ، سالاپەتلىك كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئەمما، چېھرىدىن بىر خىل تەپەككۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. بىرنەچچە مىنۇتلا پاراڭلاشتۇق، ئۇ ئالدىراشلا كېتىپ قالدى.

مەن يولدا كېتىۋېتىپ ئۇ دوستۇمنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىنى ئويلاپ قالدىم. ئۇ چاغلاردا ئۇ كەمتەر، مۇلايىم، چىقىشقاق ئىدى. كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندا مېھرىدىن نۇر ياغاتتى. بىراق، بۈگۈن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى گۈزەل سۈپەتلىرىنى ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىدىن ئىزدەپ تاپالمىدىم. پۇل، ھوقۇق، مەرتىۋە، ئىمتىيازلار ئۇنىڭ ئىنسانلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان بارلىق ئېسىل سۈپەتلىرىنى قارا بۇلۇتتەك توسۇۋالغانىدى.

شۇنداق، ئادەم ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ. تەقدىرنىڭ، ۋەتىنىنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغىنى پەقەتلا ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىنى ساقلاپ قالالايدىغان ئادەملەردۇر. مانا بۇ ئادەملەرنىڭ باھار پەسلى .

## ئەگەر سەن ئۆز تۇرمۇشۇڭدىن مەمنۇن بولساڭ...

ئەقىدە ۋە مۇھەببەت بىلەن چوڭ بولدۇڭ، باھار تەبىئەت دۇنياسىغا يېشىللىق بەخش ئەتكىنىدەك، مۇھەببەت ۋە ئەقىدە پۈتكۈل ھاياتىڭنى گۈزەللىك لىباسىغا ئوراپ، سېنى بەختىنىڭ ئىللىق دالاسىدا يايراتتى، ساڭا نېسىپ بولغان ئەقىل ـ پاراسەت خەزىنىسىنىڭ ئۈنچە ـ مەرۋايىتلىرى سېنى تاكامۇللاشقان ئادەملىكنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈردى. سەن زېمىندا كىشىلەر تەرىپىدىن يۇقىرى سانالدىڭ، ۋەتەن، يۇرتتا ھۆرمەت تاپتىڭ.

ئەگەر سەن بۇ خىل تۇرمۇشۇڭدىن مەمنۇن بولساڭ، ساڭا ھەممە نەرسىنى بەرگەن، سېنى شۆھرەتلىك قىلغان، ئەزىز ۋە ئۇلۇغلۇق چوققىسىغا ئېلىپ چىققان ئاتا ـ ئاناڭغا تەشەككۈر ئېيت، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈر، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئەستايىدىل چاقىرىپ تۇر، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى بىر ئۆمۈر قەدىرلە. چۈنكى، ئۇلار سېنى بار قىلدى. چۈنكى، ئۇلار سېنى ھاياتلىقتىكى بارلىق بەختكە يار قىلدى.

# قاراڭغۇ پەيت

قاراڭغۇ پەيت.
بىر نىيەت ـ مەقسەتتە توپلانغان چەۋەندازلار ئورمانلىقتىكى يېگانە كەپىدە زۇلۇم ۋە زالالەتكە قارشى ئەركىنلىكنىڭ مەخپىي ئارخىپىغا ئىمزا قويۇشتى، قانلىرىنى ئاققۇزۇپ، ئۆلۈم ئالدىدىمۇ باش ئەگمەسلىككە ۋىجدان قاچىسىدا قەسەم شارابىنى ئىچىشتى.
قاراڭغۇ پەيت.
ئەقىل ۋە ئىماندىن ئازغان ئادەملەر يەر ئاستى بەزمىخانىسىدا يېشىل ئىچىملىكلىرىنىڭ جەزبە ۋە كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن ۋەھىملىك رىتىملىرىغا مەستخۇش بولۇپ، غازاڭ پەسلىدەك بىئەتىۋار مۇھەببەتنىڭ ئەركىلەشلىرىگە غەرق بولۇپ كېتىشتى.
قاراڭغۇ پەيت، ئويغاق ئىنسانلارنىڭ گۈزەل كېلەچىكىنى يارىتىدۇ. قاراڭغۇ پەيت، يەنە زالالەت يولىدىكى گۇمراھ ئادەملەرنىڭ مەڭگۈلۈك ھالاكىتىنى ئاپىرىدە قىلىدۇ.

# ئازغۇنلۇق

دانىشمەنلەر ئەقلىدىن ئېزىپ قەدىمىي ئۇلۇغ ھەقىقەتلەردىن يۈز ئۆرۈگەن چېغىدا، ئازغۇنلارنى دوست تۇتىدۇ. سانغۇن، سەردارلار ئۆزگە ۋە مۇقەددەس قوشۇنغا بولغان ئىشەنچنى يوقاتقىنىدا ئەتراپىدىكى تۈزكورلاردىن يول سورايدۇ.

بىر قوۋمدىكى ئازغۇنلۇق ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

# مۇقەددەس سەپەر

پۇل، مال ـ دۇنياغا زىيادە ھېرىسمەن ئادەم ئۇنى ئىزدەپ سەپەرگە ئاتلاندى. ئەس ـ يادى ۋە ۋۇجۇدى بىلەن سەپەر قىلغان ئۇ پۇلخۇمار ئاخىر تۈگىمەس بايلىقلار خەزىنىسىنى تاپتى.

زىمىستان سوغۇقىنىڭ نەشتەردەك ئاچچىق ئازابلىرىغا سەۋر قاچىسى توشقان ئادەملەر ھاياتلىق، گۈزەللىك ۋە ئاسايىشقا تولغان گۈللەر خۇشپۇراق چېچىپ، لاتاپەتلىك مېھرىدىن نۇر سۈمۈرگەن يېشىل دۇنيانى ئىزدەپ سەپەر قىلدى. چىدىغۇسىز جاپا ـ مۇشەققەتلەر، يەتكۈسىز دەرد ـ ئەلەملەر ئۇنىڭ قەدەملىرىگە تاغ ۋە باياۋان بولغان بولسىمۇ، ئۇ ئاخىر باھارنى تاپتى.

ئىلىم ـ ئېرپان ئىزدىگەن ئادەم خۇش پۇراق، رەڭدار گۈللەر نۇر تۆكۈپ تۇرغان گۈزەل مەرىپەت باغچىلىرىغا كىرمەي قالمايدۇ.

دېمەك، سەپەر — ئۇلۇغ قەدەم. نېمىنى كۆزلەپ، نېمىنى ئىزدەپ يول يۈرىدىكەنمىز، شۇنىڭغا ئېرىشمەي قالمايمىز.

قېنى سەنمۇ تەۋەككۇل قىلىپ باق، بۇ ھاياتلىق بۇلۇڭىدا ئىشقىلىپ بىرەر نەرسىگە ئېرىشىسەن، سائادەتكە ياكى نادامەتكە.

# ئۆكۈنۈش

قولۇمغا قەلەم ئالغان شۇنچە يىللار ئىچىدە گۈل ۋە تىكەننى يازدىم. ئىتتىنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرى ئارىسىدا جان تالىشىۋاتقان ئاسلانچاقنىڭ ئېچىنىشلىق ئاھۇ زارلىرىنى يازدىم؛ بۆركۈتنىڭ كۈچلۈك تىرناقلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان ياۋا توشقاننىڭ جان تالىلىشىنى يازدىم؛ گۇمراھ بولغان ئىمپېرىيىلەرنى، گۇناھ ۋە زالالەت تۇپەيلى يەرنىڭ تېرەن قاتلىمىغا كۆمتۈرۈۋېتىلگەن تراگېدىيىلىك ھايات ۋە ماماتنى يازدىم، بەلكى ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە يازارمەن. ئەپسۇس، يازمىلىرىم مېنىڭدىن باشقا ئادەمنىڭ قەلب ئېكرانى بىلەن دىدارلىشىپ باقمىدى.

# سۈكۈت مەرسىيىسى

يىغلىما يۈرىكىم، سانسىز قەبرىگە،
ئۇ پاتقان سۈكۈتكە، سۈكۈتتە ئۆتەر.
شاۋقۇننى مىراس قىپ قالدۇر نەۋرىگە.
قەبرىنىڭ تېشى ھەم ئىچىمۇ ئۆلەر!

بۇ، بىراۋنىڭ ئاشۇ كونا دۇنيا قالدۇرۇپ كەتكەن كونا تامغا يۆلىنىپ ئېيتقان كونا ناخشىسى.

بىراق، ئاشۇ ھاياتلىق دۇنياسىدىكى چالا ئۆلۈكلەر ئۇنىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى قەدىرسىز كۆرۈپ، گويا ۋابا كېسىلىنى ئېلىپ كېلىدىغان قارا بورانغا دۇچ كەلگەندەك تىترەشكە باشلىدى. بۇنداق تېنى بار، جېنى يوقلار ئاز ـ تولا مىدىرلاشنى بىلىدىغان ئادەملەردىن ئىنتايىن نەپرەتلىنەتتى.

ئۇ يا يىغلاشنى يا كۈلۈشنى بىلمىگەن ھالدا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتەك، بۇ جانسىزلار ئالىمىگە قارىدى.

ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، كونا قېرى سۆگەتنىڭ ئاچىمىقىدىن ھاسا ياساپ، قېرىلىق چاپانلىرىنى ئۇستىگە ئارتقىنىچە قەبرىلەر دۇنياسىغا يۈرۈپ كەتتى.

يۈز مىڭلىغان جانسىزلارنىڭ جىمجىت ماكانى بولغان بۇ قەدىمىي گۆرىستانلىقتىكى رەت ـ رەت قەبرىلەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قەلبى ئۆلگەن قەلبىنىڭ ئۆتمۈشتىكى سېغىنىشنى ئەسلەپ، قاتتىق ئازاب ھېس قىلدى، ئۇ ئۇچقۇر ئاتلارغا ئوخشايدىغان كۆڭۈل سۆزلىرىنى بەيگە مەيدانىدىكى ئەركىن دالىغا قويۇۋەتتى.

قەبرىلەر، سىلەرنىڭ ئىنسان كۆڭلىنى بىئارام قىلىدىغان سوكۇتلىرىڭلارغا ئاداققى ئارمان سۈپىتىدە نامايىش قوزغىسام، سىلەر ئويغىنامسىلەر؟ يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان مۇنچاق ـ مۇنچاق ياشلىرىمدىن قاغجىرىغان يۈرىكىڭلارنى قاندۇرۇپ تىرىلەرسىلەرمۇ؟ ياش ئانىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغۋار ئارمانلىرىغا مەلھەم بېرىش يۈزىسىدىن بولسىمۇ سىلەرنىڭ ئۇيقۇڭلارغا خاتىمە بېرىلىدىغان كۈنلەر كېلەرمۇ.

مەن ئانام كۆزۈمنى ئېچىپ قويغان كۈندىن تارتىپ مۇشۇ مىنۇتقىچە سۈكۈتلۈككە مەرسىيە ئوقۇپ، شاۋقۇننى تەرغىب قىلىۋاتقان ئىلاھنىڭ ئوڭ قول پەرىشتىسىمەن. ئىلاھ مېنى زېمىنگە ئەۋەتكەندە قۇلىقىمغا ئاستا پىچىرلاپ: خورلۇق كانىيىغا پىچاق بولۇپ سۇركىلىۋاتسىمۇ تاتلىق چۈش كۆرۈپ ئۇخلاۋاتقانلارغا ئەركىنلىك، ئويغىنىش ناخشىسىنى ئوقۇپ بېرىپ، قۇرتچىلىكمۇ مىدىرلاشنى بىلمەيدىغان، ئەجدادقا ھاقارەت، ئەۋلادقا داغ تەگكۈزۈۋاتقانلارنى قوزغىغىن» دېگەنىدى.

مەن ئىلاھنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىدىم، لېكىن سىلەر ئۈچۈن ئوقۇغان مەرسىيىنامىدىن خۇشاللىنىمەن. گەرچە سىلەرنىڭ قاتارىڭلارغا قوشۇلۇپ كەتسەممۇ بۇ رەزىل دۇنيادىن بىئارمان كېتىمەن. ئۇ شۇنداق سۆزلەرنى قىلىپلا كۆزدىن غايىب بولدى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ يۈگۈردۈم. جاراڭلىق ناخشىنىڭ ياڭرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ يۈگۈرمەكتىمەن. يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىمەن.

# مۇكەممەل ئادەم بولۇش كېرەك

مەن شۇنداق ئويلايمەن ، مۇكەممەل ئادەم بولۇش كېرەك. ئىنسانىي پەزىلەت جەھەتتە مۇكەممەل ئادەم بولۇش ئالەمدىكى شەيئىلەر مۇكەممەللىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر. ئۇنداق ئادەملەرنىڭ ۋىجدانى بالاغەت تاپقان، غۇرۇرى يېتىلگەن بولىدۇ. ئۇلار زامانىنىڭ مەشئىلى بولۇپ، ئازغانلارغا يورۇقلۇق بېرىدۇ، ئۇخلاۋاتقانلارنى ئويغىتىدۇ؛ موھتاجلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ، دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە يېتىدۇ؛ ناتىۋانلارنىڭ سۇنغان كۆڭلىنى ئالىدۇ؛ بالىلارنىڭ ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ؛ سورۇنلاردا كىشىلەرگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ساقلايدۇ. ئائىلىسىنىڭ، مەھەللىسىنىڭ، يۇرتىنىڭ، ۋەتىنىنىڭ ئىپپىتىنى قوغدايدۇ. ئۇلار ئۆز بېشىغا كەلگەن بارلىق قىسمەتلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن يېڭىدۇ. زۇلۇمغا، ھاقارەتكە، خورلۇقلارغا سۈكۈت قىلمايدۇ. مەن شۇنداق ئويلايمەن: بارلىقىنى، ھەممە نېمىسىنى ئۆز خەلقىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىستىقبالىغا بېغىشلىۋەتكەن ۋە بۇ يولدا قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان مۇكەممەل ئادەم بولۇش كېرەك. كېسەل خەلقلەردىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. كېسەل خەلقلەرنىڭ ئېتىقادىمۇ، ئىمانىمۇ كېسەل. كېسەل خەلقلەردىن مۇكەممەل ئادەم چىقمايدۇ. ئۇلار توشقان يۈرەك بولغاچقا، توشقاندەك ھايات كەچۈرىدۇ، زوراۋانلىققا قارشى تۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ روھىنى قۇللۇق چىرمىۋالغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ روھىنى غالچىلىق، ساتقىنلىق، مۇناپىقلىق چىرمىۋالغان بولىدۇ. ئۇلار

ئۆزلىرىگە ئىشەنمەيدۇ. ئېتىقادىغا، ئىمانىغا ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار ئاتا - ئانىسىغا، قېرىنداشلىرىغا، دوست - يارەنلىرىگە، قولۇم -قوشنىلىرىغا ئىشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبى قېقىرساي، ئۇلارنىڭ روھى بۇلغانغان ھاۋا، ئۇلارنىڭ يوللىرى زالالەت ھەم گۇناھ. . .

ئۇلار مۇكەممەل ئادەملەرنىڭ توغرا سۆزلىرىدىن قاچىدۇ. توغرا سۆزلىرىگە ئىشەنمەيدۇ. توغرا سۆزلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ.

مەن شۇنداق ئويلايمەن: مۇكەممەل ئادەم بولۇش كېرەك. روھىي جەھەتتە يېڭىلمەس ۋە ئېگىلمەس كۈچكە تولغان ئادەم بولۇش كېرەك. دۇنيادىكى بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئەنە ئاشۇ كۈچ يارىتىدۇ. تېرىقتەك چېچىلغان ئادەملەرنى ئەنە ئاشۇ كۈچ بىر يەرگە يىغىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر سابىت
مېھرىگۈل ئۇبۇلقاسىم
مەسئۇل كوررېكتورى: مۇنىرە مۇساجان

ئىبراھىم ئالىپ تېكىن ئەسەرلىرى (1)
ئاپتورى: ئىبراھىم ئالىپ تېكىن

*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خۇڭتۇ باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
قىستۇرما ۋارىقى: 6 باسما تاۋىقى: 13.625
2005 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىلى 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ISBN 7—228—09343—7
ئومۇمىي باھاسى: 60.00 يۈەن
يەككە باھاسى: 20.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

مەن شۇنداق ئويلايمەن ، مۇكەممەل ئادەم بولۇش كېرەك. ئىنسانىي پەزىلەت جەھەتتە مۇكەممەل ئادەم بولۇش ئالەمدىكى شەيئىلەر مۇكەممەللىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر. ئۇنداق ئادەملەرنىڭ ۋىجدانى بالاغەت تاپقان ، غۇرۇرى يېتىلگەن بولىدۇ. ئۇلار زامانىنىڭ مەشئىلى بولۇپ ئازغانلارغا يورۇقلۇق بېرىدۇ. ئۇخلاۋاتقانلارنى ئويغىتىدۇ. موھتاجلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ. دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە يېتىدۇ. ناتىۋانلارنىڭ سۇنغان كۆڭلىنى ئالىدۇ. بالىلارنىڭ ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. سورۇنلاردا كىشىلەرگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ISBN 7-228-09343-7
9 787228 093434 >

ISBN 7-228-09343-7
(民文)总定价(三册):60.00元